

# كۆك يىلان

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

# كۆك يىلان

(جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش يازغۇچىلىرى پوۋېستلىرىدىن تاللانما)

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات قېيۇم نۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

蓝蛇：维吾尔文 / 周海亮等著；迪力夏提·克依木译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，新疆电子音像出版社，2013.1
ISBN 978-7-5469-3412-9

Ⅰ.①蓝… Ⅱ.①周… ②迪… Ⅲ.①中篇小说－小说集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 009078 号

责任编辑：乌尔古丽·努热克
封面设计：阿扎提·巴拉提
审　　定：亚森·吾不力哈斯木

**蓝蛇**（维吾尔文）

| | |
|---|---|
| 作　者 | 周海亮 等 |
| 译　者 | 迪力夏提·克依木·努尔 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 7 号 |
| 邮　编 | 830011 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 制　作 | 乌鲁木齐标杆集印务有限公司 |
| 印　刷 | 乌鲁木齐市科恒彩印有限公司 |
| 开　本 | 880 毫米×1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 8.875 |
| 版　次 | 2013 年 1 月第 1 版 |
| 印　次 | 2013 年 3 月第 1 次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-5469-3412-9 |
| 定　价 | 22.00 元 |

# مۇندەرىجە


ھۇجرىدىكى سىرداش .................. لى يۈفېڭ 1

كۆك يىلان ................. جوۋ خەيلياڭ 85

مېھىرلىك پونكىت .................. شۆ يەن 157

كىرېسلو ................. ۋاڭ شيۇمېي 205

لى يۆفېڭ

# ھۆجرىدىكى سىرداش

(پوۋېست)

# 1

مەن لى يا بىلەن دالىيەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق
دوستلار يىغىلىشىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ قېتىملىق ۋاقىتسىز
ئۇچرىشىشىمىزدىن بىر خىل مۇقەررەرلىكنىڭ ھىدى گۇپۇلداپ
پۇراپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىر ـ بىرد-
ىمىز بىلەن كۆرۈشۈش ئويىمىز يوق ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا
مەن يېشىمنى يەنە قەستەن ئوتتۇز ئىككى ياش دەپ مەلۇم قىلدىم.
بۇلتۇرمۇ ھەتتا ئوزامۇ مۇشۇ ياشتا ئىدىم. تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ بۇ
سىرىمنى بايقاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم. قاچانلاردىن
باشلاپ بىرنەچچە يىلدا بىر ياشقا كىرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى
ئەسلىيەلمەيتتىم. ئېھتىمال ساماۋى پەلەكتىكى پەرىشتىلەر ياكى
سەلتەنەتلىك پادىشاھلارلا يېشىنى شۇنداق ھېسابلايدىغاندۇر...

قىياسىمچە، لى يا مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تېخىمۇ خالىمايت-
تى. ئېھتىمال، ئۇ كۆڭلىدە ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن ئويۇلۇ-
ۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. يىغىنچاقلىغاندا، ئىككىمىز بۇ سورۇندا
ئۇچرىشىپ قالماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئېرى
بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. بەزى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىمەك ھە-
قىقەتەن تەس ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، لى يا ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا لى يا چېچىغا دائىم

لېنتا چىگىۋالاتتى. لېنتىنى بەزىدە كېپىنەكنىڭ، يەنە بەزىدە ئاپتاپ-پەرەسنىڭ شەكلىنى چىقىرىپ چىگىۋالاتتى. بىر قېتىم سىنىپتىكى-لەر تەشكىللىنىپ دالا سەيلىسىگە چىقتۇق. كۆتۈلمىگەندە، لى يا ئىككىمىز توپتىن ئايرىلىپ قېلىپ تاغدىكى ئورمانلىقتىن زادىلا چىقىپ كېتەلمىدۇق. قورقۇنچلۇق شۇنداقلا جاپالىق بولغان بىرقاتار جەريانلارنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ساۋاقداشلار بىلەن ئاران دېگەندە تېپىشتۇق. شۇندىن كېيىن ئارىمىزدىكى ئادەتتىكى ساۋاقداش-لىق مۇناسىۋىتىمىز يېقىن دوستلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلغانىدى. ھېچ بولمىسا مەن شۇنداق دەپ قارايتتىم. مەن ئۇنى دائىم ئۆيىمىزگە ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتىم. ھەر قېتىم ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىدە دائىم سىنىپىمىزدىكى باشقا بىر قىز ساۋاقدىشىمىزنى باشلىۋالاتتى. كېيىنچە، ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئاشۇ قىزلا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى بارا - بارا ھېس قىلىپ قالدىم...

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزچە، خىز-مەتكە چۈشكەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ساۋاقداشلار يىغىلى-شىدا يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىزنىڭ سوغۇرتا شىركىتى بىلەن لى يا ئىشلەيدىغان ماددىي ئەشيالار شىركىتىنىڭ بىر بىنادا تۇرۇقلۇق، بىر - بىرىمىز بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ باقمىغىنىمىزدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، كۈلۈشۈپ كەتكىنىمىز ھازىرقىدەك يادىمدا. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىز سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق...

كېيىنچە مەن باشقىلار ئارقىلىق سۇ لىن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. گەرچە بىز بۇ چاغدا ئالللىبۇرۇن ھېسسىياتىمىز ئۇرغۇپ تۇرغان يېگى دەۋر ياشلىرىدىن بولۇپ قالغان بولساقمۇ، لېكىن كۆ-

ڭۈلگە بېرىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ باقمىغانىدۇق. بۇ ھالەتنى ئۆزئا-
را ھۆرمەت ۋەياكى خىجىل بولۇش نۇقتىسىدىن تۇرۇپمۇ، چۈشەندۈ-
رۈپ كېتەلمەيتتىم. بەزىدە بۇنىڭ جاۋابىنى ئېھتىمال پەقەت تەڭرىلا
بېرەلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تولىمۇ تەبىئىي تۈس ئالغانى-
دى. بۇ جەريانلاردا بىز بىرنەچچە قېتىم كىنو كۆرگەن بولدۇق. ھەر
ئىككىلىمىزلا رازۋېدكا فىلىملىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتۇق.
بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتۇق. ئارقىدىن ئۇ مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قو-
ياتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇ لىن ماڭا بىلەزۈك سوۋغا قىلدى. ئۇ
بۇ سوۋغىنى كەچلىك بازاردىكى يايمىچىدىن سېتىۋالغانىدى. بىز ئۇ
يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز بىلەيزۈككە كۆزۈم چۈشۈپ
باھاسىنى سوراپ باققانىدىم. بىلەزۈك يېشىل رەڭلىك مارجانلار تىز-
مىسىدىن بولۇپ، قاشتېشىدەك تولىمۇ چىرايلىق ۋە سىپتا كۆرۈنەت-
تى. بىلەزۈكنىڭ ئەسلىي باھاسى 18 يۈەن بولۇپ، سۇ لىن ئۇنى 10
يۈەنگە سېتىۋالغانىدى. گەرچە مەن بۇ سوۋغىدىن ئۈنچىلىك خوشال
بولۇپ كەتمىگەن بولساممۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى قولۇمغا سېلىۋالدىم.
ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنى دەل مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. لېكىن، بۇ
ھەقتە مەن سۇ لىنغا ئەسكەرتمىگەنىدىم. ئۇنى ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈر-
گەن بولسام، ئۇنىڭ ماڭا بىرەر دەستە گۈل سوۋغا قىلىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. ئۇ ماڭا بۇ بىلەزۈكنى سوۋغا قىلمىغان تەقدىردىمۇ،
مەن ئۇنى چوقۇم سېتىۋالغان بولاتتىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر كىشى-
نىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە نەرسە كېرەك سېتىۋېلىپ، ئۆز كۆڭلىنى
خوشال قىلىشى بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال ئەلۋەتتە. ئارقىدىن بىز ئاد-

تىمىز بويىچە كىنو كۆردۇق، تاماق يېدۇق، ئاندىن ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى. ئەينى چاغدا ھېلىقى بىلەزۈكنى لى يا كۆرگەنىدى. مەن بىلەزۈكنى خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان دەپ ئۇنىڭغا كۆز-كۆز قىلغىنىم ئېسىمدە...

بىركۈنى سۇ لىن ئىككىمىز كىنوخانىدىن چىقىۋېتىپ لى يا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇنىڭ سۇ لىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق باھا بەرگەنلىكى تازا ئېسىمدە يوق، ھەرھالدا ئۇنىڭ بىزنى ئاللىبۇرۇن ئەر-خوتۇنلۇق دەرىجىسىگە بېرىپ بوپتۇ، دەپ گۇمانلانمىغانلىقىدىن خوشال ئىدىم. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە ئەڭ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغىنى يەنىلا مېنىڭ مومام ئىدى. مومام خۇراپىي ئايال بولغاچقىمىكىن، ئۆزىگە خاس بىرقاتار نىكاھ پەلسەپىسى بار ئىدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، - مومام مۇناسىۋىتىمىزدىن خەۋەر تېپىپ مېنى ئىلھاملاندۇردى، سەن ھېلىقى ئاقپېشمىقىڭ بىلەن تولىمۇ ماس كەلگۈدەكسەن! مۆچىلىڭلار نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەن يىلان مۆچەللىك، سۇ لىن سېنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ بولسا توشقان مۆچەللىك دېگەن گەپ! يىلان بىلەن توشقان بىرلەشسە، كېلەچەكتە باي بولۇپ كېتىشىڭلارغا گەپ كەتمەيدۇ...

كىچىك چاغلىرىمدىلا مومام خۇددى پىرىخونلاردەك ئالىقىنىمنى ئېچىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. مەن شۇ چاغلاردا مومامنى چۆچەكلەردىكى چوڭ سۇپۇرگىگە مىنىۋېلىپ، كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان ھېلىقى قېرى مومايغا بەكلا ئوخشىتاتتىم. ھالبۇكى، بىچارە مومام ھەتتا ئايروپىلاننىڭ يېنىغىمۇ بېرىپ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدە ئەڭ كۆپ قىلغان بىردىنبىر ئىشى، ئالىقىنىمدى-
كى مۇرەككەپ سىزىقچىلارغا قاراپ نەۋرىسىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا
تەبىر بېرىش ئىدى. كىشىلىك ھاياتتا كىممۇ ئۆز جۈپتىنىڭ ۋاپادار،
تۇرمۇشىنىڭ باياشات، كەلگۈسىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى خالىمايدۇ،
دەيسىز؟

مومام ھەر قېتىم ئالىقىنىمغا باققاندا توختىماي دۇرۇت ئوقۇيت-
تى. ئۇنىڭچە بولسا توخۇ ۋە ئىت مۆچەللىكلەر توي قىلسا چىقىشال-
مايتتى. يولۋاس بىلەن يىلان مۆچەللىكلەر تۇرمۇشلۇق بولسا
بەختلىك بولالمايتتى. ناۋادا يىلان بىلەن توشقان مۆچەللىكلەر بىرگە
بولسا باي - باياشات، يىلان بىلەن چاشقان مۆچەللىكلەر توي قىلسا
تولىمۇ ماس كېلەتتى. مومام مېنىڭ توشقان ياكى چاشقان مۆچەللىك
يىگىت تېپىشىمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى...

مومام توشقان مۆچەللىك سۇ لىن بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقىمى-
دىن خوشال بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇ لىن بىلەن
ئىدارىمىز ئالدىدا يەنە ئۇچراشتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ ماڭا ئۆيدى-
كىلىرىنىڭ ئۆزىنى توي قىلىشقا زورلاۋاتقانلىقىنى پۇراتقاندى. مەن
بۇ كۈننىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىراق ئۇنىڭ
گېپىنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ توي قىلىدىغان ئوبيېكتى ھەر-
گىزمۇ مەن ئەمەستەك قىلاتتىم. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە
نەپرەت بىلەن تىكىلدىم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئالدىغا-
نىدى. ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا ئاقلاپ يۈرۈشى بى-
ھاجەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەنە شۇنداق
ئۈن - تىنسىزلا ئاخىرلاشقان بولدى. ناۋادا توي قىلغان بولساقمۇ

بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ نەتىجىسى بەكلا ئاددىي، يەنى بالىلىق بولۇش ۋە ئۇنى قاتارغا قوشۇشتىنلا ئىبارەت بولاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايدىڭ ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىر مەزگىل ئارىلاشقان بولغاچقا، كۆڭلۈم ھەقىقەتەن ئازار يېگەنىدى. بۇ ئىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىزمىتىمگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. چۈنكى، مەن بىر پارچە سۇغۇرتا تالوننى خاتا تولدۇرۇپ قويۇپ، شىركەتنى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتاقاندىم. شۇ سەۋەبتىن ئىشتىن بوشىتىلدىم. شۇ كۈنى كېچىدە مەن لى ياغا تېلېفون بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ماڭا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنلىكىنى داتلاپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. لېكىن، لى يا مەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆز لىنىنى بىرەر ئېغىز بولسىمۇ تىللاپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا بىرەر ئېغىز بولسىمۇ تەسەللى بېرىپ قويمىدى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ لى يانىڭ قەستەن بىغەم بولۇۋېلىشىغا قاراپ، ئۇنىڭمۇ تېخى ياتلىق بولمىغان قېرى قىز ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى توغرا چۈشەنگەن بولدۇم...

ئارىدىن بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى تاللا بازىرىغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى بېرىپ، سۆ لىن بىلەن لى يانى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چۈنكى، بىر قاراشتىنلا لى يانىڭ ھامىلدارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن يوشۇرۇنچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتۇم. ئۇلار ئۇششاق يېمەكلىكلەر تىجارەت رايونىغا كېلىپ، بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى، ئۇلارنىڭ ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالمايتتى. بىر چاغدا سۆ لىن كىچىك

توغرالغان بىر پارچە كولباسانى لى يانىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. بۇ چاغدا قەلبىمدىكى يېقىن دوستۇم لى يا مېنىڭ ئىلگىرىكى سابىق يە-گىتىمگە قاراپ تاتلىققىنە بىرنى كۈلۈپ قويدى…

يۈرىكىم رەشك ئوتىدا ئۆرتىنەتتى. پەقەت رەشكلا ئەمەس بىر خىل ئۆچمەنلىكمۇ يۈرىكىمنى قامال قىلىۋالغانىدى. ئىلگىرى لى يانى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرەر يىگىت بىلەن توي قىلىپ قالسا، قانداق بولۇپ كېتەر دەپ قىزىقىش ئىلكىدە خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتىم. لېكىن مەن ئالىلىبۇرۇن خاتالاشقانىكەنمەن!

ئارىلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن ماددىي ئەشيالار شىركىتىنىڭ مەسئۇلىغا قول ئاستىدىكى لى يا ئىسىملىك بىر خادىمنىڭ خېرىدار-لارنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقى توغرىسىدا پاش قىلىش تېلېفونى ئۇردۇم. ئاقىۋەت مېنىڭ تەدبىرىم ئويلىغىنىمدەك ئۇنۇم بېرىپ، لى يا خىزمەتتىن قوغلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي لى يانىڭ ئۆز ئالدىغا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز قايتا ئۇچراشمىدۇق.

# 2

مەن سوغۇرتا شىركىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر تەن-تەربىيە بۇيۇملىرىنى ۋاكالىتەن سېتىش شىركىتىگە ئىشقا چۈشتۇم. كۈندىلىك خىزمىتىم پەقەت بىرلا قېلىپتا، يەنى خېرىدار-لارنىڭ مال سېتىۋېلىش ھەققىدىكى تېلېفونلىرىنى قوبۇل قىلاتتىم. ئىشخانا تازىلىقى تەبىئىي ھالدا ماڭا يۈكلەنگەنىدى. بۇ خىزمىتىم

خوددى سوغورتا شىركىتىدىكى خىزمىتىمگە ئوخشاش ماڭا ھېچقان-
داق خوشاللىق ئاتا قىلالمايتتى. مەيلى ئالدىنقى ياكى كېيىنكى خىز-
مىتىم بولسۇن، مېنىڭ نامراتلىق ھالىتىمنى پەقەتلا ئۆزگەرتەلمىگە-
نىدى. داڭلىق ماركىلىق گىرىم بۇيۇملىرى، مودا بولۇۋاتقان كىيىم -
كېچەك، ئەقەللىيسى، بىر قىز ئۈچۈن ئېرىشىشكە تېگىشلىك
بولغان بارلىق نەرسىلەر مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئارمان بولۇپ قېلىۋا-
تاتتى. ئىلگىرى مەن دېڭىز ياقىسىدىكى ئەڭ نامرات ئائىلىلەرنىڭ
ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىمۇ يەتتە - سەككىز يۈز يۈەن دەپ
ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ھازىر ئېلىۋاتقان مائاشىم ئۇ
ئۆلچەمگە ئەسلا يەتمەيتتى. يىغىنچاقلىغاندا، مەن بۇ شەھەرنىڭ
ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر توپىنىڭ تىپىك بىر ئەزاسى
بولۇپ قالغانىدىم...

شىركىتىمىز غوجايىنى 40 ياشلاردىن ھالقىغان، بىر جۈپ
سىرلىق كۆزى ئۆزىگە زادىلا بوي سۇنمايدىغان كىشى ئىدى. خىزمەت
ئارىلىقلىرىدا ئۇنىڭ ماڭا يەۋېتىدىغاندەك قاراپ كېتىدىغانلىقىنى
سېزىپ تۇراتتىم. دېمەك، ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن قىزىقىپ قالغاندەك
ئىدى. شىركىتىمىزدە بەش - ئالتە قىز خادىم بار بولۇپ، ئەمەلىيەت-
تە، غوجايىنىنىڭ پەقەت مېنىلا ياقتۇرۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يىراقتەك
ئىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. سابىق دوستۇم لى يا بىلەن سابىق يىگە-
تىم سۇ لىننىڭ ھېلىقى كۈندىكى ھالىتى يۈرىكىمنى ھېلىغىچە قو-
رۇتتەك غاجىلاپ، ماڭا ھېچ ئارام بەرمەيتتى. قەلبىمدىكى مەزگىلسىز
ئازابتىن قۇتۇلۇش، ھېچ بولمىغاندا، ھېسسىيات جەھەتتىن ئۆزۈمگە
ئاز - تولا تەسەللى تېپىش ئۈچۈن بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى بۇ پۇرسەتنى

چىڭ تۇتۇپ مىڭ بىر جاپادا يىغقان ئامانەت پۇلۇمنى خەجلەش قارارىغا كەلدىم. مودا كىيىم، ياراشقان گىرىم، پۇراقلىق ئەتىر مېنى بىردەم-نىڭ ئىچىدىلا ئېسىلزادە خېنىملار توپىغا قوشۇۋەتكەندى. ئەمدىلىك-تە غوجايىن ئۇچۇق - ئاشكارىلا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، گۈزەللىكىمنى ماختاپ هارمايتتى. شۇنداقلا مەن سەپكەن ئەتىرنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، گىرىملىرىمنىڭ ئۆزگىچە، كىيىم - كېچەكلىرىم-نىڭ تولىمۇ يارىشىملىقلىقىنى هەر ۋاقىت ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۆزىنىڭ مەندىكى سېھىرلىك لاتاپەتنى هەتتا چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باق-مىغانلىقى هەققىدە قۇلىقىمغا پىچىرلايتتى. ئاز ئۆتمەي بىز ئاجايىپ رومانتىكىغا تويۇنغان مۇهەببەت قاينىمىغا غەرق بولدۇق...

غوجايىنىنىڭ ئايالى مېنى ئېرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە سىڭىپ قالغان ئاشۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى سەۋەبى بىلەن ئىزدەپ كەلگە-ندى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئايال گەرچە چىرايلىقلار تائىپىسىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆكۆزدەك قاۋۇل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قا-رىغان هەرقانداق بىر كىشى ئۇنى ئائىلىسىدە هەممە ئىشقا هۆكۈم-ران، تۇرمۇش ئىشىدا تەشەببۇسكار ئوخشايدۇ، دېگەن قاراشقا كېلىپ قېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. شۇنىڭغا هەيران ئىدىمكى، بۇ ئايال مېنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مات قىلىپ، چاچلىرىمنى يۇلۇپ، يۈزلىرىمگە تۇ-كۈرۈپمۇ يۈرمىدى. پەقەت مېنىڭ شىركەتتىن تېزدىن ئايرىلىپ، ئې-رىدىن دەرهال مۇناسىۋىتىمنى ئۈزۈۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى ۋە ماڭا قېلىن بىر لېپاپىنى تەڭلىدى. بۇ مېنىڭ بىر مەزگىللىك ئىش هەققىم ئىدى. مەن لېپاپىتىكى پۇل سوممىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىشنىڭ

چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقى ماڭا ئايدىڭ ئىدى. لېكىن، نەتىجىنىڭ بۇنداق ئاددىي ھەم تولىمۇ ئۇنۇملۇك بولۇپ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. خىزمەتتىن سىرتقى بۇ كىرىم يۈرەكلىرىمنى ئويىنىتىۋەتكەن، شۇنداقلا بۇ خىل سودىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبلىرىدىن بولۇپ قېلىشىغا ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى...

بۈگۈن ھەپتىنىڭ ئاخىرىسى ئىدى. يالغۇزلۇقتا ئاز ـ تولا ھاۋا يېگەچ، ئىش ـ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ كېلىش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا كەلدىم. كۆزۈم تۇيۇقسىز كۆتۈلمىگەن ئاجايىپ بىر مەنزىرىگە چۈشۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇتتەك قېتىپلا قالغانىدىم. چۈنكى، كۆز ئالدىمدىكى بۇ رومانتىك كۆرۈنۈشنىڭ باش پېرسوناژى مېنىڭ سابىق غوجايىنىم ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇ ياسىداق بىر سايىۋەن ئاستىدا قېشىدىكى چىرايلىق بىر خانقىز بىلەن مۇڭداشقاچ، كىچىك بىر بالىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. دەرۋەقە، بۇ كۆرۈنۈش ھەرقانداق بىر كىشىگە ئاجايىپ بەختلىك بىر ئائىلىنى ئەسلىتەتتى. ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ چىرايىدىكى بەزىبىر ئالامەتلەر غوجايىن بىلەن ھېلىقى خانقىزغا ئوخشايتتى. دېمەك، گۇمانلانغۇچىلار DNA نى تەكشۈرتۈپ ئاۋارە بولمىسىمۇ، بالىنىڭ بۇ بىر جۈپلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتمەي قالمايتتى.

پىكىرلىرىم ئېچىلىپ كەتكەنىدى. دېمەك، غوجايىن مېنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئايالىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئائىلىسىنى قوغداپ قالماقچى بولغانىدى. مېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىم، غۇرۇرۇم يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلىنغانىدى. لېكىن، رەھىمسىز رېئال-

لىقنىڭ ئېغىر چاقچاقلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنى خېلىلا ئۆ-گىنىۋالغانىدىم. بۇ ئەبلەخنىڭ ھېلىقى ئۆكۈزدەك تەمبەل ئايالىدىن تېخىمۇ جىقراق نەرسە ئۇندۇرۇۋالمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلاتتىم. مەن «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك قىلىپ، دەرھال يانفو-نۇم ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز ئەينەن شۆرەتكە تارتىۋېلىپ، سۆرەتلەرنى ئىككىلىنەمەيلا غوجايىنىنىڭ ئايالىغا ئەۋەتىۋەتتىم. كېيىنكى نەتىجە مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى. مەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ مىيىقىدا سوغۇق كۈلۈپ قويدۇم ـ دە، يولۇمغا راۋان بولدۇم. كېيىنچە ھېلىقى پۇلنىڭ شاپائىتى بىلەن ئارزۇيۇمدىكىدەك ياسىداق بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، يېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلىدىم. مومامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەن ھەقىقىي تۇردە تىرىك يېتىمغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. چۈنكى ئاتا ـ ئانام مۇشۇ دۇنيادا، يەنى مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالللىبۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئاپام بولسا كېيىنكى يولدىشى-نىڭ كۆزىگە قاراپ، ھەممىدە ئۇنىڭغا يول قويۇپ، شەكىلسىز سىرتماق ئىلكىدە كۈنلىرىنى ساناپ دېگۈدەك ئازاب بىلەن ئۆتكۈزەت-تى. دادام بولسا مېنى ئالللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن، كېيىنكى خوتۇنى-دىن بولغان ئوغلى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا جېنىدىنمۇ ئېزىز ئىدى!

مەن ئىجارىگە ئالغان ئۆينى ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇمدىكىدەك زىننەت-لەپ، ھەقىقىي ئېسىلزادە خېنىملاردەك ئەركىن ـ ئازادە تۇرمۇشۇمنى باشلىۋالدىم. شۇنداقلا يوگا گۇمپىسى مەشىق سارىيىدىن خىزمەت تاپ-قانىدىم. مېنىڭ تۇغما زىلۋا قامىتىم ئايال غوجايىنىنىڭ ھەقىقىي مار-كىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ يوگا گۇمپىسى مەشقى ئارقى-لىق ئورۇقلاشقا كەلگەن ئاياللارغا مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ

ماختىناتتى.

— سىلەرمۇ جاپالىق مەشىق قىلىشتىن قورقمىساڭلارلا، مانا بۇ خانقىزدەك ئەركەكلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتەلەيسىلەر، ئىلگىرى بۇ خانقىزمۇ سىلەردىن ئۆتە سېمىز ئىدى...

مەن بۇ يەردە ئىشلەپ يۈرۈپ خام سېمىز بىر خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، لېكىن ئېغىرلىقى 150 كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتەتتى. سېمىزلىك بولۇپمۇ ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر ئازاب ئەلۋەتتە! راستىنى دېگەندە، بۇ خانىم ئەسلىدە مېنىڭ فىگۇرۇمغا مەپتۇن بولۇپ قالغان، مېنىڭدە ئورۇقلاشنىڭ سىرلىق رېتسېپى بار دەپ قارايتتى. ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كېلىشكەن ئىنىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئويىنى نەچچە قېتىم پۇرىتاقانمۇ بولدى. ۋاھالەنكى، مەن ئۇنىڭ ئىنىسىغا ئازراقمۇ قىزىقمايتتىم. شۇنداقلا بۇ بودەك خانىمنىمۇ ھېچقانداق رېتسېپ بىلەن تەمىنلىيەلمەيتتىم. پەقەت ئۇنىڭغا كۆپرەك چېنىقىپ تۇرۇش، ھەتتا ئۇخلاش ئالدىدىمۇ كارىۋاتتىكى مۇۋاپىق چېنىقىشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىق توغرىسىدا داۋاملىق ئەسكەرتتىم. ھېس قىلىشىمچە، ئۇ چېنىقىشقا ئەزەلدىن سەل قاراپ كەلگەندەك قىلاتتى. بۇ نۇقتىنى ئالىبۇرۇن سېزىپ يەتكەن ھېيلىگەر ئايال غوجايىنىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇنى يوگا گۇمپىسى بىلەن ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ـ ئۈچ يىل مەشىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتىم. بۇنى رىغبەتلەندۈرۈش دېگەندىن كۆرە شەكلى ئۆزگەرگەن مەجبۇرلاش دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىدى...

قارىغاندا، مەن بۇ بودەك خانىم بىلەن تەڭتۇشلەردەك قىلاتتىم.

لېكىن ئادىتىم بويىچە يەنىلا ئۇنىڭدىن يېشىمنى يوشۇردۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمۇ ئەسلىي مەندەك زىلۋا بوي، چىرايلىق قىز بولۇپ، تويدىن كېيىن ھامىلىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن مانا مۇشۇنداق سەمرىپ كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا ئۇ ماڭا دائىم توي قىلغاندا ھەممە جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمنى، بولۇپمۇ بويۇمدىن ئاجراپ كېتىشتەك ھادىسىلەردىن ھەر ۋاقىت ئاگاھ بولۇشۇم توغرىسىدا ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن توي قىلسام ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىمنى، ئىنىسى-نىڭ مېنى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرۈپ، ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغانلى-قى توغرىسىدا ئېغىزى پەقەتلا يۇمۇلمايتتى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرام-دىن قارىغاندا، مېنىڭ كەلگۈسىدىكى يولدىشىم ماشىنا تىجارىتى شىركىتىنىڭ گەرچە كىچىكرەك بولسىمۇ ئەمەلدارى ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ماڭا ئىنىسىنى ماختاپ بەرگىنىدە، «ماڭا يىگىت دېگەن كەم ئەمەس!» دەپ سىلىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالاتتىم.

مەن شۇ جەرياندا، بىرقانچە ئەرلەر بىلەن ئارىلاشقانمۇ بولدۇم. ئەسلەپ باقسام بەزىلەر بىلەن ئۈچ - تۆت ئاي ئارىلاشقان بولسام، بەزى-لىرى بىلەن ھەتتا بىرەر ھەپتىمۇ ئارىلاشماپتىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسى-دا توي قىلغانلاردىنمۇ نەچچىسى بار ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئەھۋالى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى، خالاس! بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال سۆلىن بىلەن ھېلىقى غوجايىنىنىڭ يۈرىكىمگە قالدۇرغان دەرد - ئە-لەمدىن بولۇشىمۇ ياكى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، ئەك-سىچە، مېنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىمدىن بو-لۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

مومام 30 نەچچە يېشىدا تۇل قالغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قايتا ياتلىق بولمىغان ئەنە شۇنداق ئىسمى ـ جىسمىغا خاس ئايال ئىدى. ئاپام بويىغا يەتكەندە دادامنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ھېچنېمە-گە قارىماي ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلغانىكەن. لېكىن مومام بىلەن ئاپام-نىڭ تەقدىرى ئاقىۋەتتە ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇز نەچچە يېشىدىلا تۇل قالغانىدى. موماممنىڭ تۇل قېلىش سەۋە-بى بوۋامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئاپامنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشى دادامغا ئوغۇل ئەمەس ئەكسىچە، لى شياۋكەي ئاتلىق مەندەك پىشانىسى تەتۈر بىر قىزنى ئاتا قىلغانلىقىدا ئىدى...

دادام ئايالالارنى پەس كۆرۈدىغان نوقۇل ھالدىكى فېئودالىلىق ئىدى-يەسى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇنى ئىدىيە جەھەتتىن تېخىمۇ مۇتەئە-سسىپ بولغان ئاپىسى، يەنى مېنىڭ ئاتا تەرەپ مومام بارلىق كۈچى بىلەن قوللايتتى. دېمەك، ئانا تەرەپ مومام ياش تۇرۇپلا ئېرىدىن ۋا-قىتسىز ئايرىلىپ قالغان بولسا، بىچارە ئاپام ئۆزى ئارزۇلاپ تەگكەن ئېرى تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلىپ، ھازىرقى زامان فېئودالىلىق ئىدىيە-نىڭ ۋاقىتسىز قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ ئىككىنچى ئەرگە تەگسە يامان بولىدۇ، دېگەن ئەنئەنىۋى خۇراپىي ئىدىيەنى بۆسۈپ تاشلاپ، مەن 12 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆگەي دادام بىلەن تۇر-مۇشلۇق بولغانىدى.

ئۆگەي دادام ئورۇق، ئېگىز كەلگەن، ئاقپىشماق، بىر قاراشتىنلا ئاپامدىن ياش كۆرۈنىدىغان، كۆزىدىن بىنەپشە رەڭلىك كۆزەينەكنى زادىلا ئالمايدىغان ئادەم ئىدى. 13 ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىم بولسا كېرەك، بىركۈنى مەن بىر قىز ساۋاقدىشىمنى ئۆيۈمىزگە باشلاپ

كەلدىم. بىز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان شۇ پەيتتە ئۆگەي دادامنىڭ كۆزەينەك ئارقىسىدىكى بىر جۈپ سىرلىق كۆزى ساۋاقدىشىمغا تىكىلىپلا قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئارقىدىن بىز تېپىشماق تېپىشىپ ئوينىدۇق. لېكىن، مەن ئېيتقان تېپىشماقلارنى ساۋاقدىشىم زادىلا تاپالمىدى ۋە تەبىئىي ھالدا ئۆگەي دادامدىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆگەي داداممۇ قىزغىنلىق بىلەن ئارىمىزغا قوشۇلدى. لېكىن ساۋاقدىشىم زور ئۈمىد باغلىغان ئۆگەي داداممۇ ئوخشاشلا تېپىشماقلىرىم ئالدىدا جاۋابسىز ئىدى. ئىشىنەتتىمكى، ئۇ قەستەن بىلمەس بولۇۋالغانىدى! ئۇ ھەربىر قېتىم بېشىنى ھەييارلىق بىلەن قاشلىغىنىدا، ساۋاقدىشىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ۋە خۇددى ئۆز دادىسىغا ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغىلى ئازلا قالاتتى. ئويلاپ باقسام مەن دادام، ئاپاملارغا ئەزەلدىن ئارتۇقچە ئەركىلەپ باقمىغانىدىم. شۇنداقلا ئەركىلەشنىمۇ ئانچە قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيتتىم. شۇ چاغدا ئۆگەي دادامنىڭ ئېچىلىپلا كەتكەن بولۇپ، ساۋاقدىشىمنىڭ قوللىرىنى، مۈرىلىرىنى توختىماي سىلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سىرلىق تىكىلەتتى...

راستىنى دېگەندە، ئۆگەي دادامنىڭ قولى يۇمشاق ۋە تولىمۇ ئاق، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ قولىغىمۇ تازا ئوخشاپ كەتمەيتتى. ناۋادا بۇ قول مېنىڭ قولۇمنى، مۈرەمنى سىلىغان بولسا، ياكى سىلاش ئۈچۈن ئۇزۇنغان بولسا مەن چوقۇم ئۇنى شاپىلاق بىلەن مۇكاپاتلىغان بولاتتىم. لېكىن ئۆگەي دادام مېنى سىلاش ئەمەس ھەتتا قولۇمنى بىرەر قېتىممۇ تۇتۇپ باقمىغانىدى. بىر قېتىم مەن ئۇنى چۈشۈمدە كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇرغانلىقىم ھازىرقىدەك يادىمدا...

# 3

لى يا بىلەن بولغان دوستلىقىمىز بىرنەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، دوستلار يىغىلىشىدا ئۇچرىشىپ قېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە ئەكسىگە كەلگەنىدى. بىز ئايرىم قەھۋە ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق مۇڭداشتۇق. قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىكى، لى يا قوشماق قىز پەرزەنت كۆرگەن، ئېچىنارلىقى، لى يانىڭ يولدىشى يەنى مېنىڭ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى سابىق ئوغۇل دوستۇم سۇ لىن لى يانىڭ كىيىم - كېچەك دۇكىنىدىكى مۇلازىمەتچى قىز بىلەن يەنى ئۆز ئايالىدىنمۇ ياش ھەم چىرايلىق بولغان خانقىز بىلەن چىقىشىپ قالغانىكەن. بۇنداق ھېكايىلەر مەن ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت كونىراپ كەتكەن ئەپسانىدەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى، بۇنداق ئىشلارنى بىرنەچچە قېتىم بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاچقا، مەن ئۈچۈن ھېچقانچە يېڭىلىقى يوق ئىدى.

لى يانىڭ ئېيتىشىچە، سۇ لىن بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپ ئۇنى نەس بېسىپ، كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان كېلىشمەسلىكلەر ئۇنىڭ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. باشتا كىمدۇر بىرى ئۇ ئىشلەۋاتقان ماددىي ئەشيالار شىركىتى غوجايىنىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى خېرىدارلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان، دەپ چېقىپ قويغاچقا، ئۇ شۇ ھامان ئىشتىن بوشىتىلىپتۇ. ئاندىن تۇغۇتى نەس كېلىپ قوشماقلار ئوپې-

راتسىيە ئارقىلىق ئاران دېگەندە ھاياتلىققا ئېرىشىپتۇ. كىيىم - كېچەك دۇكىنىنىڭ تىجارىتى باشتا خېلى ئاققان بولسىمۇ، لېكىن سۇ لىن مۇلازىمەتچى خانقىز بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ قالغاچقا، ئۇ مىكىجىنىنىڭ تىجارەتتىن قانچىلىك زىغزىق چىقىرىپ، ئۇلارنى قانچىلىك قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى تاكى ھازىرغىچە ئېچىلماس سىر ئىكەن. ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن سۇ لىن كۆچۈپ كېتىپ باللارغا ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 800 يۈەن بېرىپ كېلىۋېتىپتۇ. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پۇل قوشماقلارنىڭ ھەتتا بىرىنىڭمۇ خىراجىتىگە يېتىشمەي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىم ئۇنىڭ ھالىنى قويماپتۇ. باللار تېخى كىچىك بولغاچقا، دۇكانغا مال ئەكىرىشكىمۇ يېتىشەلمەي ئامالسىز قالغان لى يا ئەمدىلىكتە باللارغا ئۆگەي دادا ئىزدەش ھەلەكچىلىكى بىلەن جۆرە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىغا تەكرار - تەكرار يېلىنىپتۇ. لېكىن كىممۇ ئىككى پەرزەنتلىك بىر تۇل خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ ئەمەلىيەتتە، لى يانىڭ شەرتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئائىلىسى ۋە باللارغا كۆيۈنسىلا، گەرچە ئۇ دېھقان ۋە ياكى كۆمۈر قازغۇچى بولسىمۇ ئۇنىڭ يېشى، چىرايى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن...

مەن ئۇنىڭ دەرد - مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھېسداشلىقىم قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا تەسەللى بېرىش خىيالىغا كېلىپ قالدىم. باشقىلارغا تەسەللى بېرىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق لەززىتى بارلىقىنى ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. مەن شۇ چاغدىلا ئىلگىرى لى يا بىلەن سۇ لىنىنىڭ بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىلا قىلغان ئىش-

لىرنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ قالدىم. دېمەكچىمەنكى، مەن ئۇچۇن لى يانىڭ هازىرقى مۇشۇ بىچارە هالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇش-نىڭ ئۆزىلا كۇپايە، شۇنداقلا تولىمۇ هوزۇرلۇق ئىدى. مەن ئالدىمدى-كى بۇ دەرتمەن بىچارە دوستۇمغا نەزەر تاشلىدىم ھەمدە سۇ لىن بىلەن توي قىلمىغانلىقىم ئۇچۇن ئىختىيارسىز يېنىك تىنىپ قويدۇم. ناۋا-دا مەن سۇ لىن بىلەن توي قىلغان بولسام بۇ ئاقىۋەتكە قالىدىغىنى لى يا ئەمەس، بەلكى دەل مەن بولۇپ قېلىشىمدا گۇمان يوق ئىدى!

لى يا مېنى ئۆيىگە بېرىپ مېهمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن بىر خىل قىزىقىش ئىلكىدە ئۇنىڭ تەلىپىگە خوشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئەهۋال مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەتەر ئىدى. چۈنكى ئۆيئىچى بەكلا قا-لايمىقان، يوتقان - كۆرپىلەر يىغىقسىز، باللارنىڭ ئويۇنچۇق، رە-سىملىك كىتابلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۆيئىچىنى بىر ئالغان، ئايئاق تاملار ھەر خىل بوياقلار بىلەن ئاللىبۇرۇن ئىسكەتىنى يوقات-قان، بەجايىكى، سەرگەردانلار مەهەللىسىدىكى ئاللىبۇرۇن رولىدىن قالغان ئېلان تاختىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆزۈم تۈيۇقسىز تېلې-ۋىزور ئۈستىدىكى بىر پاي باللار ئايىقىغا چۈشۈپ، تۇيۇقسىز كەلگەن كۆلكىدىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم. يانتۇ قويۇقلۇق كى-رېسلونىڭ ئۈستى سۈت يۇقۇندىلىرى بىلەن خۇددى خەرىتىگىلا ئوخشاپ قالغان، ئاغزى ئوچۇق سۈت پوتۇلكىسى بىر چەتتە تاشلاقلىق تۇراتتى. مەن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قاپقىقى ئېچىلمىغان پىيانىنو ئۈستىدە تۇرغان چىرايلىق بىر كەشتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قىزىقىش ئىلكىدە سورىدىم.

— بۇنى كىم كەشتىلىدى؟

— مەن كەشتىلىگەن، ـ لى يا ئۇدۇللا جاۋاب بەردى.

— ۋاقتىڭىزنى قانداق چىقارغانسىز؟ ـ مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— باللار كارتون فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتقان، ئۇخلاۋاتقان ياكى تاماق يەۋاتقان چاغلاردا مەن پۇرسەتنى ھامان چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، ـ لى يا ئازاب بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىزنى يەنىلا تاشلىۋەتمەپسىز، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ. لېكىن تەلەپپۇزۇمدىن يوشۇرۇن ھالدىكى مەسخىرە ھىدى يەنىلا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

— گەرچە قىيىنچىلىقتا قالغان بولساممۇ، بۇ كۈنلەرنىڭ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ـ دېدى لى يا ئۈمىد بىلەن، ـ مانا بۇلار قولدىن چىققان كەشتىلەر. بەزىلىرىنى دوستلىرىمغا سوۋغا قىلىش ئويۇم بار. باللارنىڭ يەسلى ئوقۇتقۇچىسى مېنىڭ كەشتىلىرىمگە بەكلا قىزىقىدۇ. ئەگەر كۆزىڭىز چۈشكىنى بولسا تاللىۋېلىڭ.

كەشتىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى. ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئوبرازلىق كەشتىلەنگەن غەمسىز ئۈماقلار، كۈچۈك، ئاسلان ۋە ھەر خىل گۈللەر، كېپىنەكلەر... كىشىگە ئاجايىپ بەدىئىي زوق ئاتا قىلاتتى. مەن ئىچىمدە لى ياغا قايىل بولغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ سوۋغىسى بەدىلىگە رەھمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. مەن لى يانىڭ ھازىرقى بۇ خىل ھالىتىدىن ئىچىمدە ئالەمچە خوشاللىق ھېس قىلغان بولساممۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇ مەيلى قاندا.

قلا بولمىسۇن بىر نورمال ئايال باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان بارلىق كۈنلەرنى يەنى مۇھەببەتلىشىش، توي قىلىش، بالىلىق بولۇشتىن ئىبارەت بارلىق بەختلىك جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئەكسىچە مەنچۇ؟ مەن پەقەت ئۆزۈم خالاپ ۋە خالىماي ھەر خىل مۇددىئادىكى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەندىن باشقا ھېچنېمىگە، ئەستە قالغۇدەك ھېچقانداق بەختكە ئېرىشەلمىدىم. گۈلۈم ئېچىلدى ـ يۇ، زەررىچىلىك مېۋە بەرمىدى. گەرچە مەن قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ سودىسىغا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن كەلگۈسىدە ئۆز ـ ئۆزۈمنى قۇچاقلاپ يالغۇز قېلىشتىن يەنىلا ئەنسىرەيتتىم.

بەزى چاغلاردا لى يانىڭ دۇكىنىغا بېرىپ بىرەر يېرىم دەم ئولتۇرۇپ كېلەتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتا بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. چۈنكى، ئۇ يەردە مەن سۇ لىننى ئۇچۇرتۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. لى يانىڭ ئېيتىشىچە، سۇ لىن دائىم قوشماق قىزلىرىنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. مەن گەرچە ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى خالىمىساممۇ، لېكىن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئۇنى يەنىلا ئەسلەيتتىم، سېغىناتتىم. ئۇنى ئىلگىرى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرگەندىم دەپ ئېيتالمىساممۇ، لېكىن كېيىنچە ئارىلاشقان ھەربىر ئەرنى يەنىلا ئىختىيارسىز سۇ لىن بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقاتتىم. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنى ئېتىراپ قىلمىغىنىم بىلەن، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا تارتىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بىردىنبىر سوۋغىسى بولغان ھېلىقى بىلەزۈكنى ھەر يىلى ياز كېلىشى بىلەن قولۇمدىن ئايرىمايتتىم. ئەجەبا، بۇ مۇ-

ھەببىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك يالدامىسىمۇ؟ بۇ سوئالغا بەلكىم پەقەت تەڭرىلا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى!

بىركۈنى مەن لى يانىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ باردىم. تېخى ئەمدىلا پەلەمپەيگە قەدەم ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، مەزگىلسىز سەمرىپ كەتكەن بىر كېلەڭسىز ئەر ماڭا سۇركۈلۈپ دېگۈدەك، چوشقىدەك ھاسىرىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى.

يا پەرۋەردىگارىم! بۇ مېنىڭ ۋاپاسىز سابىق يىگىتىم سۇ لىن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەينى چاغلاردا، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، سۇباتلىق يىگىت ئەمەسمىدى؟

ئۆز كۆزۈمگە، سەزگۈمگە ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ مەن ئەسلىگۈدەك ھېچنېمىسى قالمىغانىدى...

لى يانىڭ قوشماق قىزلىرى ھەقىقەتەن ئوماق، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىختىيارسىز مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار مېنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىۋالغان بولغاچقىمۇ، مېنى چۈچۈك تىللىرى بىلەن «شياۋكەي ھاما» دەپ چاقىراتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇلارغا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ باراتتىم. ناۋادا ئۇلارنىڭ دادىسى ئەينى چاغدا ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئەمەلىيەتتە مەن ئىدىم، دېگەن تاتلىق خىيال ئۇلارنى ھەربىر كۆرگەندە مېنى ئىختىيارسىز ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى...

بودەك خانىم ئاخىرى مېنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىشقا كۆندۈردى. ئۇ مېنىڭ ئۇچرىشىشنى كەينىگە تارتىپ كېلىۋاتقىنىمنى ئىزچىل ھالدا خىجىل بولىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ جاھىللىقىغا ئاخىرى چىن پۈتكەن بولدۇم. ئەھۋالدىن قارىغان-

دا، ئۇنىڭ ئىنىسى مېنىڭدىن ئۈچ ياش كىچىك ئىدى. ئەسلىدە مەن بۇ جاھىل بودەكنىڭ تەلىپىنى رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا رەت قىلالماي كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ چېنىقىش سارىيىمىزنىڭ دائىملىق خېرىدارى، غوجايىنىنىڭ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخى ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشىغا تېخىمۇ بىر نەرسە دې-گىلى بولمايتتى. بودەكنىڭ سۆپەتلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئىنىسى نا-هايىتى كېلىشكەن، خۇشچاقچاق يىگىت بولۇپ، قىز دوستى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەچكە، ئىنىسى ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە تۆلەپ كەپتۇ. لېكىن قىزنىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن كۆڭلى ئازار يېگەن يىگىت، تاكى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي، تىجارەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنىكەن. شۇڭلاشقا ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭ نىكاھ ئىشىغا تولىمۇ باش قاتۇرىدىكەن. گەرچە ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا بىرنەچچە قىز بىلەن ئۇچرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇلارغا پەقەتلا قىزىقماپتۇ...

— مەن سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز، جۈملىدىن سىزنىڭ سەۋرچان-لىقىڭىزنى كۆرۈپ سىزگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم. ئىنىممۇ سىزنى بىرلا كۆرسە چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، - دېدى بودەك قو-لۇمنى تۇتۇپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن، - ھەرھالدا سىزنىڭ ئاز - تولا تە-شەببۇسكارراق بولىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئۇنىڭ گەدەكلەرچە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ قەلبىمنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، مەن چېنىقىش سارىيىغا كېلىدىغان بارلىق پور كۆتەكلەرگە ئوخشاشلا نا-

هايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتىم. ھەربىر ئىشتا ناھايىتى سەۋرچان ئىدىم. چۈنكى تەستە قولغا كەلتۈرگەن خىزمىتىم مېنىڭدىن ھەر ۋاقىت قىزغىن ۋە ئېھتىياتچان بولۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. راستىنى دېگەندە، مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن قېرى قىزلارنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق خىزمەت تېپىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئەلۋەتتە!

مەن ئاخىرى ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن ئۇچرىشىشقا لى يانىمۇ بىللە ئېلىۋېلىشنى لايىق تاپتىم. بۇ قېتىم بولسىمۇ مەن لى يانىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتىم. چۈنكى ئۇ ئالىلىبۇرۇن ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ئادەتتىكى بىر تۇل خوتۇن! ناۋادا بۇ ئۇچرىشىش لى يا ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلەلىسە مەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى تىلىكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى چوقۇم چەتكە ئالىمەن، دېگەن خىيال بىلەن مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بودەك بىزنى ئىنىسى قاتنىشىۋاتقان ماشىنا كۆرگەزمىسىگە خېرىدار سۈپىتىدە باشلاپ باردى ۋە شۇ پۇرسەتتە مېنى ئىنىسىغا تونۇشتۇردى...

## 4

ماشىنا كۆرگەزمىسى شىڭخەي كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، زىلۋا كەلگەن چىرايلىق مودا قىزلار تەشۋىقات ۋەرەقچىلىرىنى تارقىتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا موكىدەك ئۇ-

تۇشۇپ تۇراتتى. رەڭگارەڭ ھەر خىل تىپتىكى كۆركەم، ئېسىل ماشىنىلارنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمىز ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لى يانىڭمۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، تۈرۈپ - تۈرۈپ يېنىمنى ئۇھ تارتىپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى تۇرقىغا قاراپ، ئۆزۈمنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدىم. بىر چاغدا بودەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شياۋلى، ئەنە قاراڭ. ئاۋۇ ئۇزۇن چاچلىق، كۆك كاستۇم - بۇرۇلكىلىق يىگىت دەل مېنىڭ ئىنىم خۋاپىڭ. پەرىزىمچە، بۈگۈن ئۇنىڭ سودىسى ياخشى ئوخشايدۇ.

مەن ئۇ ئىما قىلغان تەرەپكە قاراپ گۇمانسىراش ئىلكىدە سورىدىم.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز ئاۋۇ ئېگىز بوي يىگىت بولمىسۇن يەنە؟

— دەل شۇ، مەن ئۇنى چاقىراي، - بودەك ئىنىسى تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى، - خۋاپىڭ، ھەي خۋاپىڭ.

ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە يۈرىكىم خۇددى قاپقانغا چۈشكەن بۆجەندەك ئىختىيارسىز تىپچەكلەيتتى. كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنتۇلۇپ قالغان «بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىش»، «مەڭگۈلۈك»، «بىر ئۆمۈر»، «ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا» دېگەندەك يالقۇنلۇق سۆزلەر بودەكنىڭ «كېلىشكەن!» دېگەن تەسۋىرىنىڭ دەل مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى بىلەن روھىيىتىمگە، دىلىمغا، تىلىمغا، كۆزۈمگە، يۈرىكىمگە سىڭىپ كەتكەنىدى...

ئاھ، پەرۋەردىگارىم! بۇنداق كېلىشكەن، جەزبىدار يىگىتنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ لايىق تونۇشتۇ-رۇشىغا قاراشلىق بولۇپ قېلىشى نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئىش ـ ھە! قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلب يارىسى ھەقىقەتەن ئېغىر ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا كەچمىشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىقى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

خۇاپىڭ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ، بىزدىن ئەدەپ بىلەن ئامانلىق سورىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاپقارا، تېرىسى ئاق، ئويناق كۆزلىرىدىن بىر خىل سەمىمىيلىك، جەزبىدارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— خانقىزلار، كۆرگەزمىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ شەرىپىم!

— ئۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى-لەن مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم، ـ دېدى بودەك ئىنىسىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ، ـ سەن باشتا لى يا خانقىز بىلەن سۆزلىشىپ باققىن. لېكىن مېلىڭنى زورلاپ سېتىشقا بولمايدۇ، جۇمۇ! ـ بودەك ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، مەقسەتلىك قوشۇپ قويدى، ـ لى خانقىزنىڭ كۆزى ئەزەلدىن مال تونۇيدۇ.

— چاتاق يوق، ـ يىگىت قاپقارا سېھىرلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ـ ئەمەلىيەتتە، ئېسىل ماشىنىلارمۇ خۇددى نادىر سەنئەت ئە-سەرلىرىدەك كىشىگە ئۆزگىچە بەدىئىي زوق ئاتا قىلالايدۇ. قېنى خانقىز، بۇ ياققا مەرھەمەت.

يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرى سالماق، گەپ ـ سۆزلىرى تولىمۇ يې-

قىلىق ئىدى. شۇئان بالىلىق چاغلىرىمدىكى رادىيودىن داۋاملىق ئاڭلايدىغان بالىلار پىروگراممىسىدىكى رىياسەتچى ئاكاشىنىڭ «سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار! مەن سىلەرگە قار مەلىكە ھەققىدىكى چۆچەكنى سۆزلەپ بەرسەم، ياقتۇرۇپ ئاڭلامسىلەر؟» دېگەندىكى يېقىملىق ئاۋازى ئېسىمگە كېلىپ، ھاياجان ئىلكىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قېلىۋاتاتتىم...

يىگىتنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا پەقەتلا كىرمەيۋاتاتتى. دېمەك، ئەتراپنى ئەلتۆكۈس ئۇنۇتقانىدىم. كاللامنى پەقەت: ئۇ ھازىردىن باشلاپ پەقەت ماڭىلا مەنسۇپ. مەيلى قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان! دېگەندەك بىرلا ئۇقۇم چىرمىۋالغانىدى. دەرۋەقە، مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر نەرسىگە، بولۇپمۇ ئەر خەق زاتىغا بۇگۈنكىدەك قىزىقىپ باقمىغانىدىم. ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن كىچىكىمدىن باشلاپ زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئاق ئاتلىق شاھزادە بىلەن ئاخىرى ئۇچراشقانىدىم!

كۆرگەزمىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپمۇ بايىقى تۇيغۇنىڭ ئەللەيلىشىدە، خۇددى كىچىك بالىدەك قويغان ـ تۇتقۇنۇمنى ئاڭقىرالمايتتىم. قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ، كۆككە قاراپ ۋارقىرىغۇم، مىنىنەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇچۇن تەڭرىنىڭ ئۆزىنىلا يېنىمغا چاقىرغۇم كېلەتتى. بۇدەككە بولسا رەھمەت تەشەككۇرۇم چەكسىز ئىدى...

ئەمەلىيەتتە مەن تەڭرىگە ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتىم. گەرچە تەڭرىنىڭ نامى تىلىمدىن چۈشمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامىنى «ۋاي ئانامەي!» دېگەن سۆز ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۆز خوشاللىقىمنى، نەپرىتىمنى شۇنداقلا بەزى ئىشلارغا بولغان ھەيرانلىقىمنى ئىپادىلەشكە كۆن-

گەندىم. تونۇشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى خىرىستىيان دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرىدىن ئىدى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنلىرى چېركاۋغا بېرىپ، تەڭرىنى سېغىنىپ ئىبادەت قىلاتتى. كىرىستتىكى پۇت - قوللىرىغا مىخ قېقىلغان، ئاجايىپ سۇرلۇك سىياقتىكى سىرلىق بىر ئىنسانغا قاراپ گۇناھلىرىنى تىلەيتتى...

ئىنسانلار ئەزەلدىن گۇناھتىن ساقىت بولۇپ باققان ئەمەس! مانا بۇ ھەقىقەتەن ئەنە شۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئەمدىلىكتە مېنىڭ ئىرادەم ئىدى. چۈنكى، مەن بۇگۈندىن باشلاپ تەستە تاپقان ئاشۇ ئاق ئاتلىق شاھزادەم ئۈچۈن ھەرقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ھامان تەييار ئىدىم...

ئاجايىپ ئۆزگىچە بولغان بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قوياتتىم:

> يوللار بويلاپ ماڭماقتىمىز.
> قەلبىمىزدە دولقۇنلايدۇ ئوتلۇق ئارمانلار ...

بۇ ئىنقىلابىي ناخشىنى مەھەللە كومىتېتىمىز دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچىلىكتە، دەم ئېلىشقا چىققان تاغا - ھەدىلەر كوللېكتىپى ئېيتقان بولۇپ، بۇ مىسرالار مېنىڭ ھازىرقى روھىي كەيپىياتىمغا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئەكسىچە، بىچارە لى يا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ماڭا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ - قاراپ قوياتتى...

— بۇنداق خوشال بولۇپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا، ماشىنا سېتىـ

ۋېلىش ئىشىڭىز ئوڭغا تارتقان ئوخشىمامدۇ؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

— ماشىنا سېتىۋېلىش مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئارمان بولۇپ قالىدۇ خالاس! - لى يا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بۈيۈك ئارمانلىرىڭىز ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىڭ، - دېدىم مەن ئۇنىڭ چۈشكۈن ھالىتىگە قاراپ بايىقى تەبەسسۇم بىلەن.

لى يا مىسكىن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۆزۈمنى قانداقمۇ سىزگە سېلىشتۇراي. سىز دېگەن ھازىرقى ئېسىلزادىلەر تائىپىسىگە تالىق بولغان خانقىز. ئائىلە غېمىڭىز يوق نازىنىن. مەن بولسام ئاللىبۇرۇن ئىككى بالىغا ئانا بولۇپ قالغان بىر تۇل خوتۇن. توي قىلىش ئالدىدا مۇشۇنداق كۈنگە قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، بىر ئۆمۈر ياتلىق بولماي، قېرى قىز بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە رازى ئىدىم.

سۆيگۈ رەقىبىمنىڭ بىچارە ھالىتى بولۇپمۇ دىلىدىن، تىلىدىن، رەڭگى - رۇخسارىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ھەسرەت - نادامەتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ، روھىم تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئاشۇ بەختكىمۇ ئۆزىڭىز ئارزۇلاپ ئېرىشكەن ئەمەسمۇ؟ - مەن چاقچاق ئارىلاش ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سەپتىم.

لى يا بۇنى دەرھال سەزدى بولغاي، يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىم بولدى. مەن ئۇنىڭ بۇ بىچارە چۈشكۈن ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز بەختىنى قوغلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئەركىنلىكى بار بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە! مانا ھازىر خۇددى لى يا ئىلگىرى سۇ لىنغا ئېرىد-

شىش ئۇچۇن ھەممىنى ئۇنتۇغان بولسا، مەنمۇ خۇاپىڭغا ئېرىشىش ئۇچۇن ھەممە نەرسەمدىن كېچىشكە تەييار تۇرۇپتىمەنغۇ؟ قەلبىمدى-كى راست گەپنى قىلغاندا، پەقەت خۇاپىڭغا ئېرىشەلىسەملا، ھەتتا لى يانىڭ ھازىرقى ئاقىۋىتىگە قېلىشقىمۇ چىن قەلبىمدىن رازى ئىدىم...

تۇرۇپلا ئۆز خىيالىمدىن ئەندىكىپ كەتتىم. ياق، ياق... مەن ھەرگىز لى يانىڭ ئاقىۋىتىگە قالماسلىقىم كېرەك! چۈنكى، مەن لى ياغا قارىغاندا ئەقىللىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىمدىنمۇ خېلى ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتۈپ، خېلىلا تەجرىبىلىكلەردىن بولۇپ قالدىم!

شۇ خىياللار بىلەن سابىق غوجايىنىمنىڭ ھېلىقى توپاقتەك ئا-يالى ئېسىمگە كەلدى. راستىنى دېگەندە، ئۇنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەت-كەنىدىم. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىلەن ئاز ـ تولا ئوخشاشلىق يەرلىرى-نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. چۈنكى، مېنىڭچە ھەر ئىكك-لىمىز ھەرھالدا پاراسەتلىكلەردىن، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئاياللاردىن سانىلاتتۇق. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئامالىمۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇ ئامالىنى خاتا ئىشلىتىپ قويغانىدى، خالاس!

شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە يارىشىملىق ئاپئاق تويي كۆينىكى كىيىپ، خۇاپىڭنى قولتۇقلىغىنىمچە قىپقى-زىل، ئوتقاشتەك گىلەملەرنى دەسسەپ كېتىۋاتقۇدەكمىشمەن. ئارقى-دىن تويي گۇۋاھچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇك ئالماشتۇرۇۋاتقۇدەكمىش-مىز. خۇاپىڭ چوڭقۇر مېھر ـ مۇھەببەت بىلەن لېۋىمگە سۆيۈپ

قويۇۋاتقۇدەك...

ئىككىنچى كۈنى مەن زارىقىش ئىلكىدە تېلېفون كۈتتۈم. لېكىن كۈندە نەچچە رەت سايراپ تۇرىدىغان يانفونوم بۈگۈن خۇددى توكى تۈگەپ قالغاندەك تىۋىشسىز ئىدى. بىردەم يوقاپ كەتسەم، ھەتتا ھاجەتكە كىرىپ كەتسەممۇ تېلېفون بىرىپ ھارمايدىغان چىپىنقىش سارىيىنىڭ قاپىقى يامان غوجايىنىمۇ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك مېنى ئىزدەپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويمىغىنى ھەممىدىن قىززىق ئىدى. روھىم چۈشۈپلا كەتكەنىدى. ھەتتا بوينۇمغا ئېسىۋال-غۇدەك بولۇپ كەتكەن يانفونومنى نەچچە قېتىم كارىۋاتقا غەزەپ بىلەن تاشلىۋەتتىم. بۇزۇلۇپ قالمىغاندۇ؟ دېگەن گۇمان بىلەن غايىب نومۇر-لارغا بىردەم ـ بىردەم تېلېفون ئۇرۇپ باقاتتىم. ئەمەلىيەتتە تېلېفو-نوم ساق، توكىمۇ تولۇق ئىدى. ئارىلىقتىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ يان-فونوم تۇيۇقسىز سايراپ كەتتى، ھاياجان ۋە جىددىيلىشىش ئىلكىدە يانفوننى قولىقىمغا چىڭ ياقتىم. لېكىن يانفوندىكى ئاۋاز مەن ئالەم-چە زارىقىپ كۈتكەن، ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ ئەمەس بەلكى، لى يانىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ تۈتامى يوق، ئۆزى بىر ئاز جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ شياۋكەي، بۈگۈن قىزىقلا بىر ئىش بولدى. مېنى خۇاپىڭنىڭ ئاچىسى ئىزدەپ ئۆيگە كەلگۈدەك. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىك با-لىلارغا تولىمۇ ئامراق ئىمىش!

ئېسىمدە قېلىشىچە، لى يا كۆرگەزمە زالىدا بودەككە ئۆزىنىڭ بالىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە، بودەك بىر خىل ھەۋەس ئىل-كىدە لى ياغا يەۋەتكۈدەك قاراپ كەتكەنىدى ۋە خۇددى قۇتقازغۇچى مۇ-

ئەككەلگە يولۇقۇپ قالغاندەك، تەكەللۇپ بىلەن لى يادىن: «قوش كې-
زەكلەر بىر ـ بىرىگە بەكلا ئوخشامدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن باشقىلار
ئۇلارنى راستىنلا ئايرىپ بېرەلمەمدۇ؟ ئۇلار ئۇماقمۇ؟ ئادەتتە ئۇلارنى
ئوخشاش كىيىندۈرەمسىز؟ قوش كېزەكلەر راستىنلا چۆچەكلەردە
تەسۋىرلەنگەندەك تۇيغۇداشمۇ؟...» دېگەندەك سوئاللار بىلەن ئۇنى كۆ-
مۇۋەتكەندى. گەرچە بودەكنىڭ: «بالىلىرىڭىزنى كۆرگۈم كېلىۋاتى-
دۇ، كۆرۈپ كەلسەم بولامدۇ؟...» دېگەندەك ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلىغان
بولساممۇ، لېكىن ئۆز قايغۇم بىلەن بۇ ھالنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ
كەتمىگەندىم. ئەمدىلىكتە بودەكنىڭ سۆزئېتىنىڭ مۇنداق چاققان
چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. دېمەك، بويىدىن
ئاجراپ كېتىش سەۋەبى بىلەن بالا سارىڭى بولۇپ قالغان بىچارە بودەك
ھەقىقەتەن دېگىنىنى قىلغاندى!

— ئۇياقنى قانداق كۆتۈۋېلىشنى زادىلا بىلمەيۋاتىمەن، ـ دېدى لى
يا بىر پەستىن كېيىن، ـ ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز ئۇنى سىزلا
باشلاپ كېلەمسىز ـ يا؟

بودەكنىڭ لى يا بىلەن بىۋاستىلا ئالاقىلاشقانلىقىغا قارىغاندا،
ئۇنىڭ بۇ كۆرۈشۈشكە باشقىلارنى زادىلا ئارىلاشتۇرۇۋالغۇسى يوق ئى-
كەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

تۇنۇگۈن خوشلىشىش ئارلىقىدا ئۇ بۈگۈن ماڭا تېلېفون بېرىپ،
مېنىڭ ئىنىسىغا قانداق تەسىر بەرگەنلىكىمنى، ئىنىسىنىڭ ماڭا
بولغان كۆز قاراشلىرى ھەققىدە سۆزلەشمەكچى بولۇشقانىدۇق.
لېكىن مەن زارىقىپ كۈتكەن ئۇ تېلېفون مانا ھازىرغىچە كەلمەيۋاتات-
تى. بودەك بالا قايغۇسى بىلەن ماڭا تېلېفون بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان-

مىدۇ ياكى ئىنىسى ماڭا قىزىقمىغانمىدۇ؟ ئوتتۇز ياشلىق بىر ئەرنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك گۈزەلگە ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىدىن كىچىك بىر قىزغا قىزىقىشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق. خۇاپىڭغا ئوخشاش تازا قۇرامىغا يەتكەن، پىشىپ يېتىلگەن ئەرلەرنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنىڭ پەرۋانىسى ئىككەنلىكىنى بالدۇرلا ئويلىشىم كېرەك ئىدى...

ئاخشىمى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. يۈرىكىم ئازابتا، كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. ئۆزۈمنىڭ 18 ياش ۋاقتىمدا، ھېچ بولمىغاندا 26 لەردىن ئاشقاندا بولسىمۇ، خۇاپىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغانلىقىمنى ئويلاپ قىلدەك تولغىناتتىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا مەن ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ جەلپكار بولۇپلا قالماي، قۇرداشلىرىمنىڭ نەزىرىدىكى يېتۈك نازىنىنلاردىن ئىدىم. سۈرەتتەك چىرايىم، لىۋەنلىكىم، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىم ئالدىدا قىز دوستلىرىم ھەسەت ئوتىدا پۇچىلانسا، شۆھرەتپەرەس ئاق پىشماقلار ئەتراپىمدا پەرۋانە ئىدى. ھەرقانداق بىر ئادەم، بولۇپمۇ بويىغا يەتكەن قىزلار ئۆزى تۇغرۇلۇق تۇختالغاندا، ئۆزىنى ئاشۇرۇپراق سۆپەتلەپ ماختىنىشتىن ساقلىنالمايدۇ ئەلۋەتتە. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ چىرايىغا، ئارتۇقچىلىقلىرىمغا پۈتۈنلەي ئىشىنەتتىم. ئەينى چاغلاردا خۇاپىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولسام، خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز دېگەندەك، تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە كەيپىياتىم چۈشكۈنلۈك بىلەن قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەي دېگۈدەك يۈردۈم. لى ياغا تېلېفون ئۇرۇپ بودەكنىڭ ئۇنى راستىنلا ئىزدىگەن-ئىزدىمىگەنلىكىنى، ئىنىسىنى

تىلغا ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەكچى بولغان بولسامۇ، پەقەتلا بىر قارارغا كېلەلمەي، روھىي بېسىمىم بودەكنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ نەچچە قاداق ئېشىپ كەتكەندى...

# 5

بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپ ئۈدۈللا خۇاڭخې كوچىسىغا قاراپ چاپتىم. چۈنكى خۇاپېڭ ئىشلەيدىغان شىركەت دەل شۇ يەردە ئىدى. مەن بۇ ئۇچۇرغا ئۆزۈم ئىزدىنىپ، يەنى ئۈستىلىمدىكى تولا ئاختۇرۇلۇپ، جۇلدۇقى چىقىپ كەتكەن تېلېفون دەپتىرىدىن ئېرىشكەنىدىم. يولدا ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تاكسى شوپۇرىمۇ ئامالسىز قالغانىدى. ئىچىم سىقىلىپ، زەردەم قاينايتتى. شوپۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاق لىنىيەلىك يول بولغاچقا، ئايلىنىپ كېلىپ يەنە بىر كوچىدىن ئۆتۈشۈمىزگە توغرا كېلىدىكەن. مەن ماشىنىدىن چۈشتۈم - دە، يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، باشقا بىر تاكسىنى توسۇپ جىددىيلىك بىلەن نىشانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئادرېس بويىچە تىجارەت ئورنىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، تىجارەت ئورنى خېرىدارلار بىلەن ئاۋات ئىدى. سالاپەتلىك بىر خېرىدار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقان خۇاپېڭنى كۆرۈپ، نەپەسلىرىم ئىتتىكلەپ، يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئەس - يادىمنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان خۇاپېڭ تولىمۇ خۇشخۇي، ئادەتتىن تاشقىرى سېھىرلىك ئىدى... ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەي، مېنى يۇلتۇز ساناتقان سېھىرلىك سىما كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى.

— سىزنى قارشى ئالىمىز، لى خېنىم.

ھاياجان ئىلكىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالغانىدىم.

— خېرىدارىمىزغا ماتېرىيال ئاپىرىپ بېرىش سەۋەبى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كىرىپ كۆرۈپ باققۇم كەلدى. بۇ يەر ئەسلىي سىلەرنىڭ تىجارەت ئورنۇڭلار ئىكەن - دە؟

خۇاپېڭ يېقىملىق كۈلدى.

— شۇنداق، سىزگە ھەمراھ بولاي.

— رەھمەت، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويماي يەنە؟

— ھېچقىسى يوق، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئىشتىن چۈشەيمىكىن دەپ تۇرغان.

— باياتىن بېرى مەنمۇ خېلى ئايلانغان بولدۇم. ئىشتىن چۈشمەكچى بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ، قورسىقىمىزنى ئاز - تولا ئەستەرلىۋالامدۇق؟

— مەنمۇ شۇ خىيالدا، - خۇاپېڭ تەشەببۇسكار ئورنۇنغا ئۆتكەندى، - مۇشۇ ئەتراپتا بىر كىچىك ئاشخانا بار، چۆچۈرىسى بەك داڭلىق، قانداق، مەيلىڭىز تارتامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، مەن كىچىكىمدىن چۆچۈرە يېيىشكە ئامراق.

— قارىغاندا بۇ جەھەتتە ئورتاقلىقىمىز بار ئىكەن.

— مېنى لى خېنىم دەپ چاقىرسىڭىز باشقىچىلا ئاڭلىنىدىكەن. ئەڭ ياخشىسى مېنى شياۋكەي دەپ ئۇدۇللا چاقىرىۋېرىڭ.

— ئۇقتۇم، ئاچام ئىسمىڭىزنى دەپ بەرگەن. تېلېفون نومۇرىڭىزنىمۇ بىلەتتىم، لېكىن ئالدىراشچىلىقتا تېلېفونمۇ ئۇرالمىدىم. ماقۇل كۆرسىڭىز بۈگۈن سىزنى مەن مېھمان قىلاي.

— رە... رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

ئېنىقكى، چىرايلىرىم گۈلدەك ئېچىلىپ، ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن ياپراقتەك تىترەيتتى.

يوللار بويلاپ ماڭماقتىمىز.

قەلبىمىزدە دولقۇنلايدۇ ئوتلۇق ئارمانلار...

تاماقتىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. خۇددى ھاراق ئىچىۋالغاندەك، تومۇرۇمدىكى قانلىرىم ئۆركەشلەپ، ئۆزۈمنى پەيدەك يېنىك سېزەتتىم. گەرچە ئەتراپىمدىكى نۇرغۇنلىغان ئوغۇللار چىراي ۋە قامەت جەھەتتە ئالاھىدە سانالسىمۇ، لېكىن ئۇلار گەپ ـ سۆز ۋە مىجەز ـ خۇلۇق جەھەتتە ئادەمنى ئاسانلا بىزار قىلىپ قوياتتى. ئەكسىچە، خۇاپىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، گەپ ـ سۆزلىرى تولىمۇ يۇمۇرلۇق، ھەقىقىي يىگىتلەرگە خاس سالاپەتكە ئىگە ئىدى. بودەكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، خۇاپىڭنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى مۇزىكا ئاڭلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، تاماق ئارىلىقىدا ئۆزۈمنىڭمۇ مۇزىكىغا ئالاھىدە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىمنى پۇرىتىپ قويدۇم. خۇاپىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قىزىقىشىمىزنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ خوشال بولۇۋاتقانلىقىنى شېپى كەلتۈرۈپ، بىر ھازا سۆزلىدى. مەنمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەتتا كەچمىشلىرىمىزنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئوخشاش ئازابقا مۇپتىلا بولغانلىقىمىز توغرىسىدا گەپ يورغۇلاتتىم. خۇاپىڭ ماڭا بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— قارىغاندا بىز ھەقىقىي يولداشلاردىن بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز!

مەن ئاللىبۇرۇن خۇاپىڭنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش، ئۇنىڭغا تۇپتىن ماسلىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدىم. ئەينى چاغدا بودەكنىڭ ئىنىسىنىڭ ئالاھىدىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا نېمە ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز-زۈمنى قارغايتتىم. لېكىن ماڭا يەنە پۇرسەت بار ئىدى. بۈگۈنكى ئەھ-ۋالدىن قارىغاندا، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى باشتىن باشلاشقا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، تۇيۇقسىزلا بىر تېلېفون كېلىش سەۋەبى بىلەن قىزغىنلىق بىلەن داۋاملىشىۋاتقان سۆھبىتىمىز ئۈزۈ-لۈپ قالدى. مۇھىم تېلېفون بولسا كېرەك، خۇاپىڭ مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئالدى بىلەن مېنى ئاپىرىپ قويى-ماقچى بولدى. بىز ماشىنىدا كېتىۋېتىپمۇ قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدىغان CD پىلاستىنكىسىنى قويۇپ بې-رىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. پىلاستىنكىدىكى ھەربىر مۇزىكا ئىنتا-يىن يېقىملىق ئىدى. مەن مۇزىكىلارنى ئاشۇرۇپ ماختاپ ھارمايت-تىم. خۇاپىڭ رازىمەنلىك ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن ماڭا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى...

— يەنە بىر تەكىتلىسەم، بىز قارىغاندا راستىنلا ياخشى يولداش-لاردىن بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز، - دېدى خۇاپىڭ بىر چاغدا يې-قىملىق ئاۋاز بىلەن باشتىكى سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىمگە سېلىپ.

ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بۇ بىر جۈملە سۆزىنى قايتىدىن ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى يوقۇتۇپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. بىر پەستىن كېيىن

خۇاپىيڭ ماڭا كىچىك چاغلىرىدىكى مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى سۆزلەپ مېنى تېلىقتۇرۇۋەتتى...

— ئۇ چاغلاردا تولىمۇ كەپسىز ئىدىم، — دېدى ئاق ئاتلىق شاھزادەم ھېكايىسىنى باشلاپ، — ئۆيىمىزدە بىر دانە رادىيو بولىدىغان. مەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان بۇ رادىيوغا تولىمۇ ھەيران ئىدىم. ئۇنىڭدىكى سىرنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ رادىيونى چۇۋۇپ باقتىم. لېكىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى دۇنيا رادىيونىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەيتتى. ئارقىدىن رادىيونى قانچە قۇراشتۇرۇپ باققان بولسامۇ، لېكىن ئەسلىگە پەقەتلا كەلتۈرەلمەي، دادامدىن تەستەك يەپ ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىم...

— كىچىككىنىزدىنلا ئەقىللىك ئىكەنسىز! — دېدىم مەن كۈلۈپ، — شەيئىلەرگە گۇماني نەزەر بىلەن قاراش تۇغما تالانتلىق باللارنىڭ ئالاھىدىلىكى.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — خۇاپىيڭ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — تۇغما تالانتلىق بولغان بولسام ئەمدىلىكتە سودا قىلىمەن دەپ قېقىلىپ — سوقۇلۇپمۇ يۈرمەس ئىدىم. سۆزۈمنى ئاڭلاپ مېنى مازاق قىلماڭ. مەن بەزىدە سىلەر قىزلارنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ نېمە ئوي بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ قالىمەن.

مەن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم. ئۇنىڭ سەممىمي لېكىن گۆدەكلەرچە تەسەۋۋۇرى مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلىۋالغانىدى...

— ئادەمنىڭ مېڭىسى رادىيو ئەمەستە، لېكىن خالىسىڭىز مەن كاللامنى سىزگە ئاتا قىلاي!

سۆزۈمنى ئاڭلاپ خۇاپىيڭمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئۆيگە كېلىپ قالدۇق، — دېدىم مەن بىر خىل ئىنتىزارلىق ئىلكىدە، — ئۆيگە كىرىپ بىرئاز ئولتۇرۇپ ماڭامسىز؟

— كېيىنكى قېتىم بولسۇن.

— ئۇنداق بولسا شۇنداق كېلىشتۇق ئەمسە.

— چاتاق يوق.

مەن ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىم خۇددى ماشىنا بىلەن تەڭ كېتىپ قالغاندەك بىر خىل غەيرىي ھېسسىيات ئىلكىدە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىردىم. قەلبىمدىكى مەسۇم ئۈمىد يەنىلا مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. ئىستاكانغا قىزىل هاراقتىن لىقلاپ قۇيدۇم. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ قىرتاق نەرسىنى ئىچىشنى زادىلا ياقتۇرمايتتىم. پەقەت تىزىپ قويۇش ئۈچۈنلا سېتىۋالغانىدىم. رومكىنى قولۇمدا ئوينىغاچ، ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتىم. مېھمانخانىدىن ئاشخانىغا، ئاشخانىدىن تازىلىق ئۆيىگە توختىماي كىرىپ چىقاتتىم. نېمىلەرنىدۇر يۈتكىگىم يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى تاشلىغۇم كېلەتتى. كاللامدا ئىختىيارسىز مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، خۇاپىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق ھەقىقىي رومانتىكىغا تويۇنغان شام كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش پىلانى ئاستا - ئاستا باش كۆتەرمەكتە ئىدى. ئېھتىمال نۇر چاقنىتىپ تۇرغان خىرۇستال ئىستاكاندىكى قىرتاق، لېكىن مېھرى ئىسسىق ئۈزۈم هارىقى ئەتىر پۇراپ تۇرغان ياسىداق ھۇجرام، يۇمشاق كارىۋات مۇھەببىتىمگە مەڭگۈلۈك گۇۋاھ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن… چۈنكى مەن ئۇنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭغا: «سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ ۋاپادار ئايالىڭىز، باللىرىڭىزنىڭ مېھرى-

بان ئاپىسى بولۇش مېنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارمىنىم...» دەپ قەلبىمنى ئاشكارىلاپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى سوراشقا تامامەن ھەقلىقمەن. راستىنى ئېيتقاندا، خۇاپېڭنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاراپ ئۈمىدلىرىم ھەقىقەتەن قاناتلىنىپ قالغانىدى...

ئىلگىرى مېنىڭدە مېھرىبان مومامغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر خىيال بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ناۋادا دادامنىڭ ياكى ئاپامنىڭ ئۆلۈمى ۋەياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە مومامنى تىرىلدۈرگىلى بولسا مەن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتىم. لېكىن ھازىر بولسا مېنىڭدىكى بۇ غەيرىي ئارمان پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، پەقەت خۇاپېڭ بىلەن بىرگە بولالىسىلا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ھەتتا ئاسمان ـ زېمىننىڭ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ كارىم يوق ئىدى...

مەن ئىستاكاندىكى ھاراقنى بىر كۆتۈرۈش بىلەن ئىچىۋەتتىم. بىرەرسى بىلەن مۇڭداشقۇم، ئىچىمدىكى ئارمانلىرىمنى تۆككۈم كېلەتتى... تۇرۇپلا لى ياغا تېلېفون ئۇرغۇم كېلىپ قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى باشقىدىن يېقىن دوستۇم دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتىم. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بولۇپمۇ دوستلىرى بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە ئورتاقلىشىش، ئۆزئارا سىردىشىش ھوقۇقى بار ئەلۋەتتە. شۇ ئارىدا تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننىڭ خۇاپېڭدىن كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تېلېفون تەرەپكە قاراپ ئېتىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ھاياجان ئىلكىدە نەپەسلىرىم ئىتتىكلەپ يۈرىكىم تېپچەكلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىقىمغا ياقتىم. ئەپسۇس، مىڭ

ئەپسۇس! ئۇمىدىم سۇغا چىلاشقانىدى. چۈنكى، تېلېفون خۇاپىڭدىن ئەمەس، لى يادىن كەلگەنىدى. لى يانىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— شياۋكەي، ئويلىمىغان ئاجايىپ بىر ئىش بولدى.

— قانداق ئىش دەيسىز؟ - مەن سوغۇقلا سورىدىم.

— ئويلىمىغان يەردىن بۈگۈن سىزنىڭ ھېلىقى پور سېمىز دوستىڭىز نۇرغۇنلىغان سوۋغىلار بىلەن قىزلىرىمنى يوقلاپ كەپتۇ. قىزلىرىم بۈگۈن ئىنتايىن خۇشال. قارىغاندا، دوستىڭىز كىچىك بالىلارغا ھەقىقەتەن ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزلىرىمنى تۇتۇق قىز قىلىۋېلىش ئارزۇسى بار ئىكەن.

— شۇ ئىشقىمۇ مۇنچىلىك خوش بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ تۇغماس خوتۇنلارنىڭ كىچىك بالىلارغا ئامراقلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن دوستىڭىز ئىنىسىنىمۇ بىرگە باشلاپ كەپتۇ. ئېنىقكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئوچۇق - يورۇق ياخشى كىشىلەردىن ئىكەن. خۇاپىڭ قىزلىرىمنى سۈرەتكە تارتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. لېكىن ئالدىن خەۋىرىم بولمىغاچقا، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. چۈنكى ئۆيئىچى بەكلا قالايمىقانىدى.

خۇاپىڭنىڭ ئىسمىنى لى يانىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، كۆڭلۈم باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئەكسىچە، لى يانىڭ ئېغىزى زادىلا بېسىلدىغاندەك قىلمايتتى.

— شياۋكەي راستىنى دېسەم، سىزگە رەھمىتىم كۆپ. چۈنكى سىز تونۇشتۇرغان دوستلىرىڭىز ماڭا غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. خۇاپىڭنىڭ ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىق بولسا ئۆزىنى ئىزدەش توغرىسىدا

قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

— سۆزىڭىزگە قارىغاندا، خوۋاپپىڭىزمۇ قىزلىرىڭىزغا ئامراق بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ـ مەن ئالدىراپ سورىدىم.

— ئۇنى بىر دېمەڭ. لى يانىڭ سۆزلىرى ئۇرغۇلۇق ئىدى، ـ ئۇلار ئۆزئارا ئىچەركىشىپلا كەتتى. بولۇپمۇ خوۋاپپىڭ ئۇلارغا سېھىر-گەرلىك ئويناپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تامامەن ئۇتۇۋالدى دېسەم-مۇ بولىدۇ. قىزلىرىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغاچقا، ئامالسىز تېخى بايىلا ماڭدى.

خوۋاپپىڭنىڭ ئىسمىنىڭ لى يانىڭ ئېغىزىدىن خۇددى يىگىتى-نىڭ ھەتتا ئارزۇلاپ تەگكەن ئېرىنىڭ ئىسمىدەك ناھايىتى تەبىئىي چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەلبىمدىكى بايىقى بىئاراملىقلار بىراقلا نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتكەندى. مېنىڭ شۇ پەيتتىكى روھىي ھالى-تىم، ئىچكى ھېسسىياتىمدىن تامامەن بىخەۋەر بولغان لى يانىڭ ئاغ-زىغا ئاللىنېمىلەرنى تىقىۋەتكۈم كېلەتتى. تۇيۇقسىز ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزۈمنى ئازاب بىلەن يۇمۇۋالدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، لى يانى ماشى-نا كۆرگەزمىسىگە باشلاپ بېرىپ ئۇنى تونۇشتۇرۇشقا ئەسلا تېگىش-لىك بولمىغان بودەككە، بولۇپمۇ خوۋاپپىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، تولدۇ-رۇۋالغۇسىز خاتالىققا يول قويغاندەك قىلاتتىم. چۈنكى، خوۋاپپىڭ ھې-لىقى ئىككى شۇمتەككە ئامراق بولۇپ قالغان يەردە، ئۇلارنىڭ ئاپىسى-نى ياخشى كۆرۈپ قالمايدۇ، دەپ ھېچكىم ئالدىن ئېيتالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

لېكىن لى يا ئاللىبۇرۇن مېنىڭ كەلگۈسۈمگە، شۇنداقلا بەختىم-
گە كاشىلا بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئارتۇقچىلىقتىن ئاللىبۇرۇن
مەھرۇم ئىدى. چۈنكى ئۇ ھېچ بولمىغاندا، مېنىڭدىن بەش ئايلىق بول-
سىمۇ چوڭ. يۇرۇش - تۇرۇشى ئاددىي، بولۇپمۇ زامانىۋىلىقتا ئانچە ئې-
تىبار بېرىپ كېتەلمەيدىغان ئادەتتىكى بىر تۇل خوتۇن ئىدى. ئەجەبا،
ھازىرقى يىگىتلەر ئۆزىدە مۇكەممەل بىر ئانىغا لايىق شەرتلەرنى
تولۇق ھازىرلىغان ئاياللارغا قىزىقامدىغاندۇ؟ لى يا ئادەتتە پادىچىلار
ئىشتىنى بىلەن ئاددىيلا بىر چاقماق كۆينەكنى زادىلا ئۈستىدىن سال-
مايتتى. ئاددىي - ساددا لېكىن يارىشىملىق كىيىنىش ئېسىلزادىلەر-
نىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم كوزىرى ئىكەنلىكى
مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىگە ئايان. لېكىن لى يانىڭ ھال - ئەھۋالى
چاغلىق بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى
باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتىكى تاكتىكىسىمىدۇر؟ پەقەت
ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئاشۇ بىر جۈپ قوشماق قىزىنىڭ راپاۋىتى بىلەن بىر
خىل ھاياتىي كۈچ بالقىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ
ئۆيى خۇددى نەچچە كۈنلەر سۈپۈرگە تەگمىگەن بولۇمسىز خوتۇنىنىڭ
ھۇجرىسىدەك دائىملا قالايمىقان تۇرىدۇ. ئېھتىمال، لى يا مۇشۇ جە-
ھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە تۇرمۇشتا پىشقان بەزى بىر خاراكتېر-
لىرى بىلەن مېنىڭدىن يەنىلا ئۈستۈن تۇرامدىغاندۇ؟

كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەيتتى. كاللامنى نۇرغۇنلىغان جاۋاب-
سىز سوئاللار چىرمىۋالغان، ئۆزۈمنى ھامان بىر چەتتە قالغان تەنھا
يېتىمدەك بىچارە ھېس قىلاتتىم. خۇاپىڭنىڭ جەلپكار سىماسى

ئىككى قېتىملىق ئۆچرىشىش داۋامىدىكى ماڭا تۇتقان ئىللىق پوزىتى-
سىيەسى ۋە سىرلىق تىكىلىشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۇمىد-
لىنىپمۇ قالاتتىم ـ يۇ، ئاز ئۆتمەي گۇمانىي خىياللار ئىلكىدە
قىلدەك تولغىناتتىم. خۇاپىڭ مۇھەببەتتىن ئازار يېگەن، دىلى سۇنۇق
يىگىت بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ھېسسىياتىدا بىراقلا بۇرۇلۇش بولۇپ،
بۇندىن كېيىنكى مېھر ـ مۇھەببىتىنى باللارغا باغلاپ، ئۆزىگە تە-
سەللى ئىزدىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى باللار باشقىلارنىڭ
ھېسسىياتى بىلەن ئويناشمايدۇ. باشقىلارنى ھەرگىزمۇ ئالدىمايدۇ.
ئەھۋال ھەقىقەتەن مېنىڭ قىياسىمدەك بولسا، ئۇنداقتا مەن زادى
قانداق قىلىشىم كېرەك؟ تۇيۇقسىز ئورنۇمدىن سەكرەپ دېگۈدەك
تۇرۇپ كەتتىم. مەيلى قانداقلا قۇربان بېرىشتىن قەتئىينەزەر، لى
يانىڭ يىگىتىمنى يەنە بىر نۆۋەت مېنىڭدىن تارتىۋېلىشىغا ھەرگىز
يول قويماسلىقىم كېرەك. بۇ لى يانىڭ ئۇخلاپ چۈشى!

ئەمدىلىكتىكى لى يا مېنىڭ نەزىرىمدىكى دەردمەن تۇل ئايال،
جاپاكەش ئانا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىم ئىدى. مەن
شۇ خىياللار ئىلكىدە لى يانىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەككار
سىماسىغا قاراپ ھومىيىپ قويۇپ ئاستا پىچىرلىدىم ...

— سەن مېنىڭ ئەزەلدىنلا دوستۇم بولۇپ باقمىغان. كەلگۈسىد-
مۇ ھەم شۇنداق!

ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك ئۆزۈمنى باشقىدىن كارىۋاتقا تاشلى-
دىم. ئەمدىلىكتە مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي لى يا بىلەن يۈزمۇيۈز
تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خۇاپىڭغا نىسبەتەن قانداق ھېس ـ تۇيغۇدا ئىكەنلى-

كىنى سوراپ بېقىش قارارىغا كەلگەنىدىم. ناۋادا ئۇنىڭ راستىنلا خۇا-
پىگە كۆڭلى چۇشۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ تويماس ئارزۇ ـ ئار-
مانلىرىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىم، ئۇنىڭغا خۇاپىڭنى ياخشى
كۆرىدىغانلىقىمنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇشۇ ئوتتۇز نەچچە يىللىق ھايا-
تىمدا ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بىردىنبىر يىگىت ئىكەنلىكىنى، كەل-
گۈسى تۇرمۇشۇمنىڭ تۈۋرىكى، كەلگۈسىدىكى بالىلىرىمنىڭ پەخىر-
لىك دادىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بولۇپمۇ،
ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن مەن بىلەن ھەرگىزمۇ قېرىشماسلىقى توغرى-
سىدا چوقۇم ئۇنى سەگىتىپ قويۇشۇم كېرەك!

# 6

بۈگۈن بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ لى ياغا تېلېفون بەردىم.
لېكىن ئۇنىڭ يانفونى ئېتىك ئىدى. ئۆيدىكى تېلېفونىنىمۇ ھېچكىم
ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا قاراپ
چاپتىم. بۈگۈن ھەپتە ئاخىرىسى بولغاچ لى يانىڭ دۇكىنى ئادەتتە
خېلى كەچكىچىمۇ ئېتىلمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. لېكىن
دۇكان ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. بۇ ھال مېنى ئەجەبلەندۈردى.
مېنىڭچە لى يا ئۆيدە بولمىسا چوقۇم دۇكىنىدا بولۇشى كېرەك
ئىدى. ئۇنىڭ يانفونىنى ئېتىۋېلىشى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟
تەگسىز سوئاللار ئىلكىدە ئىچىم خۇددى قۇرۇت يەۋاتقاندەك، كۆڭلۈم
پەرىشان ئىدى. ئۆزگىچە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، خۇددى چىنىدەك

پاكىز ئۆيۈمگە قايتىشقا زادىلا رايىم يوق ئىدى. ئادەتتە ئۆيۈمگە بىلىپ-بىلمەي كىرىپ قالغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۆيۈمگە كىرىدىپلا ئەيمىنىپ قالاتتى. مۇز يېغىپ تۇرغان قاپىقىمغا قاراپ پەقەتلا ئېچىلالمايتتى. راستىنى دېگەندە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باشقىلار بىلەن ئارىلاشماي كېلىۋاتاتتىم. ناگاندا بىرەر قېتىم تەشكىللىنىپ قالىدىغان ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشلىرىغا بېرىشتىنمۇ ئۆزۈمنى ئامال بار قاچۇراتتىم...

گادىرماچ خىياللار بىلەن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە مەقسەتسىز قارايتتىم. بۇگۈنكى بۇ ھال مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئاخىرى خۇاپېڭغا تېلېفون بەردىم. مېنىڭچە مۇھەببەت ئۇچۇن يىگىتلەر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدىغان ۋاقىتلار ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىر پەستىن كېيىن خۇاپېڭ تېلېفوننى ئالدى. پەرىزىمچە، خۇاپېڭ ماشىنىدا بولۇشى مۇمكىن، ماشىنىنىڭ رىتىملىق تىۋىشى، قانداقتۇر بىر مۇزىكىنىڭ لەرزان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلدى.

— ياخشىمۇ سىز، لى خېنىم! خۇاپېڭنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق جاراڭلىق ۋە قىزغىن ئىدى.

ئۇنىڭ مېنى شياۋكەي دەپ چاقىرماي، يەنە لى خېنىم دەپ ئاتىشى ئەسلىدىنلا پەرىشان كۆڭلۈمنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلدىم.

— كەچۈرسىز، — خۇاپېڭ تەكەللۇپ بىلەن تەكلىپىمنى رەت قىلىۋاتاتتى، — مەن ھازىر سىرتتا ئىدىم. باشقا كۈنى بولسا قانداق؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قولۇم رولدا بولغاچقا، تېلېفوندا سۆزلىشىش بىر ئاز قولايسىز بولۇۋاتىدۇ.

خۇاپېڭ مەن بىلەن ئاددىيلا خوشلىشىپ، تېلېفوننى بېسىۋەتتى. كۆڭلۈم يېرىم ھالدا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدۇم. گۈللۈك مەيدانىدا مەقسەتسىز ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. ئەمدىلىكتە ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشۈپ سەيلىچىلەرنىڭمۇ ئايىغى بېسىققان، مەيداندا پەقەت يالغۇز دېگۈدەكلا قالغانىدىم. بىر چاغدا ناتونۇش بىرسى ئاستا يېنىمغا كېلىپ گەپ تاشلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلاتتى. ئېھتىمال، بۇ ئوۋچى يىگىت مېنى كېچە دىلبەرلىرىدىن ئوخشايدۇ، دەپ قالغان بولسا كېرەك، ئازراقلا راۋۇغا قويۇپ بەرسەم، ئوچۇق ـ ئاشكارىلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى. ناۋادا شۇ چاغدا قولۇمدا ئوقلانغان تاپانچا بولغان بولسا ئالدىمدىكى ماۋۇ ئىشقىۋاز ئوۋچىنى ئىككىلەنمەيلا جەھەننەمگە يوللىۋەتكەن بولاتتىم. ئاغزىم چۇۋۇلۇپ كەتكەندى. تىل ـ ئاھانەت ئىلكىدە ھۇدۇقۇپ كەتكەن بۇ بىچارە بايقۇش مېنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، خۇددى ئۇركۇپ كەتكەن توشقاندەك نەگىدۇر غايىب بولدى. شۇندىلا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. تۇرلۇك ـ تۈمەن، گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە لى يانىڭ ئۆيى ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن. لېكىن لى يانىڭ يانفونى تېخىچىلا ئېچىلمىغان، ئۆيىدىكى تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن لى يانىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە تاكسىغا ئولتۇرۇپ،

مەنزىل تامان يۈرۈپ كەتتىم. ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەيلا تاكسى لى يانىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. لى يانىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرى ھەم ئېتىك، ئۆيئىچى قاراڭغۇ ئىدى. بىنانىڭ ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىنىڭ چىراغلىرى ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن كاللامغا تۇيۇقسىز كەلگەن گۇمانني ئوي بىلەن ئۆزۈمنى ئاستىلا چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئالدىم. بۇ يەردىن لى يانىڭ ئۆيىنى ھەمدە بىنا ئالدىدىكى ھەممە ئىشنى تامامەن كۆزىتىپ تۇرغىلى بولاتتى. شۇ پەيتتە مەن خۇددى تەجرىبىلىك رازۋېدچىكنىڭ توغرىسىدىكى دېگەندە، ئېھتىياتچان بىر ئوغرىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتىم. نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ، پۇت ـ قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەيتتى. تۇيۇقسىز بىر كىچىك پىكاپ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. گەرچە ئۇ پىكاپقا ئاران بىر قېتىم ئولتۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن بولسامۇ، لېكىن پىكاپنىڭ رەڭگى، شەكلى بولۇپمۇ مېھرى مېنىڭ يۈرىكىمگە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. كۆزۈمگە راستىنلا ئىشەنمەي قېلىۋاتاتتىم. چۈنكى خۇاپېڭ بىلەن لى يا پىكاپتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چۈشۈپ، پىكاپنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەن ھېلىقى قوشماق شەيتانچاقلارنىڭ سۈرەن ـ چوقانلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— خۇاپېڭ تاغاڭلارغا خوش دەڭلار، ـ دېدى لى يا قىزلىرىغا.

كۈتۈلمىگەندە، بۇ بىر جۈپ شەيتان خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئاپىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ، خۇاپېڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. خۇاپېڭمۇ مېھرىبانلىق بىلەن قىزلارنى قۇچاقلىدى، قىزلار بولسا خۇاپېڭنىڭ مەڭزىگە توختىماي سۆيەتتى.

— ئەمدى گەپ ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاڭلار، ئاپاڭلار ساقلاپ قالدى، - دېدى خۋاپېڭ كۆزى قىيمىغان هالدا.

— تاغا، مەن گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، - دېدى قىزچاقلارنىڭ بىرى قوشاقچەك ۋىچىرلاپ، - سىز ماشىنىڭىز بىلەن مېنى يەنە ئويناتامسىز؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، - خۋاپېڭنىڭ سۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق ۋە ئورغۇلۇق ئىدى، - بۇندىن كېيىن مەن سىلەرنىڭ مەخسۇس شوپۇرۇڭلار.

مەن ماغدۇرسىز هالدا دەرەخكە يۆلىنىپ قالغانىدىم. قەلبىمنى بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز ئاچچىق ئەلەم، پۇشايمان، غەزەپ - نەپرەت تامامەن ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە لى يا شەك - شۈبهىسىز هالدا مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ يۈزىگە تو-كۇرگۇم، چايناپ پۇركۈۋەتكۈم كېلەتتى. تۇمشۇقۇمغا يەپ تۇرۇپ يەنە لى يا بىلەن قايتىدىن ئىزدەشكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى كاچاتلايتتىم. پۇشايمان ئىلكىدە قىلدەك تولغۇناتتىم، نەگە كېتىۋاتقانلىقىم ئېسىم-دە يوق ئىدى...

بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى مەن كېتىۋاتقان بۇ يولنى رېمونت قىلدى دې-گەندىن كۆرە، باشقىدىن ياسىلىۋاتقان يول دېسە توغرا بولاتتى. ئالدىم-دىلا تىرەن بىر ئورەك بولۇپ، ئورەك تۈۋىدىكى سانجىپ قويۇلغان بىر كىچىك ياغاچقا خىرە يېنىپ تۇرغان كىچىك بىر قىزغۇچ لامپۇچكا ئېسىپ قويۇلغانىدى.

ئەگەر مەن ئازراقلا دىققەت قىلمىغان بولسام، ئۇ چاغدا خۇاپىڭنى لى ياغا ئوڭچە تاشلاپ بېرىپ، بۇ ئالەمدىن ئەنە شۇنداق مەۋھۇم ئۈمىد، ئاچچىق ئازاب ۋە تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمان ئىلكىدە كۆزۈم ئوچۇق، نام ـ نىشانسىز كەتكەن بولاتتىم. مېنى پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلىغاندى. چۈنكى ھېلىقى ئورەك خۇددى ئەزرائىلنىڭ ئېغىزىدەك كالچارىغىنىچە، مېنى خۇددى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى...

ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۈنسىز تۆككەن ياشلىرىم ياستۇقۇمنى ھۆل قىلىۋەتكەن بولۇپ، يۈرىكىم ئاغرىيتتى. ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ كەتتىم، پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر يوق، بېشىم ئېغىر، كۆڭلۈم بىئارام ئىدى. گەرچە ياز پەسلى بولسىمۇ توڭلاپ، تىترەيتتىم، سوغۇق تەرلەيتتىم، ناشتىغا كۆڭلۈم زادىلا تارتمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تال ئاغرىق توختىتىش كاپسۇلى بىلەن ئۆزۈمگە ئاز ـ تولا تەسەللى تاپقان بولدۇم. ئىشقا بارمىسام بولمايتتى. لېكىن ئىشقا بېرىشتىن ئاۋۋال ھەممىدىن مۇھىم يەنە بىر ئىشنى پۈتتۈرۈۋالمىسام زادىلا بولمايتتى. چۈنكى، بۇ قارار بىر ئاخشاملىق قاتتىق ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، لى يانىڭ خۇاپىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا داۋاملىق قىسىلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەتتىكى چاغلارغا قارىغاندا ئۆيدىن بىر سائەت بۇرۇن چىقىپ، ئاخشام ھاياتىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالغان ھېلىقى يول بۆلىكى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ يول بۆلىكىنىڭ ياسالماي

تاشلىۋېتىلىپ، ئىككى تەرىپىنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكىگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن يان تەرەپتىكى كىچىك بىر تارچۇقتىنلا بۇ يول بۆلىكىگە كىرىپ كەلدىم. ھېلىقى ئورەكنىڭ ئېغىزى ئىككى مېتىر كەڭلىكتە، يول بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلەتتى. پەرىزىمچە، ئۇ ئورەك يەتتە سەككىز مېتىر ئەتراپىدا چوڭقۇر، تاش، بېتون پارچىلىرى ۋە تۆمۈر ـ تەرسەكلەر بىلەن پەقەت شۇنچىلىكلا تىندۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئورەكنىڭ ئەينى چاغدا زادى نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. ناۋادا تۇنۇگۇن ئاخشام بۇ ئورەككە راستىنلا چۈشۈپ كەتكەن بولسام ھاياتىمدىن ئايرىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھېلىقى پارچە ـ پۇراتلار بەدىنىمنى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتكەن بولاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر چېقىۋېتىلگەن، ئانچە يىراق بولمىغان يان تەرەپتە ئىشلىتىشتىن توختىغان كونا بىر ياغاچ ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەتراپ خۇددى گۆردەك تىمتاس، ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭمۇ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىچىمدە بولسا توختىماي پىچىرلايتتىم: مېنىڭدىن ئاغرىنمىغىن لى يا، چۈنكى كىم سېنى مېنىڭدىن يىگىت تالاش دەپتۇ؟ دەسلەپتىغۇ ئۆز تەقدىرىمگە تەن بېرىپ، ھەممە ئازابنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتكەندىم. بۇ قېتىم ساڭا ھەرگىز يول قويمايمەن!

چېنىقىش ئورنىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا بارلىق پىلانلارنى ئىچىمدە تولۇق پىشۇرۇپ بولدۇم. لى يانىڭ كۆز قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلەتتىم. ئادەتتە ئۇ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويماس-

لىق ئۇچۇن كۆزەينەك تاقىمايتتى. نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بىر ئىش، ھېلىقى ئورەك تۈۋىدىكى قىزغۇچ لامپوچكىنى كۆزدىن يوقىتىش ئىدى...

لى يانى ئۇ يەرگە باشلاپ بېرىشقا تامامەن كۆزۈم يېتەتتى. چۈنكى ئۇ ماڭا ئىشىنەتتى. ئەگەر باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىمىسام پىلانىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قىل سىغمايتتى. ناۋادا لى يانىڭ ھېلىقى يول بۆلىكىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولۇپ قالسا ئۇنىڭغىمۇ ئامالىم بار ئىدى. ئەگەر لى يا ھېلىقى ئورەككە يىقىلىپ ئۆلمەي قالسا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇپ كېتەر؟ مەيلى قانداق بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ پىلاندىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىك مېنىڭ ئاخىرقى قارارىم ئىدى. چۈنكى لى يا مېنىڭ يىگىتىمنى تارتىۋالىمەن دەيدىكەن، مېنىڭمۇ ئۆز بەختىمنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقوقۇم بار ــ دە، ئەلۋەتتە !

# 7

لى يانىڭ دۇكىنى يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى ئىچىدە بولۇپ، كۆلىمى چوڭ بولمىغان نەچچە يۈزلىگەن تىجارەت دۇكانلىرىغا ئوخشاش تىجارەتتە خانىم ــ قىزلار ئۈچۈن باھاسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان كىيىم ــ كېچەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۈگۈن شەنبە كۈنى بولغاچقا لى يا دۇكىنىنى كەچ سائەت سەككىزلەردىن كېيىن ئېتەتتى. قىزلىرنى ئاپىسى ئېلىپ كەتمىگەنلا بولسا، دادىسىنىڭ قېشىغا كەتكەن بولاتتى. بۈگۈن مەن مەقسەتلىك ھالدا تەنھە-

رىكەت كىيىمى ۋە چوڭ رەزمىلىك ساياھەت ئايىغى كىيىپ، تورت، مېۋە ـ چېۋە، مىنېرال سۇ قاچىلانغان سەپەر سومكىسى يۈدۈۋالدىم. بۇلار مېنىڭ پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئا. لاھىدە قوراللار ئىدى. تەييارلىقلارنى بىرەر قۇر پۈتتۈرۈپ، لى يا ئىشتىن چۈشۈپ چوقۇم ئۆتىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىدا ئۇنى زارىقىپ كۈتۈشكە باشلىدىم. بىر چاغدا لى يانىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى. مەن ئامال بار ئۆزۈمنى تەبىئىي تۇتۇپ، ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپ. كە قاراپ قەدەم تاشلىدىم. كۈتكىنىمدەك كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تەبىئىي ئۇچرىشىش» ھە. قىقىي ئۈنۈم بەرگەنىدى...

— ھەي، شياۋكەي، سىزنى بۇ ياقلارغا قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— بىرنەچچە دوستلىرىم بىلەن ئايلىنىپ كەلگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى مېنى مۇشۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى، ـ جاۋابىم تەييار ئىدى.

— ئەگەر ۋاقىت بالدۇرراق بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. لى يا سائىتىگە قاراپ قويدى.

— بۈگۈن ھاۋامۇ يامان ئەمەس، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىدۇ، بىرنەرسە يەپ كەلسەك قانداق؟ ـ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەنىدىم.

لى يانىڭ بىردەم ـ بىردەم سائىتىگە قارىغىنىغا قارىغاندا، ئىك. كىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن بولسام تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش بىلەن ئاۋارە ئىدىم.

— ئېھتىمال قىزلىرىڭىز ئاپىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئويناۋاتقان بولۇ.

شى مۇمكىن، يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ ھەپتە ئاخىرىسى بولغان-دىن كېيىن ھەرھالدا ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قوياي.

گېپىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى. مېنىڭچە بولسا لى يا ئۆيگە تېلېفون ئۇرمىسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ناۋادا ئۇنىڭ شەيتان-چاقلىرى ئۇنى ھازىرلا قايتىپ كەل، دەپ جىدەل قىلىپ تۇرۇۋالسا، پۈتكۈل پىلانىم بىراقلا يوققا چىقاتتى. تەلىيىمگە لى يامۇ تېلېفون ئۇرۇش نىيىتىدىن ياندى.

— بولدىلا، بىرەر قېتىم كىچىككىپرەك بارغانغا ھېچنېمە بولۇپ قالماس. راست گەپنى قىلغاندا، قورسىقىمنىڭ دومباق چالغىنىغىمۇ خېلى بولۇپ قالغاندى.

— ئەگەر چىدىيالماي قالغان بولسىڭىز ماۋۇ نەرسىلەر بىلەن قورسىقىڭىزنى ئاز - تولا ئەستەرلەپ تۇرۇڭ.

لى يا سومكامدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆرۈپ، كۆزلىرى خۇددى كىچىك بالىلارنىڭكىدەك چاقناپ كەتتى.

— پاھ، پاھ، كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا - ھە! ئۇنداق بولسا تارتىنىپ ئولتۇرمىدىم ئەمىسە.

— خالىغىنىڭىزچە ئېلىۋېرىڭ، ئەگەر تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قال-مىغان بولساق، بەربىر سىزنى ئىزدىگەن بولار ئىدىم. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بۇيان كۆڭلۈم بەكلا پەرىشان.

— نېمە ئىشلار ئۇچۇن ئەمدى؟ ھە، راست، كەچلىك تاماقنى نەگە بېرىپ يەيمىز؟

— مۇشۇ ئەتراپتا بېلىق قورۇمىسى قىلىدىغان ياخشى بىر ئاشخا-
نىنى بىلىمەن، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.
— ئەگەر ماۋۇ يېمەكلىكلەرنى ئېلىۋالمىغان بولسىڭىز، ئالدىبۇ-
رۇن مادارىمدىن كەتكەن بولاتتىم.
مەن ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم ۋە:
— تۈنۈگۈن ئۆيىڭىزدە يوق ئوخشىمامسىز؟ تېلېفون ئۇرۇپمۇ
زادىلا ئالالمىدىم.
— قىياسىڭىز توغرا، ئۆيدە يوق ئىدىم.
— يانفونىڭىزمۇ ئېتىك ئىكەن.
— توكى تۈگەپ قاپتىكەن، ئەمەلىيەتتە مەن تۈنۈگۈن... — لى يا
نېمە ئۈچۈنكى گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىۋەتتى، — كۆڭلىڭىز نېمە
ئۈچۈن پەرىشان؟
— ئەنسىرىگۈدەك ئۇنچىلىك چوڭ ئىشمىغۇ يوق. لېكىن، چېنى-
قىش ئورنىمىزدىكى پور كۆتەك خوتۇنلارنىڭ غەيۋەت — شىكايەتلىرى
قۇلاق — مېڭەمنى يەپلا كېتىۋاتىدۇ. ھە راست، خۇاپېڭنىڭ ئاچىسى با-
لىلارنى كۆرگىلى يەنە باردىمۇ؟
لى يا بېشىنى ئاستا چايقىدى ۋە قوشۇپ قويدى:
— ئۇ خوتۇننىڭ قولى بەكلا ئۇچۇقتەك قىلىدۇ.
— ئۇلار ئاچا — ئۇكا ئىككىسى ئازراقمۇ ماس كەلمەيدىكەن. ئى-
نىسى بولسا ئەڭ كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى، ئاچىسى
بولسا تولۇمدەك سېمىز ۋە كېلەڭسىز.
— راست دەيسىز، — لى يانىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلىپ كەتكەن-
دى، — خۇاپېڭ ھەقىقەتەن كېلىشكەن يىگىت. ئۇلارنى كۆرگەن ھەر-

قانداق بىر كىشى ئۆلارنى ھەرگىزمۇ بىر قورساق قېرىنداش دېمەيدۇ. - لى يا مۇرەمگە شاپىلاقلاپ قويدى، - قورسىقىم تويۇپ قالدىمۇ قانداق؟ بىرئازدىن كېيىن بېلىق قورۇمىسىنى نەرىمگە يەرمەن؟

— يول تېخى خېلى بار، يېتىپ بارغۇچە سىڭىپ كېتىدۇ.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا ئۇ ئاشخانا بۇ يەردىن خېلىلا يىراق ئوخشىمامدۇ؟

— يىراق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— مەن بۇ يولدىن مېڭىپ باقمىغانىكەنمەن. بۇ يولدا چىراغمۇ يوق ئىكەن دېسە، قېرىشقاندەك كۆزەينىكىمنىمۇ ئېلىۋالماپتىكەنمەن.

— ئازراقلا ماڭساق تۈز يولغا چىقىۋالىمىز، مېنى قولتۇقلىۋېلىڭ. بۈگۈن ئاخشام سىزگە ئۆزۈم يول باشلايمەن، - مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويدۇم.

— ھېلىقى پور كۆتەك خوتۇنلار چىشىڭىزغا تېگىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ خوتۇنلارنىڭ دېيىشمەيدىغان سۆزى يوق، ئارقامدىن مېنى قېرى قىز دەپ مازاق قىلىپ يۈرۈشىدۇ.

— دېمىسىمۇ شارائىتلىرىڭىز شۇنداق ياخشى تۇرۇپ، ئۆزىڭىز-نىڭ ئىشىغا ھېچ ئىچىڭىز پۇشمايدۇ دېسە.

— سىزمۇ ياش، بالىلىرىڭىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدا بىرەر لايىق تېپىۋالسىڭىز بولاتتى. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقسىڭىز كېيىنچە بالىلار-مۇ يېتىلىپ قاپ يۈرمەيتتى.

لى يا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئەر خەق دېگەننىڭ ئۆگەيلىكى يامان، ئىشەنچىسىز كېلىدۇ.

— سۆلىن بىلەن يارىشىۋېلىش ئويىڭىز يوقمۇ؟ ئاڭلىسام سۆلىن ھېلىقى ئۈچىنچى شەخس بىلەن توي قىلمىغان ئوخشايدىغۇ؟

— ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئالدىنىپ يۈرمەيمەن. بۇ يەر بەكلا قاراڭ-غۇ ئىكەن، بىرئاز قورقۇۋاتىمەن.

مەن گەپنى يەنە ئەگىتتىم.

— ئاڭلىسام، ھېلىقى بودەكىنىڭ ئىنىسىمۇ توي قىلمىغان ئوخ-شايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى قىز دوستىمۇ يوق ئىمىش.

— خۇاپېڭنى دەمسىز؟ - لى يا كۈلۈپ قويدى، - ئەمەلىيەتتە تۇ-نۇگۈن بىز ...

— بىز؟ كىملەرنى دېمەكچىسىز؟ - مەن ئالدىراپ سورىدىم.

— بولدىلا، سىزگە كېيىنچە سۆزلەپ بېرەي.

لى ياڭنىڭ سىرلىق سۆزلىرى يۈرىكىمگە شاپىلاق بولۇپ تەگكەن-دەك، تولغىنىپ كەتتىم. ئەگەر ھازىر سۆزلىۋالمىساڭ، كېيىنچە ساڭا مەڭگۈ پۇرسەت يوق دەپ پىچىرلايتتىم ئۆزۈمگە. ئەمدىلىكتە ئۇ-نىڭغا يەنە ئېغىز ئۇپۇرتۇپ يۈرۈشۈمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قال-مىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئايغىمنىڭ بوغقۇشىنى چىگىۋېلىش باھا-نىسى بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. پەرىزىمچە، ھېلىقى ئورەك بىلەن ئارىلىقىمىز پەقەتلا بىر مېتىردەك قالغانىدى. ھېلىقى قىزىل چىراغ غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىگەنىدىم. چۈنكى باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇش، پىلانىمنىڭ مەغلۇبى-يىتىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە! ئەمدىكى گەپ لى ياڭنىڭ دىققىتىنى بۇراشتا قالغانىدى.

— بۇ لامپۇچكىنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئورنىتىپ قويغاندۇ؟ قا-

رىغاندا، بۇ رېمونت قىلىنىۋاتقان يول بولسا كېرەك، ـ لى يا تىترەك ئاۋازدا سورىدى، ـ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭىز؟

مەن لام ـ جىم دېمىدىم. لى يا ئالدىغىراق مېڭىپ، سەنتۇرۇلۇپ دېگۈدەك ئاران توختىۋالدى. مەن ئاستىلا ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھامان بىچارە لى يا ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە ئورەك ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئورەك ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان پەس لېكىن ئېچىنىشلىق ئاۋاز بېسىقىپ، ئەتراپ يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا كىملەرنىڭدۇر سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. قىياسىمچە، بۇ ئاۋاز يول ئېغىزىدىكى شاخماتچىلارنىڭ تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىكى ئاۋازىدەك قىلاتتى. بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلمىسام بولمايتتى. پۇت ـ قوللىرىم تىترەپ قەدەملىرىم قولاشمايتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىم تەر دەستىدىن بەدىنىمگە چاپلىشىپ كەتكەن، چىشلىرىم قورقۇنچ ئىلكىدە خۇددى زېمىستاندا يالىڭاچ قالغان گادايىنىڭ چىشىدەك كاسىلدايتتى...

مەن لى ياغا قەست قىلغاندىم. ياق، ياق، مەن ئەمەس ئۇ ئۆزى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئورەككە چۈشۈپ كەتكەندى. ئېنىقكى، لى يا ئۆلگەندى. چۈنكى بايا ئورەك ئىچى تۇيۇقسىزلا جىمىپ كەتتى. ناۋادا ئۇ ھوشىدىن كەتكەن بولسىچۇ؟ ئەتە باشقىلار ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالسا تەقدىرىم قانداق بولۇپ كېتەر؟ ھازىرلا ساقچىغا مەلۇم قىلغىنىم ياخشىمۇ قانداق؟ ئەگەر ساقچىغا مەلۇم قىلسام ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئۈلگۈرۈشۈم مۇمكىن. لېكىن ئۇ ھازىر ئۆلمىگەن بىلەن، ئەتىگىچە قانسىراپ ئۆلۈپ قېلىشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى ئورەك ئىچىدىكى بۆرە چىشىدەك ھىڭگىيىپ تۇرغان

پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر ئادەمنىڭ ھۆسن ـ جامالى بىلەن نېمە ئىشى دەيسىز ؟

شۇ پەيتتە كاللامدىكى گادىرماچ خىياللار بىلەن ھەقىقەتەن گاڭ-گىراپ قېلىۋاتاتتىم. بىراق قانداقلا ئىش يۈز بەرمىسۇن ماڭا كېرىكى لى يانىڭ ئۆلۈمى ئىدى. ناۋادا لى يانى پەرۋەردىگار ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ھايات قېلىپ، ئەتىلىككە باشقىلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ قېلىنسا ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەقىلگە مۇۋاپىق بىرەر باھانە تېپىۋېلىشىم كېرەك ئىدى.

ئەگەردە ئىش مەن كۈتكەندەك بولماي قالسا ئەينى چاغدا ئۆزۈمنىڭ قورقۇپ كېتىپ، خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغانلىقىمنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋېلىش ھەرھالدا ئاز ـ تولا بولسىمۇ قايىل قىلارلىق باھانىدەك قىلاتتى. يامىنى كەلسە «باشقىلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرمىغان... » دېگەن يامان ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن شۇ! سۈيىقەستىمنى ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالسىلا باشقىلار، ھەتتا ساقچىلارمۇ مېنى يەنە نېمە قىلالايتتى؟ چۈنكى مېنىڭ لى يا بىلەن ساۋاقداش شۇنداقلا يېقىن دوست ئىكەنلىكىم ھەممىگە ئايان.

ئەنە شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئاخىرى ئۆزۈمنى خېلىلا تۇتۇۋالغان بولدۇم. لېكىن پۇت ـ قوللىرىم خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك يەنىلا توختىماي تىترەيتتى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەتراپقا يوشۇرۇنچە تەپسىلىي نەزەر تاشلىدىم. بەختىمگە يارىشا ئەتراپتا ھەتتا بىرەر كىشىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆيگە كىردىم ـ دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يوتقانغا پۈركۈنىۋالدىم ۋە

ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم ...

ئەتىسى لى يانىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئورەك ئىچىد-
دىكى پولات ـ چۆيۈق ئۇنىڭ مەيدىسىنى تېشىپ كىرىپ دۈمبىسىدىن
چىقىپ پاجىئەلىك ئۆلگەنىدى. ساقچى تەرەپ بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىنى تەك-
شۈرۈپ ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەي، ئاخىرى كۈتۈلمىگەن
ھادىسە دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى...

# 8

لى يا قازا قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بىراۋ مېنى ئۆيۈمگە
ئىزدەپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، مەن مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان ھەربىر
مىنۇت، ھەربىر سېكۇنتنى ئالەمچە تەشۋىش ئىچىدە، ھەتتا ئۆزۈم-
نىڭ سايىسىدىنمۇ چۆچۈپ دېگۈدەك، ئەنسىزچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋا-
تاتتىم. بولۇپمۇ، ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككى كۈنگىچە ئۇخلىسام قارا
بېسىپ، ئىشتىھايىم تارتىلىپ تۈگىشىپلا كەتكەنىدىم. چۈشۈمدە
دائىم باش، كۆزى قانغا بويالغان بىر ئەرۋاھ قولىغا چوڭ بىر پىچاقنى
ئېلىۋېلىپ، مېنى داۋاملىق يار تۈۋىگىچە قوغلاپ كېلەتتى. بەزى چاغ-
لاردا مەن چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتىم. ئاۋازىم بەزىدە چىقسا، بە-
زىدە بوغۇلۇپ، چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمگىنىمچە چۆچۈپ ئويى-
غىنىپ كېتەتتىم.

بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ كىشى دەل ئىلگىرى ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر بولسا بىرنەچچە كەسپىي ئوتتۇرا مەك-
تەپلەرنىڭ تەكلىپلىك دوتسېنتى بولۇپ بېيىپ كەتكەن سابىق يىگى-

تىم سۇ لىن ئىدى!

— مەندە نىمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ - دەپ سورىدىم پەرۋاسىزلارچە.

— لى يا ئىلگىرى ماڭا سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۈگۈن سىزنى خىزمەت ئورنىڭىزغا ئىزدەپ بارسام، سىزنى ئاغرىپ قالغاچقا رۇخسەت سورىغان دەيدۇ. ئادرېسىڭىز بويىچە ئۇدۇللا ئۆيىڭىزگە كەلدىم، قانداق، ياخشى بولۇپ قالغانسىز؟

— ئەنسىرەپ كەتكىچىلىكى يوق. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى تۇرۇپ قالغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قورۇمىسى يەپ قويۇپ، ئاشقازىنىم يالللۇغلىنىپ قالغاچقا داۋالانغاچ دەم ئېلىۋاتىمەن. ھەرھالدا كېلىدىغانلىقىڭىزنى تېلېفون ئارقىلىق ماڭا دەپ قويغان بولسىڭىز بوپتىكەن.

— تېلېفون بېرىشنىڭ ئويلىغان. لېكىن، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىۋېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم.

ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. سۇ لىن ئادەتتىن تاشقىرى سەمىرىپ كەتكەن بولۇپ، تولىمۇ كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم. لېكىن ساپما كەش كىيىۋېلىشقا يول قويمىدىم. بۇ مېنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئادىتىم ئىدى. سۇ لىن كىرىپلا ئىشىكتە جايلىشىپ تۇرۇشقا دەرھال سوئال سورىدىم.

— لى يانىڭ ئۆلۈمىدىن ۋاقىپلىنىپ تولىمۇ قايغۇردۇم، قوشماقلار ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئۇلارنى لى يانىڭ ئاپىسى ئېلىپ كەتتى.

— ئۇلارغا ھەقىقەتەن تەس بولىدىغان بولدى.

سۇ لىن سۇكۇت بىلەن بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ تۇيۇق-
سىزلا سورىدى:

— سىز مېنىڭدىن نەپرەتلىنەمسىز؟

مەن ياسالما ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن
جاۋاب قايتۇردۇم:

— سىزدىن نېمە ئۈچۈن نەپرەتلەنگۈدەكمەن؟

— ئۇنداقتا سىز لى يادىن نەپرەتلىنەمسىز؟ - سۇ لىن ياندۇرۇپلا
سورىدى.

— بۇ سوئالىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق؟

مەن ئۇنىڭغا دوستانىلارچە تىكىلدىم - يۇ، لېكىن ئاۋازىم
كەسكىن ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا تىلىم سۆزدە بولغىنى بىلەن
كۆڭلۈم دەككە - دۈككىدە ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا قاراشلىرى، سو-
رىغان سوئاللىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى مېنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويۇۋا-
تاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مېنى تۇيۇقسىزلا ئىزدەپ كېلىشى
ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەستەك قىلاتتى.

سۇ لىن ماڭا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يانچۇقىدىن
يېشىل رەڭلىك ئىككى دانە مارجاننى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى. بۇ
ھالدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم ۋە دەرھال ئۆزۈمنى
تۇتۇۋالدىم. چۈنكى ئۇ مارجانلار مېنىڭ ئىدى. ئەينى چاغدا لى يا يې-
قىلىش ئالدىدا بىلىكىمگە ئېسىلغان بولۇپ، ئىككىنچى كۈنى مەن
ئۇ مارجاننىڭ غايىب بولغانلىقىنى بايقىغانىدىم. بىلىكىمدە ئۇنىڭ
تىرناق ئىزى بولۇپ، ھازىر تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتكەنىدى. بېشىم-
نىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى، پۇت - قوللىرىمنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقى-

نى ھېس قىلىۋاتاتتىم. لېكىن چىراي ئىپادەمنى ئامال بار ئۆزگەرت-مەي تەمكىن ھالدا سۇ لىنغا تىكىلدىم.

— بۇ مارجانلار لى يانىڭ يېنىدىن بايقالدى، — دېدى سۇ لىن مار-جانلارنى ئىشارە قىلىپ، — ساقچىلار بۇ مارجانلارنى لى يانىڭ دەپ ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. لېكىن، مەن بۇلارنىڭ ئەسلىي كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىمەن.

مەن مارجانلارنى قولۇمغا ئېلىپ تەپسىلىي بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۇ لىنغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

— بۇ مارجانلار ئەسلىي مېنىڭ، چۈنكى بۇ مارجانلارنى مەن خېلى يىللاردىن بۇيان يېنىمدىن ئايرىماي كەلدىم.

سۇ لىن خۇددى تەجرىبىلىك رازۋېدچىكتەك، جىددىي ھالدا مې-يىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— مارجانلارنىڭ ئەزەلدىنلا سىزنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. چۈنكى ئەينى چاغدا مەن ئۇنى سىزگە سوۋغا قىلغان. لېكىن، بۇلار لى يانىڭ يېنىدا قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟

مەن ئۇستىلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۈلگۈردۈم.

— مەن بۇلارنى قىزلىرىڭىزغا سوۋغا قىلغان. ئۇلار قولۇمدىكى مارجانلارنى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ تالاشقانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ مارجانلار ھېچقانچە پۇلغىمۇ ئەرزىمەيتتى.

مەن مەقسەتلىك ھالدا سۇ لىنغا قاراپ قويدۇم. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە كاللام خېلىلا ئىشلىگەنىدى. چۈنكى، باللار تېخى كىچىك بولغاچقا، مەسىلە بەكلا چىگىشلىشىپ كەتمەيتتى.

— مۇنداق دەڭ، — سۇ لىن لاسىدە بولۇپ قالدى.

مەن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي سۇ لىنغا قارىتا پىسخىكا ھۇجۇ-
مىنى باشلىدىم.

— ھە، ئەمدى بىلدىم. بايا سىزنىڭ مېنىڭدىن سورىغان تۇترۇق-
سىز سوئاللىرىڭىز ئەسلىدە مەقسەتلىك ئىكەن ـ دە؟ قارىغاندا، سىز
مېنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

سۇ لىن ھۇدۇقنىدىن جايىدا ئولتۇرالمايلا قالغانىدى.

— ياق، ياق، ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. لېكىن، لى
يانىڭ ئۇنداق خەتەرلىك يەرگە يالغۇز بېرىشى ھەقىقەتەن كىشىنى
ئەجەپلەندۈرىدۇ.

مەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

— سۇ مۇئەللىم، ئۇنداقتا مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، مەن شۇ
كۈنى لى يانى ئۇ يەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئورەككە
تۈيدۈرماي ئىتتىرىۋەتتىم. قېنى ئېيتىڭە؟ مېنىڭ شۇنداق قىلىشتى-
كى مەقسىتىم نېمە؟ دەل سىز بايا دېگەندەك مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلى-
نىمەن. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ يىگىتىمنى تارتىۋالغان. قانداق، ھېكايەم
ئەقىلگە مۇۋاپىقمىكەن؟ لېكىن كۆڭلۈمدىكى راست گەپنى قىلسام،
مەن لى ياغا ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك ساقلاپ باقمىدىم. چۈنكى، ئۇ
مېنىڭ نەزىرىمدە باشقىلار تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن
بىر بىچارە تۇل خوتۇن. سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قويايكى،
مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلسام قىلدىمكى، ئەزەلدىن ئۇنىڭغا سىز
گۇمانلانغاندەك ھېچقانداق غەيرىي خىيالدا بولۇپ باقمىدىم. سىزدىن
نەپرەتلىنىشنىڭ تېخمۇ ئورنى يوق. ئەڭ ياخشىسى ئەينەككە قاراپ
بېقىپ ئاندىن قېشىمغا كەلسىڭىز بوپتىكەن. ناۋادا بىرەر كوچىدا

ئۆچرىشىپ قالغان بولساق، سىزنى ھەرگىزمۇ تونۇيالمىغۇدەكمەن...

سۇ لىن قولياغلىقى بىلەن ھە دەپ تەرلىرىنى سۈرتەتتى. ۋاقىت-سىز سېمىزلىك كۆز ئالدىمدىكى بۇ بىچارىنى باشقىچىلا بىر بەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى...

— كەچۈرۈڭ، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. سىزنىڭ بايىقى بايانلىرى-ڭىزنىڭ ھەممىسى چاقچاق، شۇنداققۇ؟ مەن سىزدىن پەقەتلا گۇمانلان-غىنىم يوق، - سۇ لىننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەنىدى.

مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم نەشتەردەك تىكىلدىم.

— مەن سىزگە چاقچاق قىلمىدىم. پەقەت سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدى-كىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەردىم، خالاس! مەن لى يادىن نەپرەتلەنگەچكە، ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق قاتىللىق قىلدىم.

سۇ لىن بېشىنى قاشلاپ قويدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بۇ مارجاننىڭ ئىشىنى ساقچىلارغا دېمىدىم. لېكىن لى يانىڭ ئۆلۈمىدىن ھەقىقەتەن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى، ئۇ ھەرگىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايدۇ. ئەگەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋۋالماقچى بولغان بولسا مېنىڭچە، ئۇ يەرلەرگە بېرىپمۇ يۈرمىگەن بولاتتى. باش-قىلارمۇ ئۇنى قەستلىمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ باشقىلار بىلەن ئەزەلدىن زىددىيەتلىشىپ باقمىغان. مەن ئۇنىڭ كېچە سەيلى-سىگە گىرىپتار ئىكەنلىكىنىمۇ پەقەتلا بايقاپ باقمىغان. بۇنىڭغا مەن گۇۋاھ بولالايمەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەرقانداق كىشىنى ئەجەپ-لەندۇرمەي قالمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ سىرلىق. شياۋكەي، مەن يېقىندىن بۇيان بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەي كاللام گاراڭ بولۇپ كەتتى. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى ئۈمىد

قىلىمەن. چۈنكى سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ يۈر-مەيسىز. مەن پەقەت بۇ مارجانلار ھەققىدە... لېكىن مەن بايام ئېيتقان-دەك، بۇ مارجاننىڭ ئىشى توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنىپ باقمىدىم. سىز لى يا بىلەن يېقىن دوستلاردىن. مەن بولسام لى ياننىڭ ... بىر كۆنلۈك ئەر ـ خوتۇننىڭ يۈز كۆنلۈك مېھرى بولىدۇ، دەپتىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ دادىسى. ئېيتىڭە، بۇ ئىشلار نېمە دېگەن مۇرەككەپ ـ ھە؟

مەن سۇ لىنغا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم.

— راست دەيسىز. لى ياننىڭ ئۆلۈمىگە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. بەختسىزلىك دېگەن ئەنە شۇنداق رەھىمسىز بولىدىكەن. سۇ لىن، كىچىك چاغلىرىمىزدا كۆرگەن ياپونىيەنىڭ «قوغلاپ تۇتۇش» دېگەن فىلىمى يادىڭىزدىمۇ؟ فىلىمدە بىر كىشى يەنە بىر كى-شىگە مەقسەتلىك ھالدا بىخۇدلۇق دورىسى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلىدۇ. نەگە بار دەپ بۇيرىسا ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇندايدۇ...

سۇ لىن بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزغا قايىلمەن. لېكىن قانۇن دوختۇر-نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تېنىدە ئەكس تەسىر بېرىدىغان ھېچقانداق زەھەرلىك نەرسە بايقالماپتۇ.

— ئۇنداقتا... كاللامغا دەرھال بىر سوئال كەلگەنىدى، ـ ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان بىرەرسى بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەنمىدى-ڭىز؟ بۇ ئىش ئېھتىمال...

— ئىسىمدە يوق. بەلكىم بىرەرسى بىلەن ئارىلىشىۋاتقان بولسى-
مۇ ئارىلىشىۋاتقاندۇ. ئۇنىڭ بىرەرسى بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى
سىز بىلەمتىڭىز؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن بىركۈنى مەن لى يانىڭ بىر يىگىت
بىلەن ماشىنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىۋىدىم.
لېكىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، ئۇنى چوقۇم لى يا
دەپ مۇتلەقلەشتۈرەلمىگەنىدىم. بۇ ئىش توغرىسىدا كېيىنچە لى
يادىن سوراپمۇ يۈرمىگەنىدىم. لى يانىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قايتىدىن
باشلاش هوقۇقى بار. ئېھتىمال ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن مۇشۇ قازاغا
ئۇچرىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ تېخى بىزگە نامەلۇم. بىراق مەن
لى ياغا ئىشىنىمەن، ئۇ ھەرگىزمۇ بىردەملىك ئازابنى دەپ بەل
قويۇۋەتمەيدۇ.

سۇ لىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تال تاماكا
چىقىرىپ تۇتاشتۇراي دېدى-يۇ، ئۇيېنچىگە قاراپ قويۇپ يەنە قايتى-
دىن يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

سۇ لىن، خوشلىشىش ئالدىدا ماڭا يېقىملىق تىكىلدى.

— مەن سىزنى يوقلاپ تۇرسام بولامدۇ؟

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك پەقەت كۈلۈپلا قويدۇم.

— باللارغا بەكلا ئۇۋال بولدى، - دېدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋې-
تىپ ئېغىر ئۇھ تارتقان هالدا.

سۇ لىن كېتىپ ئاز ئۆتمەيلا كېلىشكەن بىر ساقچى يىگىتمۇ
ئىشىكىمنى چەكتى. ئۇ مېنىڭ لى يا بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئى-
كەنلىكىمنى ئاڭلاپ، ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىش ئىستىكىدە، مېنى

ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى يېقىملىق، ئۆزى ئىنتايىن سالماق بولۇپ، ئۆز خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان تەجرىبىلىك ساقچىدەك قىلاتتى.

ساقچىنىڭ ئېيتىشىچە، لى يانىڭ ئۆلۈم سەۋەبى ئاللىبۇرۇن مۇ-قىملاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن لى يانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، جۇم-لىدىن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئېرىمۇ بۇ ۋەقەنى كۆتۈلمىگەن ئۆلۈم ھادىسى-سى دەپ قارىمايدىكەن. لېكىن نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھا-دىسىنى پەقەت شۇنداق دەپ مۇقىملاشتۇرماستىن باشقا ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق ئىكەن.

— ئېھتىمال لى يانى ئۇ يەرگە بېرىشقا پەرۋەردىگار بۇيرىغان ئوخشايدۇ، - دېدى مەن دىمەتلىك بۇ ساقچى يۇمۇرلۇق قىلىپ، - لى يانىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەن يېشىلمەس بىر سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ساقچى سۆھبەت داۋامىدا مېنىڭ شېن خۇاپىڭ ئىسىملىك بىر-سىنى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىمنى سورىدى.

— مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئاچىسى بىلەن يېقىن تونۇش. چۈنكى ئۇنىڭ ئاچىسى چېنىقىش سارىيىمىزنىڭ دائىملىق مېھمىنى، - دېدىم مەن سالماقلىق بىلەن.

— لى يانىڭ يانفونىدا ئۇنىڭمۇ تېلېفون نومۇرى بار ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەنمۇ يۈزلەشتۇق. خۇاپىڭ ئۆزىنىڭ ھادىسىدىن بىر كۈن ئىلگىرى لى يا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتى-راپ قىلدى، - ساقچى نېمە ئۈچۈندۇر دەرھال سۆزىدىن توختاپ ئۆيئى-

چىگە تەپسىلىي بىر قارىغۇەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز سورىدى، ـ مەن ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ، كىشىنى ئەيمەندۇر- گىدەك پاكىز تۇتۇلغان ئۆيىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، سىزگە ھەقى- قەتەن قايىلمەن.

ــ ئاشۇرۇپ ماختىۋەتتىڭىز، ـ مەن كەمتەرلىك بىلەن يانغا قارىۋالدىم.

ساقچى كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ــ شېن خۇاپېڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ لى يا بىلەن سىز ئارقىلىق تونۇشۇپتىكەن، شۇنداقمۇ؟

ــ ئەھۋال دەل شۇنداق. بىز ماشىنا كۆرگەزمىسىگە بېرىپ خۇاپېڭ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. لېكىن مې- نىڭچە، خۇاپېڭنىڭ لى يا بىلەن ئۇنچىلىك قويۇق مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايمەن.

ياش ساقچى بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

ــ خۇاپېڭمۇ شۇنداق دېگەن. ئۇنداق بولسا بۈگۈنكى سۆھبىتى- مىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بىز سىز بىلەن يەنە ئالاقىلىشىمىز.

ــ تامامەن بولىدۇ، قارشى ئالىمەن، ـ ئىپادەم ھەقىقەتەن ياخشى بولۇۋاتاتتى.

ساقچى چاقچاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى.

ــ قارىغاندا، بىزنى قارشى ئالمايدىغاندەك قىلىسىز. چۈنكى، ئۆ- يىڭىزنى پاسكىنا قىلىۋېتىشىمىزدىن ئەنسىرەيسىزغۇ دەيمەن؟ مېنىڭ ئايالىم سىزنى ئازراق بولسىمۇ تارتقان بولسا ئۆزۈمنى ھەقى- قەتەن بەختلىك سانايتتىم. باللار ماڭغىسىنى ئېقىتىپ، ئۆيئىچىگە

سىيىپ، بېزەپ قىلىنغۇەتسىمۇ ئۆزى ئەتكەن ئوخشىمىغان تاماققا دۇم چۈشكىنى چۈشكەن. قارىسام سىز ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئايالىمنىڭ خىلىدىن ئەمەس ئىكەنسىز.

— مەن تېخى ھازىرچە مۇكەممەل بىر ئائىلىگە ئېرىشكىنىم يوق، ــ دېدىم مەن خىجىل ئارىلاش.

— ئۇنداق بولسا دەرھال توي قىلىۋېلىڭ. بولمىسا قېرى قىز دەپ نام كۆتۈرۈپ قالماڭ يەنە، ــ دېدى ساقچى مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن.

# 9

چېنىقىش سارىيىمىزنىڭ غوجايىنى ماڭا ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرغانىدى.

— مەن خىزمەتچى خادىم قوبۇل قىلغاندا، تىزىمغا ئالدۇرغان يۈز نەچچە نازىنىنلار ئارىسىدىن سىزنى لايىق كۆرۈپ تاللىغانىدىم. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشىك تۈۋىدە مارىلاپ تۇرۇپتۇ. سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشنى لايىق تاپتىم.

— كەچۈرىسىز خانىم. ئالدىڭىزدا خىجىلمەن. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدىلا بىرنەچچە كۈن رۇخسەت سوراپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى يېقىندىن بۇيان مىجەزىم يوق بولغاچقا، بېشىم قېيىپ دىققىتىمنى زادىلا يىغالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشقازىنىم

ئاغرىپ، ئىشتىيىمىمۇ تارتىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ دوستۇم لى يانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ھەتتا ئۇيقۇ دورىسىمۇ كار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەپتىنمىكىن زېھنىم چېچىلىپ ئاسانلا چارچاپ قالىدىغان، ئىچىم تىتىلدايدىغان، باشقىلار ھەتتا ئىشىكىمنى چەكسىمۇ چۆچۈيدىغان ھالەتكە بېرىپ قالدىم.

ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشلار بېسىققان، لى يانىڭ جەسىتىمۇ كۆيدۈرۈلۈپ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئاخىرلاشقان، ساقچى تەرەپنىڭ ھۆكۈممۇ قارارلاشتۇرۇلۇپ ئارخىپقا ئېلىنىپ بولغانىدى. دېمەك، ئەمدى ئەنسىرەپ دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈشۈمنىڭ ئورنىمۇ قالمىغانىدى. لېكىن، سۇ لىنىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى مارجان يەنىلا مەن ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت ئىدى. گەرچە مەن ھېلىقى كۈنى سۇ لىنىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغان بولساممۇ، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇ لىن بۇ ئىشنى باشقىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ ساقچى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. چۈنكى سۇ لىندەك تۇترۇقسىز كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالالارنىڭ كېلىشى تۇرغانلا گەپ.

ھەممىدىن مۇھىمى لى يانىڭ ئۆلۈمى خۇاپېڭ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھەرھالدا تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. بۇگۈن ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ كۆرۈشۈشنى ئېيتقانىدىم، لېكىن ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن مېنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

ــ توغرا چۈشىنىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە خىزمىتىم بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن

كېيىن ئۆزۈم سىزگە تېلېفون بېرىمەن.

مەن ئامالسىز تېلېفوننى بېسىۋەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى يىراق-تىن بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شىركىتى ئەتراپىغا نەچچە قېتىم بېرىپ كەلگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە خۇاپىڭنىڭ ئاچچىسىمۇ خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپلا كەتكەنىدى.

غوجايىن ماڭا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ خوتۇندا قىلچىلىكمۇ ئادەمگەرچىلىكتىن ئەسەر يوق، پەقەت پۇل بولسىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلى تىناتتى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغانلى-قىم ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. ھېچ بولمىغاندا، ئۇ مېنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئاللىبۇ-رۇن سېزىپ بولغان. مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپلا قالماي تېخى ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن نەپرەتلىنەتتىم. ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىز ئايالغۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك خۇشامەت-گۈيلۇق بىلەن چىراي ئاچماس بولۇۋالدىم. مۇۋاپىق خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ناۋادا مەن يەنىلا بوينۇمنى قاتتىق قىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگمۋەرسەم زىيان تارتىد-غىنى يەنىلا ئۆزۈم. شۇنىڭ بىلەن، يەنىلا چىشىمنى چىڭ چىشلەپ دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئىشلەپ يۈرۈپ ئۇنى رازى قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بەردىم. ئەمەلىيەتتە، مەن بىر ھەپتىدە پەقەت بىر كۈنلا دەم ئالاتتىم. دېمەك غوجايىننىڭ ئەمگەك، كاپالەت قائىدە ـ تۈ-زۈملىرى بىلەن ئەزەلدىن كارى يوق ئىدى. كۆڭلۈمدىكى راست گەپنى قىلسام بۇ پۇلغا تويماس، كۆڭلى قارا غوجايىننى بوغۇپلا

قويغۇم كېلەتتى.

بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتىشكە زادىلا قۇلۇم بارماي، تەييار چۆپ بىلەن قورسىقىمنى ئاز ـ تولا ئەس- تەرلەپ، كىرىسلوغا قىيسايدىم. تېلېۋىزوردا قاتناش ۋەقەسى توغرى- سىدىكى خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى.

خىيالىم يەنە خۇاپېڭ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇ پەيتتە كۆڭلۈمدىكى راست گەپنى قىلسام، خۇاپېڭنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ يېنىك يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىنى ئارزۇ قى- لىۋاتاتتىم. شۇنداق بولغاندا مەن ئۇنىڭ قىز دوستى سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتىم. ئۆزۈمنىڭ ساداقىتى ۋە مېھر ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۇنى تەسىرلەندۈرەلەيتتىم.

ئىشىك تۇيۇقسىز يېنىك چېكىلدى. لېكىن، مەن بۇنىڭغا تازا ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى ئادەتتە ئىشىكىمنى چېكىدىغانلار ئا- ساسەن سۇ، توك سائىتى تەكشۈرگۈچىلەر ۋەياكى ساختا مەھسۇلاتلى- رىنى ماختاپ، زورلاپ ساتىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر، ھېچ بولمىسا ئىشىكنى خاتا چېكىپ قويىدىغانلار ئىدى. لېكىن، ئىشىك بۇ قېتىم خېلى قاتتىق چېكىلىپ سەپرايىمنى تۇيۇقسىز ئۆرلىتىۋەتتى.

— كىم؟

ئېھتىمال تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىدىن ئىشىك چەككۈچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالماي قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، ساپما كەشىمنى ئالدىراپ كىيىپ ئىشىكنى ئاچقاچ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— مەن گاس ئەمەس. ئاستىراق چەكسىڭىزمۇ ئاڭلايدىغۇ كىشى... ئادەمنىڭ زىتىغا...

ئىشىكنى چەككەن كىشى ئەسلىي خۇاپېڭ ئىدى. شۇئان تىللىرىم كالۋالىشىپ، بېشىم پىرىرىدە قايغاندەك بولدى. دېمەك، سۆيگۈنۈم ئالدىدا ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم.

— بۇ، بۇ راستىنلا سىزمۇ؟ قى ... قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.

خۇاپېڭ ساپما كەشنى كىيگەچ مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

كەچۈرۈڭ، ئەمەلىيەتتە مەن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سىزگە نەچچە رەت تېلېفون ئۇرغان بولساممۇ، لېكىن زادىلا ئالمىدىڭىز. بىنا ئالدىغا كەلسەم چىرىغىڭىز يورۇقكەن. شۇڭا ئۇدۇللا كېلىپ ئىشىكىڭىزنى چەكتىم.

— تەكەللۇپ قىلماڭ. سىز مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېزىز مېھمان.

مەن خۇاپېڭنى ئۆيگە باشلىدىم. يانفونومنى چېنىقىش ئورنىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم. ناۋادا ئۆزۈمنى ئالدىنئالا تۈزەشتۈرۈۋالغان بولسام خۇاپېڭنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم. مانا ھازىر كىيىنىشلىرىم خۇددى بولۇمسىز خوتۇننىڭ ئۆزىلا ئىدى. چاچلىرىممۇ قالايمىقان، گىرىملىرىممۇ ئۆچۈپ چىرايىم خۇددى ئەرۋاھنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كەتكەندۇ؟ ھېچ بولمىغاندا، چىراغنى بولسىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ قويغان بولسام بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقلىرىمنى ئاز - تولا بولسىمۇ يېپىشىمغا، يەنە بىر تەرەپتىن قارشى تەرەپكە ئازراق بولسىمۇ رومانتىكىراق تۇيغۇ بېرىشتە پايدىسى بولۇپ قالار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستەلدىكى يېرىملانغان تەييار چۆپ قاچىسى چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا قىزىل ئۇزۇم ھارىقىدىن بىرەر رومكا بولۇپ قالسىچۇ كاشكى. ئەمدىلىكتە كېچىككەن، تولىمۇ كېچىككەن-

دىم. شۇڭا ئۆزۈمنى ھەرھالدا ئازادە تۇتۇپ، ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق
ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بېرىش نىيىتى بىلەن ھەممىنى ئۇنۇتتۇم.
ئالدى بىلەن قېنىق قەھۋە دەملەپ خوْاپپىڭغا ئەدەپ بىلەن سۇندۇم.
تاللاپ تۇرۇپ بىرنەچچە قىزىل ئالمىنى پاكىزە يۇيۇپ، چىرايلىق خى-
رۇستال تەخسىگە سېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە تىزدىم. تەخسىدىكى
ئالما ئاقلاش ئۈچۈن سېلىپ قويۇلغان پىچاق كۆچلۈك چىراغ نۇرىدا
پارقىراپ تۇراتتى. بۇ پىچاقنى ئەسلىدە ئىلگىرى ئارىلاشقان بىر
ئوغۇل دوستۇم سوۋغا قىلغان بولۇپ، پولاتتىن تۇجۇپىلەپ ياسالغان
كۆركەم ئىككى بىسلىق، تولىمۇ ئۆتكۈر پىچاق ئىدى. بۇ پىچاقنى
تۇنجى ئىشلەتكەن كىشى تازا كۆنەلمەي قېلىشى مۇمكىن، لېكىن
مەن بۇ پىچاقتىن خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئايرىلماي كېلىۋاتات-
تىم. ئۇنىڭغا بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلاش ئۈچۈن قوشقاچ تىللى-
رىم چىقىپ كەتكەندى.

— يېقىندىن بۇيان ئاچچىقىڭىزنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ
دېسە. چېنىقىش ئورنىمىزغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى.

خوْاپپىڭ ماڭا ئادەتتىكىدەك بىر قاراپ قويۇپ تۇيۇقسىز سورىدى.

— دوستىڭىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندۇ؟

— لى يانىڭ؟ شۇنداق، بىچارىنى ئويلىساملا بەكلا ئازابلىنىپ
كېتىمەن.

— ساقچى تەرەپ مېنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئىزدەپ
كەلدى.

— مۇنداق دەڭ. لېكىن لى يانىڭ ئۆلۈمى بىلەن سىزنىڭ نېمە
مۇناسىۋىتىڭىز بولسۇن؟ - مەن پەرۋاسىزلارچە سورىدىم.

— ئۇغۇ شۇ، - خۇاپېڭ ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى، - پېچارە تېخى تولىمۇ ياش ئىدى. بالىلىرىمۇ كىچىكلا تۇرۇپ يېتىم قالدى. بەلكىم سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، لى يا ھادىسىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى بىز كۆرۈشكەنىدۇق. كېيىن ئۇ ... ھەي نې- مىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە! قارىغاندا، ئۆلۈم بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا چۆرگۈلەپلا يۈرۈيدىغان ئوخشايدۇ.

مەن خۇاپېڭغا سىرلىق نەزەر بىلەن تىكىلدىم ۋە قوشۇپ قويدۇم:

— مەن سىلەرنىڭ ئۇچراشقانلىقىڭلارنى ساقچىدىن ئاڭلىدىم.

خۇاپېڭ قەھۋە ئىستاكىنىنى قولىغا ئالدى - يۇ، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى.

— ئەمەلىيەتتە مەن دەسلەپكى قېتىم ساقچىلارغا لى يا بىلەن سىز ئارقىلىق تونۇشقانلىقىمنى دېگەندىن سىرت ھېچنېمە دېمىگەنى- دىم. لېكىن، ئىككىنچى قېتىم ھەممىنى تولۇق ئېيتىپ بەردىم.

— نېمىلەرنى دېدىڭىز؟ - خۇاپېڭغا قىزىقسىنغان قىياپەتتە تىكىلدىم.

— ئەمدى بۇ ئىشلارنى تەكرارلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. لى خېنىم، سىزمۇ بىلىسىز. ئاچام تېخى بالىلىق بولالمى- دى. ئۇ بالىلىق بولۇشنى ئويلاپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. راستىنى دېگەندە، ئاچامنىڭ دوستىڭىزنىڭ قوشماقلىرىدىن بىرسىنى بېقىۋې- لىش ئويى بار ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن ئۇلارنى ئاچامنىڭ ئۆيى- گە تەكلىپ قىلىپ، مۇشۇ ھەقتە مۇزاكىرىلەشكەنىدۇق. ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەچكە مەن ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدىم. لېكىن ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئىككىنچى كۈنى ...

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ ـ ئۇنىڭ سوئاللىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېغىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك ئازاب ئىلكىدە ئۇستەلگە تايىنىپلا قالغاندىم.

— ئەمەلىيەتتە، ئاچام دارىلئېتاملار بىلەن ئالاقىلاشسىمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ قوشماقلارنى بىر كۆرۈپلا مېھرى چۈشۈپ قاپتىكەن.

— ئۇنداقتا لى يا ئاچىڭىزنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانمىدى؟

خۇاپېڭ بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— كىممۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى قاراپ تۇرۇپلا ياتلارغا بېرىۋېتىدۇ دەيسىز؟ لېكىن دوستىڭىز ئاچامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، قىزلىرىغا تۇتۇق ئاپا بولۇشقا قوشۇلغانىدى. لېكىن، كىممۇ بۇ قاباھەتلىك ئاقىۋەتنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن دەيسىز؟ گەرچە ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىز بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن... لى خېنىم، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ تېخىمۇ يېرىم ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. چۈنكى، لى يا سىزنىڭ ئۆزۈن يىللىق دوستىڭىز تۇرسا. راست گەپنى قىلسام، سىزنىڭ بۇ دوستىڭىز ھەقىقەتەن ئوچۇق ـ يورۇق، قەيسەر شۇنداقلا بالىلىرىغا ئانىلىق مېھرىنى ھەقىقي ئاتا قىلالايدىغان مېھرىبان ئانا ئىدى.

شۇ پەيتتە يۈز تېرىلىرىم تارتىشىپ، تىللىرىم قۇرۇپ، ئۆزۈمنى خۇددى ھېلىقى ئورەككە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. تۇرۇپلا مېنى يىغا تۇتتى. ئۆزۈمنى مەڭگۇ كەچۈرەلمەيتتىم. چۈنكى مەن لى يانى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ شۇنداقلا يېتىم قالغان بىچارە ئوماق قىزلىرىنىڭ ئۆۋالىغا قالغاندىم...

خۇاپېڭنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلدى.

— لى خېنىم، بۈگۈن مەن ئۆيىڭىزگە ئاچامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن كەلدىم. چۈنكى ئاچام جۈملىدىن مەنمۇ ئاپىسىدىن يېتىم قالغان بىچارە قوشماقلارنىڭ دادىسى بىلەن ئەزەلدىن ناتونۇش. سىز ئارقىلىق... ئەلۋەتتە ئۇلار قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن. ئاچامنىڭ قىزچاقلارغا ئازراق كۆڭلى بار ئىدى، يەنى ئاز - تولا باللار ئويۇنچۇقلىرى تەييارلاپتىكەن. ئەگەر چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ نامى بىلەن سوۋغا قىلسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئاچام قىزچاقلارنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن.

ئۆزۈمنى راستىنلا تۇتۇۋالالمىغانىدىم. ئازابلىق ياشلىرىم توختىماي سىرغىيتتى.

— كەچۈرۈڭ، لى خېنىم، بۈگۈن سىزنى ئىزدەپ كېلىپ كۆڭلىڭىزنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتىم. هازىر مەن قايتاي، - خۇاپىڭ ئورنىدىن تۇردى، - كەيپىياتىڭىز بىرئاز نورماللاشقاندا قايتىدىن ئالاقىلىشايلى.

— ياق، ياق، سىز كەتمەڭ، - ئورنۇمدىن چاچراپ دېگۈدەك تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدىم.

خۇاپىڭ هەيرانلىق ئىلكىدە ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم چېكىنگەچ، ئۆزىنى مەندىن چەبدەسلىك بىلەن قاچۇردى. كەڭ يېيىلغان ئىككى قولۇم هاۋادا ئېسىلىپ قالغانىدى.

— لى خېنىم، چارچاپ قالغان ئوخشايسىز. قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىڭ، - دېدى خۇاپىڭ هەيرانلىق ئىلكىدە.

مەن خۇاپىڭغا بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، كۆزلىرىمدىكى ياشلىرىمنى سۈرتۈۋەتتىم.

ــ خۇاپىڭ، سىزنىڭ بۈگۈن كەلگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدۇم. سىز مېنى مەيلى قانداق سەۋەبتىن ئىزدەپ كەلمەڭ، مەن ھامان سىزنى ساقلايمەن. سىزنى چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن. چۈنكى، مەن سىزنى تۈنجى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. دېمەكچىمەنكى، پەقەت سىز بولغاچقىلا مەن بۇ دۇنيادا خوشال ـ خۇرام، بەختلىك ياشىيالايمەن. سىز مېنىڭ ئوتتۇز يىللىق ھاياتىمدا تۇنجى ياخشى كۆرگەن يىگىتىمسىز. مەن ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمى بولۇشنى خالايمەن. ئىشىنەمسىزكىن؟ ئاچچىقىڭىز بىزنى مەقسەتلىك ھالدا تونۇشتۇرغان. شۇنداقلا ئۇ ماڭا تەشەببۇسكار بولۇشۇمنى ئېيتقان، چۈشەندىڭىزمۇ خۇاپىڭ!

خۇاپىڭ ئارقىسىغا داجىيتتى. مەن ئۇنى قىستاپ كېلەتتىم.

ــ ئىشىنەمسىز، خۇاپىڭ؟ مەن ئەزەلدىن باشقىلارنى سىزنى ياخشى كۆرگەندەك بۇنداق ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باقمىغان. ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ سىز ھامان مەن بىلەن بىللە.

خۇاپىڭ ئەمدىلىكتە ئىشىككە تىرىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مەجبۇرىي دېگۈدەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى ئاستا چايقىدى.

ــ لى خېنىم، قارىغاندا ئارىمىزدا بىر ئاز ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەن ئاز ئۆتمەي چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن.

گەپ ئارىلىقىدا مەن ئۆزۈمنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدىم. خۇاپىڭ ھېلىھەم ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ نازلىق تىكىلدىم.

ــ قارىغا سىزنى، چەت ئەلگە چىقىدىغانلار تويى قىلمامدىكەن؟

مەن سۆيگەن كىشى مەيلى ئاسمانغا چىقسۇن ۋەياكى يەرگە كىرىپ كەتسۇن مەن هامان ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن، ئېھتىمال خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك، مېنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەم ھەرھالدا خېلى يۇقىرى، بولۇپمۇ ئېغىز تىلىدىن زادىلا قىينالمايمەن. قانداق، شەرتىڭىزگە توشامدىكەنمەن؟

خۇاپېڭ ئىككى مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ كۆكسىگە قويدى.

— كەچۈرسىز، لى خېنىم. بۇ ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ ھەممىسىگە مەن ئەيىبلىك. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ چەت ئەلدە قىز دوستۇم بار.

— سىز يەنە مېنى ئالداۋاتىسىز؟ - مەن بايىقى قىياپەت بىلەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، - ئاچىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، قىز دوستىڭىز سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلغاچقا سىلەر ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ كېتىپتىكەنسىلەر. قارىغاندا، كونىلارنىڭ «بىر قېتىم يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن كىشى ئارقاندىنمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ!» دېگەن ھېكمىتى سىز ئۇچۇنلا ئېيتىلغان ئوخشايدۇ جۇمۇ. سىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن، چۈنكى ئىلگىرى مەندىمۇ ئاشۇنداق كەچمىشلەر بولغان. مېنىڭچە سىز مېنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيمەن دېيەلمەيسىز، شۇنداقمۇ، چۈنكى مېنىڭ ئالتىنچى سەزگۈم مېنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ.

خۇاپېڭ ئەمدىلىكتە ھەقىقەتەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— مېنىڭچە، بۇ ئىشتا ئاچام بىر تەرەپىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى پەقەتلا ئىدراك قىلالمىغان. ئېتىراپ قىلىمەنكى، قىز دوستۇم قىسقا بىر مەزگىل شەيتاننىڭ ئارقىغا كىرىپ مېنىلا ئەمەس بەلكى ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭمۇ كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتقانىدى. لېكىن ئۇ ئاز ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئەتمىشلىرىگە

توۋا قىلىپ، مېنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. بۇ دۇنيادا كىممۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ دەيسىز؟ سەمىمىيلىك بىلەن ئېپ-تىراپ قىلسام مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. شۇنداقلا باشقىلار-نىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئوينىشىشنى نومۇس دەپ بىلىمەن. لى خېنىم، مەن سىزنى تونۇشقىنىمىزدىن بۇيان خېرىدار دەپ قاراپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە خېرىدارلارغا ئىللىق مۇئامىلە، قىزغىن مۇلازى-مەت قىلىش بىز تىجارەتچىلەرنىڭ كەسپىي مىزانىمىز. كەچۈرسىز، سىزگە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن سەمىمىي ئەپۇ سورايمەن. شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە سىزنىڭ ماڭا بولغان سەمىمىي دوستلىقىڭىزغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ناۋادا... دېمەكچى-مەنكى، مەن ھازىرقى قىز دوستۇم بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى سىز بىلەن ئۇچراشقان بولسام ئېھتىمال ... چۈنكى بىز نۇرغۇن جە-ھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنمىز. لېكىن، ھازىر مەن ھەقىقەتەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئاجىزمەن.

خۇاپىڭغا بولغان پۈتۈن ئۈمىد، ئارزۇلىرىم كۆپۈككە ئايلىنىپ، خۇددى توزغاقتەك توزۇپ كەتكەندى. ئەمەلىيەتتە، خۇاپىڭ ئىككىمىز ئارىسىدىكى تۇسالغۇ بىچارە لى يا ئەمەس بەلكى نەچچە مىڭ تاغ - دەريالار نېرىسىدىكى ناتونۇش قىز ئىدى. مەن ئۆز مۇھەببىتىمنى، كەلگۈسۈمنى دەپ بىگۇناھ بىر ئانىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ناھەقتىن - ناھەق قارا يېتىمغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندىم. ئاھ، تەڭرىم! ئەگەر سەن راستىنلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولساڭ مەن سېنىڭ ئالدىڭدا تىزلىنىپ تۇرۇپ گۇناھىمنى سېنىڭدىن تىلەي-مەن. لېكىن، مېنىڭ ئۆز بەختىمنى قوغلاشقىنىم گۇناھمۇ؟

مەن ئالدىمدىكى يىگىتكە يەنە بىر قېتىم ھەۋەس بىلەن تىكىل-

ـدىم. ئۇنى مەن بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇ مېنى ئۆزىـ
گە تامامەن جەلپ قىلىۋالغانىدى. مەن مۇشۇ قارىشىمدا ئۇنىڭ تاشقى
قىياپىتى ئارقىلىق ھەقىقىي ساختا ماھىيىتىنى كۆرۈشنى ئارزۇ
قىلاتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ قوغلىشىشىمغا، مېنىڭ ساپ مۇھەببىـ
تىمگە ئېرىشىشكە، شۇنداقلا مەن ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە ئەزەلـ
دىن ئەرزىمەيدىغان ئالدامچى ئىدى. بىز يارالمىشىمىزدىن تارتىپ بىر
يولدىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدۇق. بىراق، مەن ئۇنىڭغا قانچىكى
ئىنچىكە قارىغان بولساممۇ ليكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ھەقىقىي يىـ
گىتلەرگە خاس كېلىشكەن سالاپىتىدىن مەن گۇمان قىلغان بايىقى
ساختىلىقلارنى پەقەتلا چېلىقتۇرالمىدىم. مەن ئالدىمدىكى بۇ سىما
ئالدىدا تامامەن ئامالسىز قېلىۋاتاتتىم. ئۇ سىما ھېلىھەم كۆز ئالدىمـ
دا خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە يالقۇنلۇق ئوتتەك ئەقـ
لىمنى لال، يۈرىكىمنى گۇلخان قىلىۋاتماقتا ئىدى. ئەگەر مەن ئۇنى
قولدىن بېرىپ قويسام، ئۇ چاغدا مېنىڭ بۇ ئالەمدە يەنە ئىلگىرىكىـ
دەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق
ئىدى...

مەن قايتىپ بېرىپ ئەڭ قىزىرىپ پىشقان بىر دانە ئالمىنى
ئاقلاش ئۈچۈن ھېلىقى قوش بىسلىق پىچاقنى ئاستا قولۇمغا ئالدىم.
ليكىن، نېمە ئۈچۈندۇر قولۇمدىكى پىچاق قولۇمدىن ئاجراپ ئەينەكـ
لىك چاي ئۈستىلىگە قاڭقىپ چۈشۈپ كېتىپ، ئەينەك ئۈستەلگە
گۈل شەكلىدە دەز كەتكەنىدى. خۇاپىڭ ئىككىمىز بۇ ئاۋازدىن ئىختىـ
يارسىز چۆچۈپ كەتتۇق. نېمە ئۈچۈندۇر دەل شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ
مەندە تۇيۇقسىز زامان ئاخىرلىشىۋاتقاندەك غەيرىي بىر تۇيغۇ شەكىلـ
لىنىۋاتاتتى. مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ سىما ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل

تۆلەشكە تەييار ئىدىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ ھەتتا جىپ-
نىمنى تەسەددۇق قىلىشقىمۇ تەييار ئىدىم. مەلۇم بىر ئادەمنى ئۆلتۈ-
رۇش ئۇچۇن چوقۇم غايەت زور دەرىجىدىكى ئۆچمەنلىك، تەسەۋۋۇرلىغۇ-
سىز دەرىجىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى بولۇش كېرەك، ئەل-
ۋەتتە. پەقەت ئالدىمدىكى سىماۋى ئاتا ماڭا ئاشۇ غەيرەتنى، نەپرەتنى، مۇھەب-
بەتنىڭ ھەقىقىي كۈچ قۇدرىتىنى ئاتا قىلالايتتى!

كۆزلىرىم ئىختىيارسىز كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان ھېلىقى قوش بىسلىق پىچاققا چۈشتى...

جۇ خەيلياڭ

# كۆك يىلان

(پوۋېست)

بۈگۈن ھاۋا ئەتىگەندىن باشلاپلا ئىسسىپ كەتكەن، ئوتقاشتەك پارلاپ تۇرغان قۇياشنىڭ كۈچلۈك ھارارىتىدە، ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز قىسىلىپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەندى.

زاك چې ۋوگزال ئېغىزىدىكى كىتاب بوتكىسىدىن سېتىۋالغان كەچلىك گېزىت بىلەن بىردەم ئۆزىنى يەلپۈسە، بىردەم بېشىغا قويۇ-ۋېلىپ ئىسسىقتىن دالدىلىناتتى. لېكىن قانداقلا ئامال قىلمىسۇن، پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ ئازابى ئۇنى ئوخشاشلا ئارامسىزلاندۇراتتى. ئۇ تاك ناغا قايتا تېلېفون بېرىپ، ئۇ ئولتۇرغان پويىزنىڭ شەرقىي ۋوگ-زالغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. قارشى تەرەپنىڭ يانفونىدىكى ئا-ۋازىدىن ئۇنىڭ ھارغىنلىقى، شۇنداقلا بىر خىل ھاياجانلىق ھېسسى-ياتىمۇ ئوخشاشلا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پويىزنىڭ شەرقىي ۋوگزال-دىن غەربىي ۋوگزالغا يېتىپ كېلىشىگە تەخمىنەن ئون نەچچە مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. زاك چې ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ قويدى.

ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز قو-لىدىكى گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە بېسىلغان «شەھىرىمىزدە غەيرىي شەكىلدىكى كۆك يىلان بايقالدى!» دېگەن تېمىدىكى سۈرەتلىك خەۋەرگە چۈشۈپ قالدى ـ دە، قىزىقىش ئىلكىدە دىققىتىنى دەرھال سۈرەتكە مەركەزلەشتۈردى. سۈرەتتىكى يىلاننىڭ بېشى يۇپيۇمىلاق، كۆزلىرى دۈپدۈگىلەك، پۈتۈن بەدىنى قېنىق كۆك رەڭدە بولۇپ، گۈل

شېخنغا يۆگىشىۋالغان ھالەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ، زالڭ چېغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. زالڭ چې سۇرەتتىكى ھېلىقى كۆك يىلاننى خۇددى تەجرىبىلىك تەتقىقاتچىلاردەك خېلى تەپسىلىي كۆزەتتى، دەل شۇ پەيتتە ناتونۇش بىر قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھەي، مەن كەلدىم!

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى ۋە ئەپچىلگەنە ساياھەت سومكىسى يۈدۈۋالغان تالڭ نانى كۆردى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىلاردەك قولىنى توختىماي پۇلاڭلىتاتتى...

* * *

زالڭ چې كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. بىمار كېسەل كارىۋىتىدا ھالسىز ئىڭراپ ياتاتتى. بىچارە گۇ رۇيجۇەن مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا ئورۇقلاپ خۇددى ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھايات شامى ئۆچۈش ئالدىدىكى بۇ بىچارە قىز قانداقتۇر بىر خىل خىرە ئۈمىد ئىلكىدىلا بۇگۈنگىچە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بېشى ياستۇقتىن چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان، تاراش داۋامىدا چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىنى يىغىپ، لېنتا بىلەن چىگىپ بىر چەتكە قويۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى يۇمران، پارقىراق، خۇددى سۇتتەك ئاپئاق يۈزلىرى ئەمدىلىكتە خۇددى مۇردىنىڭكىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىڭەكلىرى بولسا ئۇچلىنىپ، كۆز چاناقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بىر جۈپ نۇرسىز كۆزى تورۇسقا تىكىلگەنىدى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا بىر دانە قىزىل رەڭلىك جاۋۇر قويۇلغان، بولۇپ ئىچە-

ـدە ئازراق سۇ باردەك قىلاتتى. داجۇن بولسا ياندىكى ئورۇندۇقتا بارماق-
لىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئۇ زاڭ چېنى كۆرۈپلا دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ سورىدى.

— مېھماننى كۇتۇۋالدىڭمۇ؟

زاڭ چې بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. گۇ رۇيجۇەن كۇچەپ دېگۇ-
دەك ئۇنىڭغا يۈزلەندى ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى - يۇ،
قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم جىلۋىسى ھەش - پەش دېگۇچە
غايىب بولدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ كۈلۈپ قويۇشقىمۇ مادارى قالمىغان-
دەك قىلاتتى، زاڭ چې پەس ئاۋازدا سورىدى:

— ياخشىمۇسىز رۇيجۇەن؟ مېنىڭچە، خېلى ياخشى بولۇپ قالغان-
دەك تۇرىسىز...

ئۇ بىگىز بارمىقىنى ھىلال ئاي شەكلىگە كەلتۈرۈپ، بىمارنىڭ
بۇرنىنى يېنىك تۇرتۇپ قويدى ۋە داجۇنگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئې-
نىقكى، ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بىمارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ،
كېسەلخانىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىمەكچى ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز ھەرى-
كىتىنىڭ تەبىئىي چىققان ياكى چىقمىغانلىقىغا بىرنەرسە دېيەلمەيتتى.
ياسالمىلىق قىلىپ بىمارغا ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشتىن تېخىمۇ
ئەنسىرەيتتى...

زاڭ چې ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئەك-
سىچە، داجۇننىڭ كۆڭلى نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا بىر يەردە ئەمەس
ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆز ئارىسىدا بېشىنى ئانچە - مۇنچە لىڭشى-
تىپ قوياتتى. گۇ رۇيجۇەن بولسا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، پەقەت رەس-

مىيەت يۇزىسىدىنلا كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. شۇ ئارىدا سىېسترا ئاسما ئوكۇلنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. راستىنى دې-گەندە، ئۇنىڭ بۇرنىدىكى ئاشۇ ئوكسىگېن شىرلانكىسىلا ئۇنى بۇ دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرغان بىردىنبىر ۋاسىتە ئىدى. ئۇلار تاماكا چېكىش ئۇچۇن زالغا چىقتى. بۇ چاغدا ۋاقىت چۇشكە يېقىنلىشىپ قالغان، قۇياش ھېلىھەم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بىر توپ قىزغۇچ تىۋىتلىق سىېرىس دەرىخى ئەتراپىقا قارىغانلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلىپ تۇراتتى. داجۇن زاڭ چېنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بېرىۋېتىپ سورىدى:

— ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇڭمۇ؟

— ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

— سەن ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، مېنىڭ كەچكىچە ۋاقتىم بار.

— كەچتە سەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماقچىمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ـ زاڭ چې مۇرىسىنى قىسىپ قويدى، ـ بۇ لاۋ شۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بويسۇنماسلىقىقا ھەددىممۇ؟

— كۆڭلۈڭدىكىدەك بوپتۇغۇ! ـ داجۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ـ پەمىمچە، سېنىڭمۇ ئۆيۈڭگە قايتىپ ياستۇق قۇچاقلاپ ياتقۇڭ يوققۇ دەيمەن؟

— راست دېدىڭ، ـ زاڭ چې مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى، ـ چىرايلىق بىر قىزغا ھەمراھ بولۇش ئەلۋەتتە تورۇسقا قاراپ ساناق ساناپ ياتقاندىن مىڭ ئەۋزەل، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ـ زاڭ چې تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلدى، ـ ئېيتە، ئەھۋال نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟

**— سەن نېمە دېمەكچى؟ ـ داجۇن ئۇنىڭ سۆز ئورامىنىڭ تەرەپبا-
للا ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەندىكىپ كەتتى.**

**— گۇ رۇيجۇەن قانداق قىلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى دېمەك-
چىمەن!**

— ھە، مۇنداق دېگىن، خىمىيەلىك داۋالاشنىڭ ھازىرغىچە ھېچ-
قانداق رولى بولمايۋاتىدۇ، ـ داجۇن قولىدىكى تاماكا كۆتىكىنى دېرىزە
تەكچىسىگە بېسىپ كۆچەپ يىمىردى، ـ راستىنلا ئازراقمۇ رولى بول-
مايۋاتىدۇ، سەن ماڭغان ۋاقىتىڭدا دوختۇرلار بەشىنچى قېتىملىق
داۋالاش باسقۇچىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر
ئۇمىد قىلغاندەك ھېلىقى مۆجىزىدىن تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق
ئەسەر يوق. ئەكسىچە، كېسەل بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ.
ئەگەر ئالتىنچى قېتىملىق داۋالاش جەريانى ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ ئېھ-
تىمال بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. سەنمۇ بىلىسەن، رۇيجۇەن-
نىڭ سالامەتلىكى ئەسلىدىنلا ئانچە ياخشى ئەمەس. پەرىزىمچە، بۇ
خىل كېسەلنى قانچىلىك داۋالىمىسۇن، ئۇنۇمى يوق دېيەرلىك. بىر-
نەچچە كۈن ئىلگىرىكى ئومۇمىيۈزلۈك داۋالاشنىڭ نەتىجىسىدىن
مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ تېنىدىكى راك ھۈجەيرىلىرى يۇقىرىسى مې-
ڭىگە، تۆۋىنى پۇتكۇل ئۇستىخان ۋە بەل ئومۇرتقىلىرىغىچە يامراپ
بوپتۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىياگنوزىچە، گۇ رۇيجۇەن ھازىر ھەرىكەت-
لەنسە زادىلا بولمىغۇدەك، بولمىسا پالەچ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى
قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىدەكلا ئىش ئىكەن. دېمەك، راك
ھۈجەيرىلىرى ھازىر ئۇستىخان پەردىلىرىنى يەۋېتىپتىمىش. ئاناڭ-
نى، راك ھۈجەيرىسى دېگەن زادى قانداق نەرسىدۇر؟ ئىشتىھاسىنىڭ

يامانلىقنى قارا ئۇ نېمىنىڭ! ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆپكە راكىنى داۋالاش ھەققەتەن قىيىن. سەنمۇ ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئۆپكىدە نېرۋا بولمايدۇ، شۇڭا بىمار ئاغرىق ھېس قىلمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، رۆيجۇەننىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ بولغان ئوخشايدۇ.

— زادىلا ئامال يوقمىكەن؟ - زاڭ چې ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە يەنە قانداق ئامال بار دەيسەن؟

— ماڭا تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ خەۋەر بەرگەن بولساڭ بولاتتى. مەن ئۇنى ئاۋۋالقىدەكلا ئەھۋالدا دەپ ئويلاپتىمەن.

— ساڭا خەۋەر بەرگەننىڭ نېمە رولى بار دەيسەن؟ سەن ئۇنىڭ ئازابىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلەمتىڭ؟ ياكى بولمىسا قەرز بېرىپ تۇرالامتىڭ؟

زاڭ چې سىرىس دەرىخىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. زال ئىچى جىمجىت، ئەتراپتىن بىلىنەر - بىلىنمەس دورا ھىدى كېلەتتى. ئۇ قولىدىكى تاماكا كۆتىكىنى سىرتقا قاراپ ئېتىۋېدى، تاماكا كۆتىكى بېرىپ دېرىزە يېنىدىكى بىر تۈپ ئەتىرگۈلنىڭ شېخىغا قىسىلىپ قالدى ۋە بىر پەستىن كېيىن يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قويۇق تاماكا ئىسى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

زاڭ چې شۇئان ھېلىقى سۈرەتتىكى يۇمىلاق باشلىق كۆك يىلاننى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ھېلىقى خەۋەرنىڭ ئۆزى بىر كۆز بويامچىلىق ئىدى. بەلكىم بىراۋ بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى شەھەردىن غەلىتە يىلان بايقالدى، دەپ ئويۇن ئوينىغان بولسا، پۇرسەتپەرەسلىكتە ئاجايىپ تەدبىرلىك بولۇپ كەتكەن مۇخبىرلار بۇ ئىشنى

ئەنە شۇنداق كۆپتۇرۇپ خەۋەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن! ئۇنداقتا بۇ ئىش چوقۇم باشقا گېزىت ۋە تور بېكەتلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، قىزىق خەۋەر نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، بۇ شەھەرنىڭ نامىنى بىراقلا چىقىرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر كۆپىيىپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدۇ. ئېھتىمال، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن! بەلكىم ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىكمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتمەس، كۆك يىلان توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر ئاخىرىدا بىمەنە بىر چاقچاق بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. بىمەنە چاقچاقنىڭ ئۆزى بىر خىل رەزىل قىلمىش، گەرچە ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ نىيىتى ئۇنچىلىك رەزىل بولمىسىمۇ...

تۇيۇقسىز كېسەلخانىدىن رۇيجۇەننىڭ قىينىلىپ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان ئۇلار كېسەلخانا تەرەپكە قاراپ چاپتى. بۇ چاغدا رۇيجۇەن كارىۋات يېنىدىكى ھېلىقى قىزىل جاۋۇرغا ئېگىشىۋالغان، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كارىۋات گىرۋىكىنى چىڭ قاماللىۋالغان، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بارلىق ئىچكى ئەزالىرىنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك قىينىلاتتى - يۇ، لېكىن ھېچ ياندۇرالمايتتى...

★ ★ ★

زاڭ چې چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مەقسەتسىزلا بىر پەس تىمىسقىلاپ يۈردى. تام سائىتى ئاللىبۇرۇن توختاپ قالغان،

ئۈچ ئايدىن بۇيان بۇ سائەت ئۆزىنىڭ سائەتلىك رولىنى پۈتۈنلەي يو-قىتىپ قويغانىدى. زاڭ چې ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە يۈز ـ كۆز-لىرىنى يۇماقچى بولۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىردى. جۈمەكتىن توختى-ماي سۇ تامچىلايتتى. راستىنى دېگەندە، بۇ جۈمەكمۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ-زۇلۇپ قالغان بولۇپ، كىشىگە خۇددى سۇ سائىتىدەكلا تۇيغۇ بېرەت-تى. ئۇنداقتا بۇ بۇزۇق جۈمەك بىلەن توختاپ قالغان ھېلىقى تام سا-ئىتىنىڭ بۇ خىل ئاقىۋىتى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ۋەياكى بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۇ ئۆي بىلەن زادىلا كارى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ؟ ياكى بۇ ئائىلىنىڭ كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىۋاتقانمىدۇ؟

گادىرماچ خىياللار ئىلكىدىكى زاڭ چې مۈنچىنىڭ سوغۇق سۈ-يىنى تولۇق ئېچىۋەتتى ۋە راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالدى. تېلېفوندا لاۋشو-گە ئۆزىنىڭ تاڭ نانى «قەدىمىي ئورمان» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇ-رۇپ قويغانلىقىنى دوكلات قىلىپ بولۇپ، كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن كۆرسەتمە سورىدى.

ـــ شۇنچىلىك ئىشنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ ـ دېدى لاۋشو ئاچ-چىقلىنىپ، ـ بارلىق ئىشلار ئىلگىرىكى پىلان بويىچە بولسۇن، ھەم-مىدىن مۇھىمى، سەن يەنىلا ئۇنىڭغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى ئامال بار بۇ شەھەردىن تېزرەك يوقات. سۈرئىتىڭ قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. نېمە، نېمە دېدىڭ؟ بۇ ئىشنى بەك تەس دەمسەن؟ ـ لاۋشونىڭ جۇدۇنى تازا ئۆرلىدى ـ يۇ، لېكىن دەرھال ئۆزى-نى تۇتۇۋالدى، ـ ساڭا بۇنچىلىك ئىش نېمىتى! بولدى، بولدى، مەن سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن، شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى مەن

ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغان.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ دۇنيادا لاۋشۇ ئۇچۇن ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم كىم دېيىلسە، ئۇ ئادەم دەل زاڭ چې ئىدى! شۇنداقلا زاڭ چېنى بۇ دۇنيادا زادى كىمگە ئەڭ ئىشىنىدۇ دېسە، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم دەل لاۋشۇ ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۇك ساقلاش ئىس-كىلاتىدا ئىشلەپ يۈرۈپ تونۇشقان، ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەي ئۇلار ھەتتا بىر تال تاماكىنىمۇ تەڭ چېكىپ، تاپقاننى تەڭ تالىشىپ يەيدى-غان، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، تەقدىرداش ئاكا - ئۇكىلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. كۇتۇلمىگەندە، بىركۇنى لاۋشۇ زاڭ چېغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ، نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. خەت قىسقىلا يېزىل-غان، ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئۇچۇن تەۋەككۇل قىلىپ باققۇسى بارلىقىنى، ئەگەر بىر كۇنلەردە باش كۆتۈرۈپ قالسىلا، ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق يازغانىدى...

دەرۋەقە، لاۋشۇ ئارىدىن دەل ئۇچ يىل ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بېيىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، زاڭ چېنىڭ قولىدىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيتتى. چۇنكى ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولىمۇ قورقۇنچاق، ئۆڭى قارا، ئۆزى ئورۇق، ئادەتتى-كىلا بىر ئادەم ئىدى. لېكىن لاۋشۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇنى شىركىتى-نىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلىقىغا تەيىنلەپ، يۇقىرى مائاش ۋە ئىمتىياز-دىن بەھرىمان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاڭ چېغا ئانچە - مۇنچە ھال كىرىپ، قىز - چوكانلارغا قانات سۆرىگۇدەك بولدى. ئاز ئۆتمەي بىنادىن ئۆي سېتىۋېلىپ، بىر چىرايلىق توينىمۇ قىلىۋالدى. دېمەك، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يېڭى بىر بېتى شۇنىڭ بىلەن ئېچىلغان بولدى.

«زاڭ دىرېكتور» دېگەن بۇ يېقىملىق ئىبارىنى ھەربىر قېتىم ئاڭلى-
غىنىدا ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. لېكىن، ۋاقىت ئۆزارغان-
سېرى ئۇ بۇ جەلپكار ئاتالغۇنىڭ يەنە بىر مەنىسىنىمۇ بارلىقىنى
ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى باشقىلار
ئالدىدا قانداقلا چوڭ تۇتمىسۇن، ئۇ ھامان يەنىلا باش دىرېكتورنىڭ
قولچومىقى، مالىيى ھەتتا ۋاپادار ئىتى ئىدى. خالاس! ئەكسىچە،
باشقىلار ئۆزى خالاپ ھەتتا قۇربان بېرىپمۇ ئاشۇ ئىتچىلىك ئورۇنغا
ھەرگىز نائىل بولالمايتتى. چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ يۇقىرى تەمىناتى،
باشقىلارنىڭ كۆزىنى قىزارتقۇدەك ئورنى بار ئىدى، ئۇ بۇ ئامەتتىن
ھەيران، شۇنداقلا لاۋشۇدىن مىننەتدار ئىدى. گەپنىڭ راستىنى دېگەن-
دە، بۇ دۇنيادا ئاشۇ ئىتچىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى ئويلىمايدىغان
ئادەم يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك
تەھلىلى ئارقىلىق ئۆزىگە ھەر ۋاقىت تەسەللى بېرەلەيتتى...

ئالدىنقى قېتىملىق كاماندىروپكا ئۈچ ئايغا ئۇزىراپ كەتتى. ئەس-
لىدە، لاۋشۇ زاڭ چېنى ئۆزى باشقا بىر شەھەردە يېڭىدىن ئاچقان
شۆبە شىركەتكە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەمەلى-
يەتتە، زاڭ چې ئۆز ئىقتىدارىنىڭ شىركەتتىكى ھېلىقى تازىلىقچى
ومايىنىڭ ئىقتىدارىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئىسمى ـ
جىسمىغا لايىق بىر شىركەتكە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىش ئۇنىڭ
قولىدىن ئەسلا كەلمەيتتى... ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىلىقتىن بىر
ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، كاماندىروپكىنىڭ ۋاقتى توشقانىدى.
ئەكسىچە، ئۇنىڭ بۇ شەھەردىن ھېچلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇنى
ھەممىدىن خوشال قىلغىنى، لاۋشۇ ئۇنىڭ كاماندىروپكا ۋاقتىنى ئۇ-

زارتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تېزلا تەستىقلىدى ۋە قاچان قايتىپ كېلىشنى ئۆزى ئەھۋالغا قاراپ قارار قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمە بەردى.

شۇنىڭ بىلەن زاڭ چې ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، بۇ شەھەر-نىڭ بارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ئالا قويماي تىمىسقىلاپ راسا ئوينىدى. خالىغانچە كۆڭۈل ئېچىپ، هاياتنىڭ پەيزىنى سۈردى. بولۇپمۇ ئۇ شۇ كۈنلەردە لاۋشۇنىڭ كىشى قەلبىنى بۇنچىلىك چۈشەن-گەنلىكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت بۇ سۆز ئۇنىڭ خىيالىغا ئەسلا كىرىپ چىقمايتتى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ شە-هەرگە ئۆچ، بولۇپمۇ ئۆز ئائىلىسىگە تېخىمۇ ئۆچ!

ئۇ ئايالى بىلەن دەسلەپكى قېتىم ئازارلىشىپ قالغان ۋاقىتنى ئېسىگە ئالالمايتتى. لېكىن هازىرچۇ؟ هازىر ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئا-زارلىنىش هالىتى ئاللىبۇرۇن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەرىجە-سىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغانىدى. ئۇ ئادەتتە ئۆيگە كېلىپلا قولىغا گېزىت ئالاتتى ياكى بولمىسا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇققا باشچىلاپ كىرىپ كېتەتتى. ئايالى بولسا هۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى ياكى بولمىسا ئۈچ ياشلىق قىزىغا «بۆرە موماي» ناملىق چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىشنى باشلايتتى. زاڭ چې بەزى چاغلاردا قىزىنىڭ سەبىي كۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان قانداقتۇر بىر خىل ئۆچمەنلىكنى بايقاپ قالاتتى ۋە چەكسىز بىئاراملىق ئىچىدە تولغىنىپ كېتەتتى: ئېهتى-مال قىزىم مېنى ئۆزى دائىم ئاڭلاپ كېلىۋاتقان چۆچەكتىكى هېلە-قى بۆرە مومايغا ئوخشىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان هېلىقى قاراشلىرى ئاپە-

سىنىڭكىگە ئوخشايتتىمۇ؟

زاك چىغا مەلۇمكى، بۇ ھال يەنە شۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋەر-سە، ئېنىقكى بۇ كەيپىيات پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى تولدۇرۇۋالغۇ-سىز مەغلۇبىيەت بولۇپ قالاتتى. ئايالىنىڭ قىزىغا ئۆز دادىسىنى قەستەن يامان كۆرسىتىشىنىڭ ئۆزىلا بىر پاجىئە ئىدى...

لاۋشۇ بۇ جەريانلاردا ئۇلار ئۈچۈن كۆپ پايپېتەك بولدى. سوقۇ-شۇپ قالسا ئېرىنمەي كېلىپ ئاجراتتى، ياراشتۇردى، ئۇلارنى تاماققا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ياخشىلى-شىپ قېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇرسەت ۋە شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى، لېكىن بارلىق ئۇرۇنۇشلار ئوخشاشلا بىكارغا كەتتى. ئۇلار ھې-لىھەم تىللىشاتتى، ئۇرۇشاتتى، ھەتتا بەزىدە نەچچە كۈنلەپ گەپمۇ قىلىشمايتتى...

زاك چې تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئويلىمىغان يەردىن تېلېۋىزوردا ھېلىقى كۆك يىلان توغرىسىدىكى خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. ئېكراندىكى ھېلىقى يىلان بىر تۈپ ئەتىرگۈل تۈۋىدە يۆگىلىپ ياتقان، پۈتكۈل تېنى خۇددى كۆپكۆك مەرۋايىتتەك پارقىراپ كىشىنى ئۆزىگە مەھلى-يا قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ھېلىقى يىلان يەرنى بېغىرلاپ مېڭىشقا باش-لىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى كىشىگە خۇددى لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يىلاننىڭ ھەتتا كۆزلىرىمۇ قېنىق كۆك رەڭدە، تولىمۇ سۈزۈك ئىدى. بىر پەستىن كېيىن ھېلىقى يىلان تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىب بولدى. زاك چې ئېكراندىكى ھېلىقى ئەتىرگۈلگە تىكىلگىنىچە، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: ئەجەبا، كۆك يىلان راستىنلا مەۋجۇتمىدۇ؟

زاڭ چې ئېكرانغا قاراپ خېلى بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ، تازىلىق ئۆيىگە كىردى ۋە ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئېلىپ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، تاكسى بىلەن «قەدىمىي ئورمان» مېھمانخانىسى تامان يۈرۈپ كەتتى.

قۇياش ئاللىبۇرۇن تاغ كەينىگە مۆككەن، لېكىن ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇ چۈشكەن تاكسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر يۈك ئاپتوموبىلى ۋېلسىپىتلىك بىر ئەرنى سوقۇۋېتكىلى تاسلا قالدى. ھېلىقى ئەر بىر چەتتە يىقىلىپ ياتقان ۋېلسىپىتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، يۈك ئاپتوموبىلى كەتكەن تەرەپكە قاراپ ھومىيىپ قويدى - دە، يولىغا راۋان بولدى. ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا ئوخشاشلا تىنچىق ئىدى ...

★ ★ ★

زاڭ چې بىلەن تاڭ نا «قەدىمىي ئورمان» مېھمانخانىسىنىڭ 4 - قەۋىتىدىكى قەھۋەخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال تاڭ نا يۇيۇنۇپلا چىققان بولۇشى مۇمكىن، چاچلىرى ھېلىھەم ھۆل، پۇتۇن بەدىنىدىن بىر خىل خۇش پۇراق ھىد دىماغقا ئۇرۇلاتتى. تاڭ نانىڭ سۇتتەك ئاق تېرىسى، زاڭ چېنى پۇتۇنلەي ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى.

ئۇ سۆزلىگەندە بېشىنى پەس قىلىپ سۆزلەشكە، گىلاستەك لەۋلىرىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ چىشلەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. شۇ پەيتتە زاڭ چې

لاۋشۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە جەلپكار تۇسكە ئىگە گۈزەل قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيۋاتاتتى.

— سىزنىڭچە بولغاندا لاۋشۇ ئۇگۈنلۈككە قايتىپ كېلىدىكەن ـ دە؟ ـ تاڭ نا ئىستاكاندىكى قەھۋەدىن ئوتلاپ قويدى.

— ئۇ سىزگە دېمىدىمۇ؟ ـ زاڭ چې تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ بۇ يەردە ئۇنىڭ بېجىرىشكە قاراشلىق ئىشلار چاچتەك تولا، سىز بۇ يەرگە يىللىق دەم ئېلىشىڭىزنى ئېلىپ كەپسىز ـ دە؟

— مېنىڭ خىزمىتىم يوق، ـ تاڭ نا مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ـ مەن بولسام ئوقۇغۇچى، لاۋشۇ سىزگە دېمەپتۇ ـ دە؟

— بىز ئەزەلدىن شەخسىي ئىشلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلەشمەيمىز، ـ زاڭ چې ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇپ قويدى، ـ ئەمەلىيەتتە بىز خىزمەتتىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ناھايىتى ئاز پىكىرلىشىمىز، ئەلۋەتتە خىزمەت توغرىسىدىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى. تاڭ نا كۈلسە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. كۈلگەندە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان قوزۇق چىشى ۋە ئېلىپتەك بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەقەت كۈلگەندىلا ھاسىل بولىدىغان سىزىقچىلار تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. زاڭ چې ئىلگىرى قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن «يوشۇرۇن قوزۇق چىشى بار بولغان قىزلار سەبىي، پاك كېلىدۇ، كۈلكە سىزىقچىلىرى بار قىزلار چوقۇم يېتىلگەن بولىدۇ...» دېگەن يازمىلارنى ئوقۇغانىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككى شەرتنى تولۇق ھازىرلىغان تاڭ نانى قانداق چۈشىنىش كېرەك ئەمدى؟

— مەن ئۇنى قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن! ـ دېدى تاڭ نا مەيۈس هالدا، ـ لېكىن هېچ چۈشىنەلمىدىم، ئۇنىڭ يانفونى دائىم ئېتىك.

— مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن هېچ ئالاقىلىشالمايۋاتىمەن، ـ دېدى زاڭ چېمۇ قوشۇمچە قىلىپ، ـ سىز ئۇنى ساقلىغاچ شەهىرىمىزنى ئايلىنىپ چىقىڭ. شەهىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا بولىدۇ. مەن سىزگە ساياهەت يېتەكچىسى بولاي، لاۋشۇنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ!

تاڭ ناغا هەمراھ بولۇشنى لاۋشۇ ئۇنىڭغا تەكرار ـ تەكرار جېكىلىگەن، مەقسىتى بولسا زاڭ چې ئارقىلىق تاڭ نانىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ هەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئىدى. زاڭ چې بۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، لاۋشۇ ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ قىسقىلا قىلىپ: «ئۇ دېگەن قىز بالا ئەمەسمۇ!» دەپلا گەپنى تۈگەتكەنىدى. لاۋشۇنىڭ شۇ پەيتتىكى هالىتى زاڭ چېنىڭ كۆزىگە خۇددى تۈن نىسپىدىكى ئەركەك مۈشۈككىلا ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى...

شۇ كۈنى ئۇلار خېلى كەچكىچە پاراڭلاشتى. پاراڭلاشقاندىمۇ بۇ شەهەرنىڭ كىلىماتى، هېلىقى كۆك يىلان، يۇقىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىلار، سادام هاكىمىيىتى، فىرانسىيەنىڭ ئۈزۈم هارىقى، شۇنداقلا بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى قاتارلىق چوڭ تېمىلار ئۈستىدە ئۆز سەۋىيەلىرىگە ماس هالدا ئوچۇق ـ يورۇق، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭلاشتى. بۇ جەريانلاردا ئۇلار ئىككى ئىستاكاندىن قەهۋە، سىنگاپورنىڭ داڭلىق هارىقىدىن ئىككى رومكا، ئىككى ئىستاكاندىن مارگارىت سوغۇق ئىچىملىكى ۋە بىرنەچچە ئىستاكاندىن لىمون سۈيى ئىچىۋەتكەنلىكىنىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قورۇ-

تۇلغان كالا گۆشىدىن ئىككى چوڭ تەخسىنى قورۇقداپ قويغانلىقىنى-مۇ تۇيمايلا قېلىشتى. بۇنىڭغا جەمئىي 672 يۈەن كەتكەنىدى، لاۋشۇنىڭ ئېيتىشىچە، كارتا ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ 100 مىڭ يۈەن نەق پۇل بار ئىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك چىقىمى دېڭىز سۈيىنىڭ بىر تام-چىسىلا ئىدى، خالاس!

زاڭ چې تاڭ نا بىلەن خوشلىشىپ بىنادىن چىقىپ، كىملەرنى-دۇ بىر پەس تىللىدى ۋە يىراقتا قاراپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە، تاكسى توسۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ تىللىغىنى بۈگۈنكى چىقىم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوبدانلا كەيپ بولۇپ قالغانىدى...

★ ★ ★

بۈگۈنكى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىت گۇ رۇيجۈەن ئۈچۈن ئەڭ تىنچ ۋاقىت بولدى. ئۇ ھېلىھەم نۇرسىز كۆزلىرىنى تو-رۇسقا تىكىپ جىمجىت ياتاتتى. زاڭ چې بىلەن داجۈن زالدا تاماكا چەككەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى. دېرىزە ئارقىلىق كىرگەن ھېلىقى سېرىس دەرىخىنىڭ خۇش پۇراقلىرى زال ئىچىدىكى دورا پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى...

— بۈگۈن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان دورا ـ ئوكۇللار تامامەن توختى-تىلىدۇ، ـ دېدى داجۈن ئېغىر تىنىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ـ زاڭ چې تەئەججۈپ بىلەن سورىدى.

— بۇنىڭ سەۋەبى بەكلا ئېنىق، پۇل تۈگىدى! ـ داجۈن پۈتىنىڭ ئۇچىغا قارىۋالدى.

— لېكىن دوختۇرنىڭ بۇرچى كېسەلنى داۋالاپ، ئادەم قۇتقۇزۇشقۇ؟

— بۇ يەر بولسا ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولغانلار كۇندە دېگۇدەك ئۆلۈپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك نامراتلار، كېسەلنى بىكارغا داۋالىغىلى ئەلۋەتتە بولمايدۇ - دە.

— قەرز تاپالمىدىڭمۇ؟ - زاڭ چې تاماكىسىنى قاتتىق تارتىۋەتكەچكە قېقىلىپ كەتتى.

راستىنى دېگەندە، زاڭ چې ئۇلارغا ھېچقانداق ماددىي ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن ئويۇلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ داجۇنگە ئاز - تولا قەرز بېرىپ تۇرۇشىغا تامامەن قۇربى يېتەتتى. لېكىن، بۇنچىلىك پۇلنىڭ زادى قانچىلىك رولى بار؟ بۇ ياردەم پەقەت رۇيجۇەننىڭ ئۆمرىنى بىرنەچچە كۇن ئۇزارتىشقىلا مۇمكىن بولار، داجۇن ھازىرغىچە كەم بولغاندىمۇ 200 مىڭ يۈەنگە قەرز بولدى. ناۋادا رۇيجۇەن ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ قەرز ھامان قايتۇرۇلۇشى كېرەك - تە، داجۇننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر؟

زاڭ چېمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلايتتى. ئۇ ئايالى بىلەن قاچان ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىلمىگىنى بىلەن بۇ كۇننىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق. شۇڭا ئۇ قېشىدىكى پۇلنى ھەر ھالدا نېرىراق قويۇپ قويغىنى تۈزۈك.

— نېمىدېگەن ئادالەتسىز جاھان بۇ؟ - داجۇن پىچىرلىدى، - ئاسماندىن ئازراقلا مۆلدۈر چۇشسە پەقەت بىزنىڭ ئۆگزىگىلا چۇشەمدىغاندۇ؟ رۇيجۇەن تېخى ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن تۇرسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ

ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ بولدى. ھەممى-
دىن يامىنى، ئۇنىڭ بىرەر كاپام نەرسە يېمىگىنىگىمۇ يېرىم ئاي
بولۇپ قالدى، ـ ئۇ زاڭ چېغا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ
سەن بىلەمسەن؟ ئۆپكىدە نېرۋا يوق، شۇڭا بىمار ئاغرىق سەزمەيدۇ،
ئۇنىڭ كېسىلى ھازىر ئاخىرقى باسقۇچتا! ئاناڭنى، ئۆپكىدە نېرۋا
بولمىغىنى بىلەن مېنىڭدە بار! ـ ئۇنىڭ گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ
كەتكەندى، ـ كېسەل دېسە مانا مېنى دېسە بولىدۇ. مەن ھازىر پۈتۈن-
لەي تۈگەشتىم!

كېسەلخانىدىن قاتتىق يۆتەل ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ-
گۈنكى بۇ يۆتەل ئاۋازى تۈنۈگۈنكىدىنمۇ قاتتىق، ۋەھىمىلىك ئىدى.
ئۇلار كېسەلخانىغا كىرگەندە رۇيجۈەن ھەدەپ قۇسۇۋاتاتتى. قارىغاندا،
ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆت سۇيىنى ياندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ
بەدىنىدىكى ھەربىر ئورگانىزمى، مۇسكۇللىرى، ھەتتا ھەربىر تال
چاچلىرىدىن تارتىپ ھەرىكەتلىنەتتى، چايقىلاتتى، تىترەيتتى. ئۆزى
بولسا خۇددى بەدىنىدىكى ھەربىر راك ھۈجەيرىلىرىنى بىراقلا قۇسۇپ
چىقىرىۋېتىدىغاندەك تىركىشەتتى. يۈزلىرى كۆكىرىپ، كۆزلىرى
پولتىيىپ قالغانىدى...

زاڭ چېنىڭ ئېسىگە تۈيۈقسىز داجۈننىڭ «راك ھۈجەيرىلىرى
ھازىر ئۇنىڭ ئۇستىخان پەردىلىرىنى يەۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى كېلىپ
سەسكىنىپ كەتتى. داجۈن ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئاۋايلاپ
مۇشتلاشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، داجۈننىڭ قولىدىن ئەمدىلىكتە بۇ-
نىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىش كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. رۇيجۈەن ئاستا ـ
ئاستا ئۆزىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ باشقىدىن ياستۇققا بېشىنى سى-

ئۇيان قىلىپ كارىۋات ئايىغىغا قويۇلغان كىچىككىنە شامالدۇرغۇچقا تىكىلدى. ئۇنى قىزى سوۋغا قىلغان بولۇپ، قىزى ئۇنى چۈشتىن بۇرۇن يوقلاپ كەتكەنىدى.

— ئۇلار ئەمدى كەلسە قېشىمدا ھەرگىز ئۇزاق تۇرمىسۇن، — رۇيجۈەننىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ۋە مەيۈس ئىدى، — مەن ئۇلارنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

زاڭ چې ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— لېكىن مەن قىزىمنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت سېغىنىمەن، — رۇيجۈەن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان شۇ پەيتتە ئىككى تامچە ياش تۆۋەنگە قاراپ سىرغىدى، — مەن ئۇنى جىقراق كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ زاڭ چېنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. داجۇن گۇ رۇيجۈەنگە ئۇسسۇزلۇق تەييارلىغاچ تەسەللى بەردى.

— ئۇنداق قالايمىقان خىياللاردا بولماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

گۇ رۇيجۈەن لام - جىم دېمىدى.

— ئۇسسۇزلۇقتىن بىر يۇتۇم بولسىمۇ ئىچىۋېلىڭ، — دېدى دا جۇن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىمەكچى بولۇپ، — ناشتىدىكى يېرىم چىنە شورپىنىمۇ، چۈشتە ئىچكەن سۈتنىمۇ ياندۇرۇۋەتتىڭىز، بۇنداق كېتىۋەرسە بەرداشلىق بېرەلمەيسىز.

گۇ رۇيجۈەن كۆزىنى يۇمغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى.

— مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، سىرتقا چىقىپ شامالداپ كىرىڭلار، مەن بىر پەس ئارام ئېلىۋالاي.

— ئەڭ ياخشىسى ئۇسسۇزلۇقتىن ئازراق ئىچىۋېلىڭ، داجۇن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى.

— ھۇ، خۇمپەر، سەن مېنىڭ ئىچەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ زورلاۋېرەمسەن؟ - كۆزىنى يۇمۇپ ھالسىز ياتقان رۇيجۇەنگە خۇددى غايىبتىن كۈچ كەلگەندەك ۋارقىرىغىنىچە داجۇنگە تىل سالدى، - ئۈچ كۈندىن بۇيان، سەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى مېنى پەقەت پۇرچاق قىيامى يېيىشكىلا زورلايسەن. ماڭا ئوخشاش بۇ ھالدىكى ئايالنىڭ قانداقمۇ ئۇنداق نەرسىلەرگە كۆڭلى تارتسۇن؟ چۇشلۇكى بولسا سۈت ئىچىشكىلا قىستايسەن، مېنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بىلەمسەن؟ مېنىڭ تۇزۇكرەك تاماق يېمىگىنىمگە ساق 15 كۈن بولدى. ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئەمدى مېنى قىستىما، مەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپلا تۈگىشەي، مەن ئۆلسەم كۆڭلۈڭدىكىدەك بىرەرسىنى تېپىۋېلىشىڭغا پۇرسەت چىقىدۇ، - ھالسىزلىنىپ كەتكەن رۇيجۇەنىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى.

بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن زاڭ چېنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئىچىدە بولسا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى: بۇ ئەينى چاغلاردا مەكتەپنىڭ گۈلى دەپ ئاتالغان. مەن - مەن دېگەن يىگىتلەرنى ھەر خىل سەۋدالارغا سالغان ھېلىقى گۇ رۇيجۇەنمىدۇر؟ كۆڭلۈمدىكى راست سۆزنى قىلسام، مەنمۇ ئىلگىرى ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. داجۇندىن ئۇنى قىزغىناتتىم. شۇ چاغلاردىكى گۇ رۇيجۇەن نەقەدەر جەلپ قىلارلىق، نەقەدەر مۇلايىم قىز ئىدى - ھە! ئۇنىڭ قاپقارا سومبۇل چاچلىرى، يارىشىملىق، ئۇزۇن لەپىلمە كۆڭلەكلىرى... ھەتتىگىنەي! ئۇنىڭ لەۋلىرىچۇ تېخى، ئۇنىڭ لەۋلىرى خۇددى سەھەردىكى شەبنەم قونغان گۈل

بەرگىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ ھەممشە سىنىپىنىڭ بۇلۇڭىغا بېكىنىۋې-لىپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولاتتى. ناۋادا بىراۋ ئۇنىڭغا قاراپ قويى-دىغۇ بولدى، يۈزلىرى شۇئان ئاناردەك قىزىرىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالاتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۆز ئېرىنى ئەي-مەنمەي ھاقارەتلەۋاتقان ھازازۇل بۇ خوتۇن ئەينى چاغدىكى ھېلىقى ئوماق، مۇلايىم گۇ رۈيجۈەن شۇمۇ؟

رۈيجۈەننىڭ ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىدىنى تۈپتىن ئۈزۈۋەتكەنلىكى زاڭ چېغا ئايدىڭ ئىدى. دېمەك، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ بۇ خىل تەڭسىزلىكىگە، تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق كاجلىقى-غا قارىتا نەپرىتىنى، ئۆچمەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى-سىنى ئازابلاش ئارقىلىق چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. داجۈن بولسا ھې-لىھەم ئۇنىڭ قېشىدا لام ـ جىم دېمەي تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى-نىڭ لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەن، قولىدىكى ئىستاكاننى چىڭ قا-مالىلىۋالغانىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۆيئىچىگە سالقىن شامال كىر-گەندەك قىلدى ۋە ھېلىقى شامالدۇرغۇچتىكى قىزىل، كۆك رەڭ، سېرىق رەڭدىكى چاقچەلەك ياپراقچىلىرى باشتا ئاستا، كېيىنچە ئىتتىك ـ ئىتتىك پىرقىرىغىنىچە ئاخىر كۆك رەڭ تۈستىكى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى...

* * *

چۈشتىن كېيىن تاڭ نا مېھمانخانىدىكى ياتىقىدا ئارام ئالدى. زاڭ چې بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لاۋشۇنى ئىزدەپ ئۇنىڭ بىلەن تاڭ

نا ھەققىدە سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر باھانە بولۇپ، تاڭ نا توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۇدەك ھېچقانداق بىر ئالاھىدە ئىشمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ لاۋشۇ بىلەن كۆرۈشۈشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى بولسا راستىنى دېگەندە، گۇ رۇيجۇەن ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇ لاۋشۇدىن داجۇننىڭ ئورنىدا قەرز ئېلىشنى ئالللىبۇرۇن ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىرى لاۋشۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تاڭ نا بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىنى، ھەتتا تاڭ نانىڭ ئادەتتە قانداق كىيىم كىيىپ، قانداق لەۋ سۇرۇخ ئىشلىتىدىغانلىقىدىن تارتىپ تىرنىقىنى قايسى رەڭدە بويايدىغانلىقىغىچە چالا قويماي تولۇق دوكلات قىلدى. سورالغان سوئاللارغا قارىتا ئۆزىنىڭ قانداق ئۇستاتلىق ئىشلىتىپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بولسا نۇقتىلىق تەكىتلەپ ئۆتتى. لاۋشۇ پىۋا ئىچكەچ ئۇنىڭ بايانلىرىنى قىزىقسىنىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى:

— جاپا چەكتىڭ، قالغان ئىشلارنىمۇ ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلارسەن.

— ھەممىدىن يامىنى ئۇ ئىنتايىن جاھىل ئىكەن، سەن بىلەن كۆرۈشمىگىچە ھەرگىز قايتىپ كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

— ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭغا ئوتتۇراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنىڭ تامامەن ئۈزۈلگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتساڭلا ئىش پۈتمىدىمۇ؟ ئۇ چاغدا ماڭىمۇ ئاسان بولاتتى.

لاۋشۇ ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە قايتۇرۇپلا

سورىدى:

— شۇ خىلدىكى سۆزنى سەن ئايالىڭغا بىۋاستە دېيەلەمسەن؟

زاڭ چې ئۇنىڭ سوئالىدىن ئەندىكىپ كەتتى ۋە پەس ئاۋازدا پى-چىرلىدى:

— ئۇنداق دېيىشكە ھەرگىزمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن.

ھەببەللى، - لاۋشۇ بايىقى ئاھاڭ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - شۇنداق بولغاندىن كېيىن مېنىڭ شەخسىي ئىشلىرىمغا ئۇنچىلىك باش قاتۇرۇپ كەتمە، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇنى بىر ئامال قىلىپ بۇ شەھەردىن بالدۇراق كەتكۈزۈۋېتىش.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ئارقىدىن ئۇلار بىردەم تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكەنمۇ بولدى. زاڭ چې قەرز سوراش توغرى-سىدا ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈندۇر زادىلا ئېغىز ئاچالمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرىكىنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن لاۋشۇنى دوراپ پىۋىدىن خېلى ئىچكەن بولسىمۇ، ئەكسىچە ھېچ تەسىر قىلاي دېمەيتتى.

— ئۇكام، بولدى ئىچمىگىن، - لاۋشۇ ئۇنىڭ قولىدىكى ئىستا-كاننى تارتىۋالدى، - مۇشۇنداق ئىچىۋەرسەڭ تاڭ ناغا ئوخشاش جاھا-نكەزدى بولۇپ كېتىسەن جۇمۇ!

— سەن تاڭ نانى تاشلىۋەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟

— توغرا دېدىڭ، مەن ئۇنى تاشلىۋەتتىم. لېكىن، مەن ئۇنى تاش-لىۋەتكەن بىلەن سېنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش جاھانكەزدى بولۇپ كېتى-شىڭنى ھەرگىز خالىمايمەن! - لاۋشۇ پەيلاسوپلارچە سۆزىنى داۋاملاش-تۇردى، - چۈنكى بىز دېگەن قېرىنداش، قېرىنداش ئىكەنمىز چوقۇم بىر - بىرىمىزگە تولۇق ئىشىنىشىمىز، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشىمىز

لاۋشۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە جەلپكار تۇسكە ئىگە گۇزەل قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيۋاتاتتى.

— سىزنىڭچە بولغاندا لاۋشۇ ئۆگۈنلۈككە قايتىپ كېلىدىكەن ـ دە؟ ـ تاڭ نا ئىستاكاندىكى قەھۋەدىن ئۇتلاپ قويدى.

— ئۇ سىزگە دېمىدىمۇ؟ ـ زاڭ چې تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ بۇ يەردە ئۇنىڭ بېجىرىشىگە قاراشلىق ئىشلار چاچتەك تولا، سىز بۇ يەرگە يىللىق دەم ئېلىشىڭىزنى ئېلىپ كەپسىز ـ دە؟

— مېنىڭ خىزمىتىم يوق، ـ تاڭ نا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ـ مەن بولسام ئوقۇغۇچى، لاۋشۇ سىزگە دېمەپتۇ ـ دە؟

— بىز ئەزەلدىن شەخسىي ئىشلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلەشمەيمىز، ـ زاڭ چې ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇپ قويدى، ـ ئەمەلىيەتتە بىز خىزمەتتىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ناھايىتى ئاز پىكىرلىشىمىز، ئەلۋەتتە خىزمەت توغرىسىدىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى. تاڭ نا كۈلسە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. كۈلگەندە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان قوزۇق چىشى ۋە ئىلىپتەك بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەقەت كۈلگەندىلا ھاسىل بولىدىغان سىزىقچىلار تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. زاڭ چې ئىلگىرى قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن «يوشۇرۇن قوزۇق چىشى بار بولغان قىزلار سەبىي، پاك كېلىدۇ، كۈلكە سىزىقچىلىرى بار قىزلار چوقۇم يېتىلگەن بولىدۇ...» دېگەن يازمىلارنى ئوقۇغانىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككى شەرتنى تولۇق ھازىرلىغان تاڭ نانى قانداق چۈشىنىش كېرەك ئەمدى؟

— مەن ئۇنى قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن! ـ دېدى تاڭ نا مەيۈس هالدا، ـ لېكىن هېچ چۈشىنەلمىدىم، ئۇنىڭ يانفونى دائىم ئېتىك.

— مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن هېچ ئالاقىلىشالمايۋاتىمەن، ـ دېدى زاڭ چيمۇ قوشۇمچە قىلىپ، ـ سىز ئۇنى ساقلىغاچ شەهىرىمىزنى ئايلىنىپ چىقىڭ. شەهىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا بولىدۇ. مەن سىزگە ساياھەت يېتەكچىسى بولاي، لاۋشۇنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ!

تاڭ ناغا هەمراھ بولۇشنى لاۋشۇ ئۇنىڭغا تەكرار ـ تەكرار جېكىلىگەن، مەقسىتى بولسا زاڭ چي ئارقىلىق تاڭ نانىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ هەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئىدى. زاڭ چي بۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، لاۋشۇ ئۇنىڭ مۇرىسىنى يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ قىسقىلا قىلىپ: «ئۇ دېگەن قىز بالا ئەمەسمۇ!» دەپلا گەپنى تۈگەتكەنىدى. لاۋشۇنىڭ شۇ پەيتتىكى هالىتى زاڭ چينىڭ كۆزىگە خۇددى تۈن نىسپىدىكى ئەركەك مۈشۈككىلا ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى...

شۇ كۈنى ئۇلار خېلى كەچكىچە پاراڭلاشتى. پاراڭلاشقاندىمۇ بۇ شەهەرنىڭ كىلىماتى، هېلىقى كۆك يىلان، يۇقىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىلار، سادام هاكىمىيىتى، فىرانسىيەنىڭ ئۈزۈم هارىقى، شۇنداقلا بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى قاتارلىق چوڭ تېمىلار ئۈستىدە ئۆز سەۋىيەلىرىگە ماس هالدا ئوچۇق ـ يورۇق، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭلاشتى. بۇ جەريانلاردا ئۇلار ئىككى ئىستاكاندىن قەهۋە، سىنگاپورنىڭ داڭلىق هارىقىدىن ئىككى رومكا، ئىككى ئىستاكاندىن مارگارىت سوغۇق ئىچىملىكى ۋە بىرنەچچە ئىستاكاندىن لىمون سۈيى ئىچىۋەتكەنلىكىنىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قورۇ-

غاچ ئاللىقاياقلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. زاڭ چې لاۋشۇنىڭ تاماكا ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىغا قاراپ كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى...

★ ★ ★

شۇ كۈنى ئاخشىمى زاڭ چې تاڭ نا بىلەن قەھۋە ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، شۇ كۈنلۈك كەچلىك گېزىتتىن ھېلىقى كۆك يىلان ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدى. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ قېتىم ئۇ يىلاننى ئون نەچچە كىشى كۆرگەن بولۇپ، ئۇ يىلاننى تەلتۆكۈس كۆپكۆك دېگىلى بولمىغۇدەك. ئەكسىچە، ئۇنىڭ بەدىنىدە بەلىنەر ـ بىلىنمەس ئاچ سۆسۈن رەڭلىك گۈل شەكىللىرى ۋە قىزغۇچ رەڭلىك سىزىقچىلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ياشاش خاراكتېرىمۇ ئۆزگىچە، كەيپىياتىدىكى ھۆرۈنلۈق بىلەن ھەرىكىتىدىكى چېۋەرلىك ئۆزئارا زىچ ماسلاشقانىكەن. ئۇ يىلان گۈل شاخلىرىغا يۆگىلىۋېلىشقا ئامراق بولۇپ، ئۆزگىچە ھەرىكەتلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، بەزىدە تۇيۇقسىزلا نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. ھەممىدىن سىرلىقلىقى شۇ يەردىكى، كۆك يىلان پەيدا بولغان ۋاقىتتا، ئەتراپىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۇيۇقسىزلا تۆۋەنلەپ كېتەرمىش...

— سىز بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ ـ دەپ سورىدى زاڭ چې تاڭ نانىڭ قولىدىن گېزىتنى ئېلىۋېلىپ.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز بېرىپ ئاشۇ يىلاننىڭ ئۆزىدىن

سوراپ بېقىڭ، ـ دېدى تاڭ نا قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈر-گەچ ئۇنىڭغا سىرلىق تىكىلىپ.

زاڭ چې ئۇنىڭغا قاراپ دوستانە ھومىيىپ قويدى ـ دە، ئاخشام بۇيرۇتقان ئىچىملىك ۋە قورۇمىلارنى ئۆز ئەينى بويىچە تولۇق بەجا كەلتۈردى. تاڭ نانىڭ ئىشتىھاسى تولىمۇ ياخشى، ھاراققىمۇ ئوبدانلا كۆتۈرۈشلۈك ئىدى. چوكىسى بىردەممۇ جىم تۇرمايتتى...

ــ سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالغان؟ ـ زاڭ چېنىڭ مەقسىتى ئۇنى گەپكە تۇتۇپ، لاۋشۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ۋاقىتنى 11 يېرىمغىچە سوزۇش ئىدى.

تاڭ نا ھېكايىسىنى باشلىدى...

ــ شۇ كۈنى مەن بەزمىخانىدا ھاراق ئىچكەچ ئولتۇراتتىم. تۇيۇق-سىزلا قىڭغىراق كۆتۈرۈۋالغان بىر ھارامزادە ئىشىكتىن كىرىپلا ماڭا قاراپ ئېتىلدى...

زاڭ چې قىزىقسىنىپ دەرھال سورىدى:

ــ بۇ ئىش قەيەردە بولغان؟

ــ شەندۇڭ ۋېيخەيدە. مەن ئۇ يەردىن زادىلا ئايرىلىپ باقمىغان، دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە، لاۋشۇ ئوتتەك ئېتىلىپ كېلىپ...

ــ لاۋشۇمۇ شۇ بەزمىخانىدا ئىكەن ـ دە، تەلەيلىك ئىكەنسىز.

ــ شۇنداق، ئۇ كاماندىروپكىغا كەپتىكەن، كونىچە قىلىپ ئېيت-قاندا، ئۇنى بىز «ئەزىمەتنىڭ سايىپجامالنى قۇتقۇلدۇرۇشى» دەيمىز. بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

ــ ئارقىدىن قانداق بولدى؟

ــ قوغداش ساقچىلىرى ھېلىقى خۇمپەرنى ساقچىخانىغا ئېلىپ

كەتتى.

ــ لاۋشۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

ــ لاۋشۇنىڭ دۇمبىسىدىكى تارتۇق شۇ چاغنىڭ يالدامىسى! بەلكىم سىز ئۇ تارتۇقنى كۆرمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

زاڭ چېنىڭ ئېسىگە كەلدى. چۈنكى ئۇ تارتۇقنى كۆرگەنىدى. لاۋشۇ هاراقنى كۆپ ئىچكەندە، ئادەتتە يالىڭاچ بولۇۋالاتتى. ھېلىقى تارتۇق خۇددى سەكسەنپۇتنىڭ شەكلىگىلا ئوخشاش بولۇپ، هاراقنىڭ تەسىرىدە ئاچ سۆسۈن رەڭگە كىرىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان تارتۇق ھەققىدە زاڭ چېمۇ سوراپ يۈرمىگەنىدى.

ــ ھېلىقى يىگىت نېمە ئۈچۈن سىزگە قىڭغىراق كۆتۈرىدۇ؟ ـ زاڭ چې ئىچكىرىلەپ سوراشقا باشلىدى.

ــ ئۇ مېنىڭ ئىلگىرىكى يىگىتىم ئىدى، ـ تاڭ نا بىغەملەرچە هاراقتىن بىر رومكا ئوتلىدى، ـ مەن ئۇنى تاشلىۋەتكەنىدىم.

ــ ئوغۇل بالا تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ تىغ كۆتۈرگەن بارمۇ ئەمدى؟

تاڭ نا ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، مېيىقىدا كۈلگىنىچە سائىتىگە قارىدى.

ــ ئەتە بارىدىغان ساياھەت ئورۇنلىرى خېلى بارغۇ دەيمەن؟ ـ زاڭ چې ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ـ شۇنداق، ئەڭ ياخشىسى بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ.

* * *

ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى زاڭ چې دوختۇرخانىغا يەنە كەلدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغ كېسەل يوقلاشقا تازا مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. لېكىن، يەنىلا بىمارنى يوقلاش ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆزىگە تەسەللى تې-پىشنى ئويلىغان زاڭ چې ھارغىن پۇتلىرىنى دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ يۆتكىدى. بۈگۈن ئۇ پۈتۈن بىر كۈن تاڭ ناغا ھەمراھ بولۇپ، خۇددى پىشقان، تەجرىبىلىك ساياھەت يېتەكچىسىدەك، ئېنىقراق دې-گەندە، خۇددى ئۇنىڭ يالىنىۋالغان چاكىرىدەك پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇنىڭ ئۇچۇن پايپېتەك بولدى. نەگە بارىمەن دېسە ئېرىنمەي شۇ يەرگە ئاپاردى. نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسە دەرھال ھازىر قىلدى.

40 گىرادۇسلۇق بۇنداق ئىسسىقتا بىچارە گۇ رۇيجۈەنىنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ زاڭ چې يەنىلا رۇيجۈەنگە ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئازاب ئىلكىدە تولغىناتتى. بولۇپمۇ داجۈندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئويلايت-تى. گەرچە ئۇلار زاڭ چېدىن قەرز ئېلىش توغرىسىدا تېخى ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، لېكىن زاڭ چې ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى ئويلايتتى ـ يۇ، لېكىن شۇ سەۋەب-تىن لاۋشۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈنكى ۋاپادار ئىت دېگەن غوجايىنىنىڭ رايى بويىچە قاۋاشنى بىلىشى

كىرەكتە...

گۇ رۇيجۇەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك نۇرسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە كېسەل كارىۋىتىدا ھالسىز تىنىپ ياتاتتى. زاڭ چې ئۇ-نىڭغا بىر ئىستاكان ئۇسسۇزلۇق تەييارلاپ ئۇنى مۇزلىتىش ئۈچۈن كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. رۇيجۇەن ئۇنىڭغا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاسما ئوكۇل يەنىلا ئۆز رىتىمىدا يېنىك تامچىلاۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، داجۇن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلغان ئوخشايدۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى زاڭ چې ئىچىدە.

ــ دادام يوقلاپ كەپتىكەن، ـ دېدى رۇيجۇەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا، ـ ئۇن مىڭ يۈەن ئالغاچ كەپتۇ!

زاڭ چې ئالدىراپ سورىدى:

ــ دادىڭىز ھازىر قەيەردە؟

ــ ئۇ قايتىپ كەتتى، ـ رۇيجۇەننىڭ ئاۋازى پەس ئىدى، ـ دادام دېھقان، ھازىر ئۇلارنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى.

ــ بۇ ئىشتىن داجۇننىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

ــ ئۇ تېخى بىلمەيدۇ.

ــ بىلمەيدۇ؟ ـ زاڭ چې ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

ــ ئۇ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن، تېخى قايتىپ كەلمىدى.

ــ دېمەك ئۇنى پۈتۈن بىر كۈن كۆرمىدىڭىز؟ ـ زاڭ چې ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. داجۇننىڭ بۇ قىلىقى ئۇنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى.

ــ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا بېجىرىدىغان جىددىي ئىشىم

بار دەپ ئالدىراپلا چىقىپ كەتكەن، ھېلىمۇ سېستىرالارنىڭ بولۇپ قالغىنى، بولمىسا يالغۇزچىلىقتا قانداق قىلاتتىمكىنتاڭ؟ - رۇيجۇەننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئۇ سىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشمىدىمۇ؟

— ئۇ يانفوننى ئالمىدى.

— ئۇ سىزگە ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە بىرنەرسە دېمىگەنمۇ؟

— ياق.

— بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ئەمدى؟ - زاڭ چېنىڭ كۆڭلى خۇددى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بىر قىسىملا بولۇپ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ رۇيجۇەننىڭ كۆڭلىنى ياساشنى ئۇنۇتمىدى، - خاتىرجەم بولۇڭ، داجۇن ھېچيەرگە بارمايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بىچارىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى پەقەت سىزدىلا. مەن چىقىپ قاراپ باقاي.

زاڭ چې سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە كېسەلخانىدا زادىلا تۇرغۇسى يوق ئىدى. سىرتقا چىقىپلا داجۇننى تىلغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللىۋەتتى. چۈنكى، داجۇن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئايالىنى كېسەلخانىغا يالغۇز تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىۋەتكەنىدى. ئۇ داجۇننى تىللاپ ھاردى بولغاي، ئىختىيارسىز ئۇھسىنىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى يىغا تۇتقانىدى. ئۇ دەرمانسىز ھالدا سىرتقا ماڭغاچ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: ۋىجدانسىز خۇمپەرنىڭ جاجىسىنى چوقۇم بەرمەسەم، ھۇ، تاش يۈرەك خۇمسى؟؟!

* * *

— ماڭا ئەمدى بولسىمۇ راست گەپ قىلىڭ. لاۋشۇ ئەتىلىككە كېلەمدۇ - يوق؟ - تاڭ نا زاڭ چېغا مىختەك تىكىلدى، ئۇ قولى بىلەن قەھۋە قاچىسىنى تەخسىگە قويۇپ توختىماي غىچىرلىتاتتى.

— كەچۈرۈڭ، سوئالىڭىزغا ھېلىھەم ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشالىدىڭىزمۇ؟

— ئاخشام تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىم، كۈتۈلمىگەن باشقا مۇھىم ئىش چىقىپ قالمىسىلا قايتىمەن دېگەن.

— ئۇ ئادەتتىمۇ ئەنە شۇنداق ئالدىراش، - زاڭ چې ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئۇتلىغاچ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى، - بايا مەن بىر پارچە گېزىت سېتىۋالغانىدىم. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، بىراۋ ئورمانلىقتىن مۇپەسسەل ساقلانغان غەيرىي بىر يىلاننىڭ تېرىسىنى بايقاپتۇ.

— يەنە شۇ كۆك يىلاننىڭمىكەن؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ تېرىسىدىكى ئاچ سۆسۈن رەڭلىك سىزىقچىلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل يىلان پەقەت ئامېرىكا ئورمانلىقلىرىدىلا ئۇچرايدىكەن، ئۇنىڭ تېرىسى ئايالچە ئاياغلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا تازا مۇۋاپىق كېلەرمىش، بۇ خىل يىلاننىڭ رايونىمىزدا بايقىلىشى بۇ خىل مۇقەررەرلىكنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە تامامەن پاكىت بولالايدۇ.

دەل شۇ پەيتتە زاڭ چېنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. تېلېفون ناتونۇش نومۇردىن كەلگەنىدى. زاڭ چېنىڭ يۈرىكى تۇيدى - دە، كۇنۇپ-

كىنى بېسىپلا ۋارقىردى:

— داجۇنمۇ سەن؟ هۇ، ۋىجدانسىز خۇمپەر!

— شۇنداق، مەن داجۇن، - قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى بەكلا تۆۋەن ئىدى.

— نەلەرگە بېرىۋالدىڭ؟ - زاڭ چې ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ نەدىلىكىم بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن، مەن تېخى بايىلا پويىزدىن چۈشتۇم، ساڭا مۇھىم بىر ئىشنى ھاۋالە قىلماقچى ئىدىم.

— سەن رۇيجۈەندىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىسۇن، سەن ھازىر زادى نەدە؟

— گېپىمنى ئاڭلا بۇرادەر. مەن زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ قويارسەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ. مېنىڭ قايتىپ كېتىشىمنىڭ ئەمدىلىكتە ھېچقانداق رولى يوق دەپ قارايمەن!

— سەن ئۆزۈڭنى ئويلىغىنىڭ بىلەن، لېكىن بىچارە رۇيجۈەن ھازىر نېمە ھالەتتە بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ ھازىر پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈكلا قالدى. سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ ئىنسانىي پەزىلەتكە، ئەر - خوتۇنلۇق مېھر - مۇھەببەتكە تامامەن يات بولغان جىنايى قىلمىش. مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئىست!

زاڭ چې قولىدىكى ئىستاكاننى غەزەپ بىلەن ئۈستەلگە ئۇرۇشى ھامان ئالىقىنىدىن سىرغىغان قان ئۈستەل ئۈستىنى بويىۋەتتى. بۇ

تۇيۇقسىزلىقتىن باشقا ئۇستەلدىكىلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇلارغا تىكىلدى، تاڭ نانىڭ يۈزلىرىمۇ تاتىرىپ كەتكەندى.

— مەن پەقەتلا چىداشلىق بېرەلمىدىم، مەن ئەمدى ھەرگىز قايتمايمەن. ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىلا ئۆلۈپ كېتىشىنى زادىلا كۆرگۈم يوق. مەن ساڭا كەچۈرۈم سوراپ تېلېفون بەرمىدىم، سەن بولساڭمۇ مېنى چۈشەنسىكەن دەيمەن!

— تېز قايتىپ كەل، ئالجىغان ساراڭ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر نېمە ئىكەنسەن.

— گېپىم تۈگىدى، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم ئەمىسە.

— رۇيجۇەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!

قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويۇۋەتكەنىدى. زاڭ چېنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن، سول قولىنىڭ ئالىقىنىدىن ئېقىۋاتقان قان تېخى توختىمىغانىدى. كۆتكۈچىلەردىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭدىن تەكەللۇپ بىلەن سورىدى:

— ئەپەندىم، ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— يوقال كۆزۈمدىن! - زاڭ چې ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ ئادەمنى قورقۇتۇپ، - ھېلىھەم ئالاقزەدىلىك ئىلكىدىكى تاڭ نا تازىلىق قەغىزىدىن بىر تۇتامنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئەمما، زاڭ چې ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

— مېنىڭ بىلەن چاتىقىڭىز بولمىسۇن، - زاڭ چې بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ تۇرغان بايىقى كۈتكۈچىگە قاراپ ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا، - بايىقى قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ، كۆڭۈلىڭىزگە رەھمەت! - دېدى ۋە تاڭ ناغا يۈزلەندى، - بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، ھېسابات قىلىۋېتەي.

* * *

زاڭ چېنىڭ قىياسىچە، ناۋادا داجۇن مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمىسە، ئۇنىڭدىن يەنە ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل خىيالغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

بۈگۈن يەنى داجۇن غايىب بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى زاڭ چې تاڭ نانى شەھەردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ساياھەت رايونىغا ئاپىرىپ ئايلاندۇردى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرماملىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئەمدىلا مېھمانخانىدىن چىقىپ تاكسى ساقلاۋاتاتتى.

زاڭ چې ئامالسىز تاڭ نانى مېھمانخانىدا ئارام ئېلىشقا، ساياھەتنى بىر كۈن ئارقىغا سۈرۈشكە ماقۇل قىلدى. راستىنى دېگەندە، كۈتۈلمىگەن بۇ يامغۇردىن زاڭ چېنىڭ كۆڭلى ئاز ـ تولا ئېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ پەرىزىچە، مۇشۇ يامغۇرنىڭ سەۋەبى بىلەن بۈگۈندىن كېيىنكى ھاۋانىڭمۇ سالقىنداپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. تاڭ نا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ جاھىل بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى تاڭ ناغا پەقەتلا كار قىلمايۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ خۇددى شۇنداق بىر ئۆزگىچە سىرلىق ئۆسۈملۈكتەك بۇ مېھمانخانىنىڭ ھەتتا ئەڭ ئۇلىغىچە يىلتىز تارتىپ بولغاندەكلا قىلاتتى...

لاۋشۇ تېلېفوندا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىشى

چىقىپ قالغاچقا، ھازىرچە قايتالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئالدىرىسا ئۇنىڭ قايتىپ تۇرسا بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى چوقۇم يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن تاڭ نا بىر ئېغىز سۆز بىلەن گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

— بولمايدۇ، مەن سىز بىلەن كۆرۈشمىگىچە، بۇ شەھەردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئىنتايىن كەسكىن، ئىرادىسى ھېلىھەم ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم ئىدى.

★ ★ ★

زاڭ چې تاڭ نا بىلەن سوغۇق ئىچىملىك ئىچىش ئۈچۈن چوڭ بىر سايىۋەنلىك ئاستىغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇلار بۇ مەنزىرە رايونىنى ئايلىنىپ بولغۇچە چىلىق - چىلىق تەرلەپ، ھېرىپ ھېچ مادارى قالمىغانىدى. زاڭ چېنىڭ پەرىزى تامامەن يوقىقا چىققانىدى. چۈنكى، تۈنۈگۈن ياغقان يامغۇر بۈگۈنكى تېمپېراتۇرىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن، ھاۋا يەنىلا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. توڭلاتقۇدا تۇرۇپ مۇزلاپ ۋايىغا يەتكەن كولا ئۇلارنى ھوزۇرلاندۇرۇۋەتتى. ئاجايىپ بىر خىل سوغۇق ئېقىم كولا بوتۇلكىسىنى قاماللىۋالغان تاڭ نانىڭ قولىنىڭ بارماق ۋە ئالىقانلىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ ئۇنى تېتىكلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرىكىلەر كولا بوتۇلكىسىنى ئاياللارنىڭ بەدىنىگە تەقلىد قىلىپ ياسىغانمىش! ئۇنداقتا ئاياللارنىڭ قولىنى كولا بوتۇلكىسىغا تەگدى دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ

چاغدا ئۆلارنىڭ قەلبى قانداق ھېسلارغا ئەسىر بولار؟

— بىز بۇ شەھەرنىڭ ھەممە يەرلىرىنى تولۇق بىر قېتىم دېگۇدەك ئايلىنىپ بولدۇق، - دېدى زاڭ چي تەرلىرىنى سۈرتكەچ، - لاۋشۇ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاي دەيسىز؟

— ماڭا بەرىبىر، - دېدى تاڭ نا قاشلىرىنى يىمىرىپ، - خالىسام قانغۇچە ئۇخلايمەن، خۇشياقسا بازار ئايلىنىمەن، نەرسە - كېرەك سېتىۋالىمەن، ئىشقىلىپ، لاۋشۇ كەلمىگۈچە ھەرگىز بۇ شەھەردىن كەتمەيمەن.

زاڭ چي كۆلادىن يەنە بىر يۇتۇم ئوتلىدى. بۇگۈن ئۇ دوختۇرخانىغا بالدۇرراق بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان، كۆڭلى بىئارام ئىدى. ناۋادا داجۇن يەنىلا قايتىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ ئىشنى رۇيجۈەنگە يەنە نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك؟ ئالدىنقى قېتىمغۇ داجۇننى مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ ئۇزۇن يوللۇق مال توشۇش ئاپتوموبىلىنى ھەيدەشكە ياردەملىشىپ، قوشنا شەھەرگە مال يۆتكىگىلى كەتتى دەپ رۇيجۈەننى ئىشەندۈرگەنىدى. زاڭ چي بۇ رولنى يەنە قانچىغىچە ئېلىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم رۇيجۈەن ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرىنىڭ تېگىگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت رۇيجۈەنلا ئەمەس، دوختۇرخانىدىكى بارلىق دوختۇر - سېسترالارمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قىزىمۇ ئۇنىڭ نومۇسسىزلارچە قېچىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. داجۇننىڭ قېچىپ كېتىشى پەقەت رۇيجۈەننىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، ئۇنىڭ ئوماق قىزىنىڭ، دوختۇر - سېسترالارنىڭ، شۇنداقلا زاڭ چېنىڭلا مەغلۇبىيىتى بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە،

پۈتكۈل تېببىي ساھەنىڭ، ھەتتا جەمئىيەتنىڭمۇ مەغلۇبىيىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس! ئۇنىڭدىن باشقا، زاڭ چېنىڭ لاۋشو تۇغرۇلۇق تاڭ ناغا دەپ كېلىۋاتقان يالغان ـ ياۋىداقلىرىنى تاڭ نامۇ ئاللىبۇرۇن سېزىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تاڭ نا ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ھىجايغاق قىزلارغا ئوخشىمايدىغان، ئەكسىچە خېلى ـ خېلى ئىشلارنى كۆرۈپ، كۆزى ئېچىلىپ، بېشى پىشىپ قاقباش بولۇپ كەتكەن چېچەن، شۇنداقلا ھىيلىگەر قىزلارنىڭ تىپىك مىسالى! بەلكىم ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە لاۋشو بىلەن زاڭ چېنىڭ ئاجرىلىقىنى بىلىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئالىقىنىدا ئوينىتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خوشال قىلىپ يۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر يوق. لېكىن ھەممىدىن خەۋەرسىز، باشقىلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ ھارمايدىغىنى يەنىلا شۇ يالغانچى، نادان ۋاسىتىچى! زاڭ چېنىڭ يۈرىكى ئازاب ئىلكىدە تېپچەكلەپ كەتتى...

تاڭ نا ئەينەككە قاراپ لەۋ سۇرۇخ بىلەن لەۋلىرىنى قېنىقلىغاچ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

ــ لاۋشو ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشنى خالايسىزغۇ دەيمەن؟ بىز شۇ كۈنى ھېلىقى بەزمىخانىدا ھاراق ئىچىۋاتاتتۇق.

ــ دەل شۇ پەيتتە قىڭراق كۆتۈرۈۋالغان بىر ھارامزادە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى، شۇنداقمۇ؟ ـ زاڭ چې ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ قويدى.

ــ شۇنداق، ئۇ لاۋشوغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.

زاڭ چې ئۇنىڭ سۆزىنى دەرھال رەت قىلىۋەتتى:

ــ ئۇ خۇمپەر لاۋشۇگە ئەمەس، بەلكى سىزگە قاراپ ئېتىلىپتىكەن.

ــ ئۇنداق ئەمەس، ـ تاڭ نامۇ بوش كەلمىدى، ـ شۇ چاغدا ئۇ دەل لاۋشۇگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەنىدى.

زاڭ چې مەسخىرىلىك كۈلدى:

ــ ھېكايىڭىزنىڭ ۋەقەلىكى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتىغۇ ئەمدى، ئەكسىچە لاۋشۇ دەرھال كېلىپ پىداكارلىق بىلەن ئۆز بەدىنى ئارقىلىق سىزنى قوغداپ قالغان ئەمەسمىدى؟

تاڭ نا ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە تازىلىق قەغىزى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ لاۋشۇنىڭ مېنىڭ ئۈچۈن يارىلانغىنى بىرىنچى قېتىملىق ئىش. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بىز يەنە ھېلىقى بەزمىخانىغا كېلىپ هاراق ئىچىۋاتاتتۇق. مېنىڭ ھېلىقى چىدىماس يىگىتىم يەنە بىر قېتىم بەزمىخانىغا بېسىپ كىردى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىلكىدە زاڭ چېنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

ــ ياپىرىم، يىگىتىڭىز رەشك ئوتىدا ھەقىقەتەن ئەقلىدىن ئېزىپ-تۇ. ئاقىۋەت قانداق بولدى؟

ــ مەنمۇ شۇئان ئۆزۈمنى لاۋشۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن...

ــ ئۇنداقتا سىزنىڭمۇ دومبىڭىز يارىلىنىپتۇ ـ دە؟

ــ ئەلۋەتتە، ـ تاڭ نا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى، ـ ھې-

لىقى چىدىماسلىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى نەپرەت ئەمەس، بەلكى بىر جۈپ مۇھەببەت يالدامىسى بولدى.

زالىڭ چى پەقەت كىنو ۋەقەلىكلىرىدىلا ئۇچرايدىغان تالىڭ نانىڭ با-يانلىرىنى ئاڭلاپ، باشتا ئىشەنمىگەن بىلەن ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى خۇددى لاۋشۇنىڭكىگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى شەكىلمۇ ئوخشاش بولغان تارتۇقنى كۆرۈپ ھېكايىسىنىڭ راستلىقىغا تولۇق ئىشەندى.

— سىزنىڭ ھېلىقى ئاشىقىڭىز ھازىر نەدە؟ - زالىڭ چى قىزىقىش ئىلكىدە سورىدى.

— ئۇ بايقۇش ھېلىقى قىغراق بىلەن ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈ-رۈۋالدى، - تالىڭ نا قولىدىكى كۇلا بوتۇلكىسىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى ۋە زالىڭ چېغا قاراپ پىسسىڭىدە كۇلۇپ قويدى.

* * *

دەرۋەقە، داجۇن قايتىپ كەلمىگەندى. زالىڭ چى كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ قولىدىكى مېۋە - چېۋىلەرنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مېۋە - چېۋىلەرنىڭ بىمارغا نىسبەتەن ھېچقانداق پايدىسى ۋە ئاز-راقمۇ رولىنىڭ يوقلىقى زالىڭ چېغا چۈشىنىشلىك ئىدى. لېكىن كې-سەلنى قۇرۇق قول يوقلاۋېرىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەستە، ئەلۋەتتە!

كېسەلخانىنىڭ چىرىغى غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. گۇ رۇيجۇەن بولسا بېشىنى كارىۋاتتىن پەسكە ساڭگىلىتىۋالغان، ياندۇرالماي تازا قىينىلىۋاتاتتى. زالىڭ چى ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ دۇمبىسىنى يېنىك

مۇشتلاشقا باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن رۇيجۇەن ئاستا ـ ئاستا ئۆ-
زىگە كېلىپ زاڭ چېڭنىڭ ياردىمىدە ياستۇققا يۆلەندى ۋە ئۇنىڭغا
قاراپ كۈلۈپ قويۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن رۇيجۇەننىڭ ئەھۋال-
دا تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، نەپەسلىرى قىيىنلىشىپ، يۈز-
لىرى خۇددى چويۇندەك كۆكىرىپ كەتتى. بوغۇزىدىن بولسا بىر خىل
يېقىمسىز ئاۋاز چىقىۋاتاتتى. زاڭ چې دەرھال مەسئۇل دوختۇرنى چا-
قىرىپ كىردى. بىردەملىك جىددىي داۋالاشتىن كېيىن رۇيجۇەن
بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالدى ۋە بايىقىدەكلا زاڭ چېغا قاراپ كۈلۈپ
قويۇپ، كۆزىنى ئاستا يۇمۇۋالدى.

— يۈك ئاپتوموبىلى يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، —
زاڭ چې رۇيجۇەننىڭ بىردەملىك كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن بولسىمۇ
يالغان سۆزىنى باشلىدى، — ئەنسىرىمەڭ، ئۇ بەلكىم ئەتە قايتىپ
كېلىدۇ.

گۇ رۇيجۇەن تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ زاڭ چېغا باشتىن -
ئاياغ بىر پەس قارىۋەتكەندىن كېيىن كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى. زاڭ چې
ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىدىن ئەندىكىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى
دەرھال تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىرتلاردا بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالغاننىڭ كارايىتى
چاغلىق. داجۇننىڭ مەقسىتى ئازراق بولسىمۇ پۇل غەملەپ، كېيىنلە-
كىنى داۋالىتىش ئەمەسمۇ؟

— مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايمەن، — گۇ رۇيجۇەن ئېغىر تىنىپ
قويدى، — بىر ھېسابتا ئۇنىڭ كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز رۇيجۇەن؟ — زاڭ چې ئىختىيار قوللىرى-

نى ئىشقىلىدى، ـ ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى سىزنى داۋالىتىش ئۈچۈن، خالاس!

— مەن راستىنلا ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايمەن، ـ رۆيجۆەن نۇرسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، ـ ئۇنىڭدىمۇ نېمە ئامال بار دەيسىز؟

— بىراق...

— مەن بىلىمەن، سىزمۇ ئالدىراش، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ـ رۆيجۆەننىڭ ئاۋازى ئىنتايىن پەس ئىدى.

زاڭ چې ئۆز ئورنىدا خۇددى قېتىپ قالغاندەك لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. مۇشۇنداق پەيتتە ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئىلگىرى ئۆزى ئارزۇلاپ ياخشى كۆرگەن بىر قىزنىڭ بېشىغا شۇنچىلىك ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن كېچەلمىدى، ئوغۇل بالىچىلىق قىلالمىدى، ناۋادا ئۇ ھېلىقى كۈنى لاۋشۇگە ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قەرز سورىغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا، ئۆز يېنىدىكى پۇلدىن بولسىمۇ داجۈنگە ئازراق قەرز بېرىپ تۇرغان بولسا، ئەھۋال بۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن بولار ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا داجۈن ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىچارە ئايالىنى تاشلاپ كەتتى. بۇ دۇنيا ئەزەلدىنلا ئەنە شۇنداق تەڭسىزمۇ ياكى ئىنسانلار رەھىمسىزمۇ؟

— گېپىمگە ئىشىنىڭ رۆيجۆەن، داجۈن ھامان قايتىپ كېلىدۇ، ـ زاڭ چېنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس، روھى ئىنتايىن سۇلغۇن ئىدى.

گۇ رۆيجۆەننىڭ رەڭگى ـ روھىدىن ئۇنىڭ بەكلا چارچاپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. زاڭ چې ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قاراڭغۇ

زالغا چىقتى ۋە يانچۇقلىرىنى تەكرار - تەكرار ئاختۇرۇپ، تەستە دېگۈدەك چاقمىقى بىلەن تاماكىسىنى تاپتى. ئېنىقكى، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ زېھنىنى تازا جايىدا دېگىلى بولمايتتى، تۇيۇقسىز كېسەلخانا تەرەپتىن رۇيجۈەنىنىڭ ھالسىز ئۈنى ئاڭلاندى.

— زاڭ چې، سىز تېخى كەتمىگەنسىز؟ - سىزنىڭچە داجۈن راستىنلا قايتىپ كېلەرمۇ؟ - رۇيجۈەنىنىڭ ئاۋازى گەرچە پەس بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېنىق ئىدى.

زاڭ چې بۇ سوئالدىن ئىلھاملىنىپ، قولىدىكى تاماكىسىنى دەرھال دەسسەپ يىمىرىۋەتتى - دە، كېسەلخانا تەرەپكە قاراپ چاپتى. رۇيجۈەن ئىشىك تەرەپ قاراپ ياتاتتى. زاڭ چې ئورۇندۇقنى سۈرۈپ، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ۋە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. لېكىن ئېغىزىدا تەسەللى بەرگىنى بىلەن ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى: ئۇ ئېھتىمال ئەمدى ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ...

* * *

بۇ ئائىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەئەينى بىر مۇزخانىغا ئوخشايتتى. چۈنكى، ئۇ ئايالى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئەمدىلىكتە ھېچقانداق ئۈمىدنىڭ قالمىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىن رايى بىراقلا يېنىپ كەتكەن، روھىي ھالىتى ۋە يورۇش - تۇرۇشلىرىدىن ئۆز ئۆيىنى ئاللىبۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇ ئادەتتە ئۆيىگە پەقەت يۇيۇنۇش، ئۇخلاش ئۈچۈنلا قايتاتتى.

دىمەك، تەنها يۈيۈنۈپ، يالغۇز ئۇخلاش، تاماكا چەككەچ ئولتۇ-
رۇپ تېلېۋىزور كۆرۈش ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئاساسلىق مەشغۇلاتى
ئىدى. ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ھەربىر تىكىلگەندىكى كۆزلىرىدىن ئەكس
ئېتىپ تۇرغان سوغۇق نۇر بۇ ئائىلىگە تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئاتا
قىلىپ تۇراتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئايالى قوشنا ـ قولۇملار بىلەن
ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا خۇددى گۇلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. ئاخ-
شاملىرى بولسا ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ كىملەر بىلەندۇ تېلېفوندا
تىنماي سۆزلىشاتتى. بەزىدە بولسا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كېتەت-
تى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلى-
ۋاتقان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى يۇمىلاق باشلىق كۆك
يىلان ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خەۋەرلەرگە زادىلا ئىشەن-
گۈسى كەلمەيتتى، ئۇنىڭچە بولسا، ھېلىقى يىلان تەجرىبىخانىغا
ئېلىپ بېرىلسىلا ياكى ئۇنى بىر قېتىم پاكىز يۇيۇۋەتسىلا ھەممە
ئىش ئايدىڭ بولاتتى. چۈنكى، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كىشىلەرنى
ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان بۇ يىلان ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى يىلان
بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر تۈركۈم كۆز بوياмчىلارنىڭ كاللا قاتۇ-
رۇپ پىلانلىشىدا بوياق بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۆزگىچە يىلان ئىدى.
ئەكسىچە، بەزى كىشىلەر ھېلىقى يىلاننى ئۆز كۆزلىرى بىلەن
ئېنىق كۆرگەنلىكى ھەققىدە ماختىنىپ، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش
بەدىلىگە ئۆزلىرىنىمۇ ئالداپ يۈرەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇر-
غۇسى يوق ئىدى. لېكىن، پىروگراممىا رىياسەتچىسىنىڭ روھىي ھا-
لىتى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى ۋە ئۆزد-

نىڭ ئىختىيارسىز ساپادىن سەكرەپ چۈشۈپ، رىياسەتچىنى تىللىغى-
نىچە تېلېۋىزورنى بىر مۇشت قويغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. بۇ ھال
ئۇنىڭ ئايالىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ، سەت بىر ئالايدى ـ دە، ئى-
شىكنى «جالاققىدە» يېپىۋەتتى ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

ــ مەن بىلەن ئۆتكۈسى بولمىسا گەپنى ئۇزۇۋەتسىلا بولمىدىمۇ؟ ـ
كىچىك بالىدەك ئاچچىقىنى تېلېۋىزوردىن چىقىرىپ يۈرگۈچە.

بۇ ئايالىنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭغا قىلغان
تۇنجى جۈملە سۆزى ئىدى. ئۇ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن
قوللىرىنىڭ ئىختىيارسىز تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۆز ـ
ئۆزىگە پىچىرلىدى: ئاجراشساق ئاجراشتۇق! بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق
بىلەن ئۆتكەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ئەمدى!

★ ★ ★

شۇنداق قىلىپ تاڭ نا زاڭ چېنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ شەھەردىكى
بارلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتى.
لاۋشۇ بولسا ئۇلارغا ھېلىھەم سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتاتتى.

بىر كۈنى زاڭ چې ئىناۋەتلىك كارتىنى تەكشۈرۈپ، كارتىدا
پەقەت 30 مىڭ يۈەنلا نەق پۇل قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.
پەقەت بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا تاڭ نانىڭ ياتىقى، تاماقى، كۆڭۈل
ئېچىش، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەننىڭ بىرا-
قلا خەجلىنىپ تۈگىگەنلىكى، ئەلۋەتتە ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، زاڭ چې قايتا ـ قايتا ئىنچىكە ھېسابلاپ ھەتتا بىر تە-يىننىڭمۇ ئورۇنسىز خەجلەنمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە دەرھال لاۋشۇگە دوكلات قىلدى:

— ئەنسىرەپ كەتمە، خەجلەش توغرا كەلسە ھەرگىزمۇ پىخسىق-لىق قىلما، تۈگىسە يەنە مەن بار، مەن بۇ كىچىك ئالۋاستىنىڭ مېنى بىر ئۆمۈر كۈتۈشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

لاۋشۇنىڭ بىر قىز ئۇچۇن، يەنە كېلىپ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدى-غان ئادەتتىكى بىر ئاشنىسى ئۇچۇن بۇنچىلىك ئىسراپخورلۇق قىلى-شى زاڭ چېنى ئەجەپلەندۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى تال پۇلغا خار ـ زار بولۇپ كېتىۋاتقان داجۇن بىلەن گۇ رۇي-جۇەننى ئەسكە ئېلىپ، يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتىنىپ كەتتى...

تاڭ نا قەھۋەخانىدا لاۋشۇ ئىككىسى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاللىبۇرۇن باشلىۋالغانىدى:

— شۇ قېتىم لاۋشۇ ۋېيخەيدە ساق يېرىم يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بىز بىر ـ بىرىمىزدىن زادىلا ئايرىلمىدۇق. قانماي مۇڭدىشات-تۇق، كوچا ئايلىناتتۇق ياكى بولمىسا ياتاقتا بېكىنىۋېلىپ ھەممىنى ئۇنتۇيتتۇق. بەخت ئىلكىدە زادىلا زېرىكىشلىك ھېس قىلمايتتۇق... كېيىنچە، لاۋشۇ قايتماقچى بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا خېلى يېلىن-غان بولساممۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شىركىتىگە تارتىشتى. چۈنكى، تىجا-رەت دېگەن لاۋشۇدەك ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر سودىگەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم ئەلۋەتتە! بىز خوشلىشىش ئالدىدىكى شۇ ئاخشىمى راسا ئىچىشتۇق. ئايرىلىقتا ئۇ ماڭا بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سوۋغا قىلدى. راستىنى دېگەندە، مەن شۇ ياشقا كەلگۈچە

بۇنداق چىرايلىق ئۆزۈكنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم. لاۋشۇنىڭ قولۇمغا ھېلىقى ئۆزۈكنى سېلىۋاتقاندىكى ھالىتى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. شۇ چاغدا مەن ھاياجىنىمنى پەقەتلا باسالماي ئۇنى قۇچاقلاپ، توختىماي سۆيۈپ كەتكىنىم ھېلىھەم يادىمدا! چۈنكى، ئۇنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغىنى ئۆزۈك ئەمەس، بەلكى كۆكتىكى پارلاپ تۇرغان قۇياش ئىدى!

زاڭ چې قولىدىكى شۇ كۈنلۈك كەچلىك گېزىتنى قاتلىغاچ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇ سىزگە توي قىلىش تەكلىپى قويدىمۇ؟

— ياق، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا ئۆزۈك سوۋغا قىلغىنى بۇ بىر ھەقىقەت!

— بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ئەمدى؟ - زاڭ چې كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى.

— مەيلى قانداق چۈشىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشىمەن. ئۇنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ساقلايمەن. چۈنكى، مەن ئەزەلدىن دېگىنىمنى ئەمەلىيىتىمدە ئىسپاتلاپ كەلگەن قىزمەن!

— سىز ئۇنى چوقۇم ساقلامسىز؟

— ئەلۋەتتە، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپى قويماقچى.

— نېمە، نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟ - زاڭ چېنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن پارقىراپ كەتكەنىدى، - سىز راستىنلا ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپى قويماقچىمۇ؟

— شۇنداق، سىزنىڭچە توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار ئىكەن؟ — ئۇ زاڭ چېغا ...

— شۇنداق، سىزنىڭچە توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇش پەقەت ئەرلەرنىڭلا ھوقوقىمۇ؟ — تاڭ نا نازلىق كۈلۈپ قويدى ۋە نامسىز بارمىقىدىن كىچىككىنە بىر تال ئالماس ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى، — قانداق، چىرايلىقمىكەن؟

زاڭ چې بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى.

— مېنىڭچە، سىزمۇ ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايسىز؟

تاڭ نا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋېدى، شۇئان ئۇنىڭ ھېلىقى بىر جۈپ يوشۇرۇن قوزۇق چىشى بىلەن كۈلكە سىزىقچىلىرى تولۇق نامايان بولۇپ، زاڭ چېنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى.

— گېزىتتە يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار ئىكەن؟ — ئۇ زاڭ چېغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

زاڭ چې ئىختىيارسىز قايناپلا كەتتى.

— خەۋەردە ھېلىقى كۆك يىلان ھەققەتەن مەۋجۇت دېيىلىپتۇ. مېنىڭچە، يىلان قاسىرىقىنىڭ ساختا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. كۆك يىلاننى تۇتۇش شەرىپىگە ئېرىشىپ باشقىلارنى، بولۇپمۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن قىسمەن كىشىلەر يىلان قاسىرىقىنى ئۇستىلىق بىلەن بوياپ، كۆز بويامچىلىق قىلغانلىقىدا گەپ يوق! بۇ ئىشتا مەلۇم بىر ئۆي — مۈلۈك شىركىتى دىرېكتورىنىڭمۇ قولى بار ئوخشايدۇ. ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر كىنو فىلىمىدىكى مۇنداق بىر سۆز ھېلىھەم يادىمدا: «گەرچە بۇ يەردە كۆك يىلان مەۋجۇت بولمىغىنى بىلەن، لېكىن بىزدە سۈپەتلىك بوياقلار تەلتۆكۈس!» تۇنۇگۈنمۇ بىراۋ ھېلىقى كۆك يىلاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشىنى مەنمۇ تونۇيمەن. ئۇ كىشى بىز بىلەن بىر بىنا-

دا ئۇلتۇرىدىغان پېشقەدەم پىروفېسسور. ئۇ دېگەن ئىلمىي ئادەم، ئە-
زەلدىن يالغان سۆزلەپ باقمىغان، قارىغاندا، شەھىرىمىزدە ھېلىقىدەك
كۆك يىلان راستىنلا بار ئوخشايدۇ.

زاڭ چي سۆزلەپ ھاردى بولغاي، بىر پەس جىمىپ كەتتى ۋە تا-
ماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇرغاچ بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى:

— سىز راستىنلا لاۋشۇگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويماقچىمۇ؟

تاڭ نا ئۇنىڭغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى ۋە
قوشۇپ قويدى:

— شۇنداق، مەن ئۇنىڭ بىلەن دەل مۇشۇ شەھەردە داغدۇغىلىق
توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى.

★ ★ ★

ئۇ گۇ رۇيجۇەننى ئۇمىدلەندۇرۇۋاتاتتى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، داجۇن چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ!

ئۇ لاۋشۇنى ئۆز سۆزىگە ئىشەندۇرمەكچى بولاتتى:

— خاتىرجەم بول، ئۇ چوقۇم قايتىپ كېتىدۇ!

ئۇ تاڭ ناغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، لاۋشۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ!

ئۇ مەيلى نەگىلا بارمىسۇن، يۇقىرىقى سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلاق تۈ-
ۋىدە تەكرار - تەكرار ياڭرىماقتا ئىدى:

— چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ!

— چوقۇم قايتىپ كېتىدۇ!

— چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ!

— چوقۇم قايتىپ كېتىدۇ! ...

ئۇ ئامالسىز ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئاناڭنى، مەن بۇ جاندىن جاق تويدۇم!

★ ★ ★

«ئېھتىمال ئايالىمنىڭ ئاشنىسى بولۇشى مۇمكىن!»

زاڭ چى ئۆزىنىڭ كۈتۈلمىگەن بۇ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ گۇماننى ئىسپاتلىغۇدەك يېتەرلىك پاكىت ھازىرچە ئۇنىڭ قولىدا يوق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ غەيرىي خىيالغا تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى...

شۇ كۈنى چۈشلۈكى ئۇ ئۆيىگە يۇيۇنغىلى بېرىپ ئايالىنىڭ يۈزلىرىنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. بۇ خىل ھالەت ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىزغىن سۆيۈشكەندە، بولۇپمۇ بىر ياستۇققا باش قويغاندىلا ئاندىن يۈز بېرەتتى ۋە خېلى بىر ھازاغىچە ئايالىنىڭ جامالىدىن يىتمەيتتى، بىراق بۈگۈنچۇ؟ زاڭ چېغا شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ھەرگىز ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولغان ئەمەس! ئېھتىمال، ئايالى مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ئىشقىۋاز ئەرنى تېپىۋالغان گەپ!

زاڭ چېنىڭ يۈرىكى ئازاب ئىلكىدە تېپچەكلەيتتى. كوچىلاردا

قول تۇتۇشۇپ كېتىشۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۆرگەن ھامان ئايالـ
نىڭ مەڭزىدىكى ھېلىقى قىزىللىق، كۆزلىرىدىكى بەخت جىلۋىسى،
لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. بۇ چاغلاردا
ئۇ بۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىققا ئۆزىنى شۇنچىلىك مەجبۇرلىسىمۇ،
لېكىن ھېچقانداق رولى بولمايتتى، يۈرىكى ئاغرىيتتى...

بۈگۈن ئۇ ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھورداقخانىدىن لاۋـ
شۇنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، ئايالى ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى ئۇنىڭغا تەپـ
سىلىي بايان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تاغدەك ھېمايىچىسىگە ئۇمىد
بىلەن تىكىلدى.

ــ يېقىندىن بۇيان ئارام ئېلىشىڭ تازا ياخشى بولماي قېلىپ،
زېھنىڭ ئاجىزلاپ، قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ ـ نېمە؟ ـ
دەپ مەسخىرە ئارىلاش چاقچاق قىلدى لاۋشۇ ئۇنىڭ مۈرىسىنى
شاپىلاقلاپ.

ــ لېكىن ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ھېلىقى قىزىللىق پەقەت...

لاۋشۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بەلدىن ئۈزۈۋەتتى.

ــ ھەي ئەخمەق، ـ لاۋشۇ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ تاۋاقتەك چوڭـ
لۇقتىكى يۈزىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، ـ سىنچىلاپ قاراپ باقە، مېنىڭ
يۈزۈم ھازىر قانداق تۇرىدۇ؟ قىزىلمۇ ئەمەسمۇ؟

زاڭ چې لاۋشۇنىڭ توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدىن كۆـ
زىنى قاچۇرغاچ ئەلەم بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، لاۋشۇ ئۇنىڭغا تاـ
ماكا تەڭلىدى.

ــ ئەگەر تاڭ ناغا ھەمراھ بولۇپ ھەقىقەتەن بەكلا چارچاپ
كەتكەن بولساڭ، بىر مەزگىل ئارام ئالساڭمۇ بولىدۇ، مەن باشقا

بىرسىنى تەكلىپ قىلاي.

— ھېچقىسى يوق، بەرداشلىق بېرەلەيمەن، - زاڭ چې تاماكىسى-نى كۆچەپ شورىدى.

— ئۇنداق بولسا ساڭا يەنە بىر قېتىم رەھمەت، - لاۋشۇ ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش ئىلكىدە تىكىلدى، - سىنىڭدىن خۇش بولۇپ كېتەي بۇرا-دەر، سەن ئۇ قانجۇقنى بىر ئامال قىلىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ شەھەر-دىن كەتكۈزۈۋەت!

★ ★ ★

«ئۇ قانجۇقنى بىر ئامال قىلىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ شەھەردىن كەتكۈزۈۋەت!»

بۇ بىر جۈملە سۆز غوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومى ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياكى بولمىسا داجۇنگە ئوخشاش توقۇم-نى قارنىغا ئېلىپ بۇ يۇرتنى بىراقلا تاشلاپ كەتكۈلۈكمۇ؟

ھەممىدىن قىزىقارلىقى، ھېلىقى كۆك يىلان تۇغرىسىدىكى بۇ-گۇنكى يېڭى خەۋەر بۇ شەھەرنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سېلىۋەتكەنى-دى. ئەسلىدە، مەلۇم بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي تەپسىلاتىنى تولۇق ئىگىلەپ بېقىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بارغان، ھېلىقى يىلاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگۈ-چىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدىكى ئۆلپەت-داشلىق، قېرىنداشلىق، ئاكا - ئۇكا، ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنىڭ

مەۋجۇتلۇقى بۇ مەسئۇلىيەتچان مۇخبىرنى ھەقىقەتەن چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ بايقاشنى بىراقلا مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇ بىر تۈركۈم كۆز بويامچىلار ئارىسىدا يەنە ھېلىقى ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دوست - بۇرادەر، ساۋاقداش ۋە سەپداشلىرى ھەتتا ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ بار ئىدى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەر نەزىرىدىكى ھېلىقى مۆھتەرەم پىروفېسسورمۇ دەل مۇشۇ ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ چىققانىدى ...

زاڭ چې بۇ خەۋەرنى تاڭ نا بىلەن لىفىت ساقلاۋېتىپ زالدىكى ئاسما تېلېۋىزوردىن كۆردى ۋە بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.

بۇ كىشىلەر مۇشۇنداق نادانلارچە ئۇسۇل ئارقىلىق زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىدۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ شەھەرنىڭ نامىنى مانا شۇنداق كۈلكىلىك تەشۋىقاتلار ئارقىلىق دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرمەكچىمۇ؟ ھېلىقى ئۆي - مۈلۈك شىركىتى دىرېكتورىنىڭ مەقسىتى بولسا، مۇشۇنداق ۋاستىلەر ئارقىلىق تىجارىتىنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرمەكچى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ قورقۇنچلۇق، رەھىمسىز يىلان ھەرگىزمۇ گۈزەللىككە، شۇنداقلا كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتىغۇ؟ بۇ ئىش كىشىلەردىكى ئىنساپنىڭ، سەمىمىيلىكنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ، قانداق؟

زاڭ چې شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيۋاتاتتى. بېشى بولسا چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئاغرىشىغا پەقەت بۇ ئىشلارلا ئەمەس، بەلكى ئىستاكانلاپ ئىچكەن قاڭسىق پىۋىمۇ سەۋەب ئىدى...

ئۇلار بۇگۇن تۆتىنچى قەۋەتتىكى ھېلىقى قەھۋەخانىغا كىرمە-دى. ئەكسىچە، خۇددى باشتىلا كېلىشىۋالغاندەك مېھمانخانىغا يېقىنلا يەردىكى بىر كىچىك قاۋاقخانىغا كىرىپ، بىرنەچچە تەخسە ئاددىي قو-رۇما ۋە ئىستاكانلاپ خام پىۋا بۇيرۇتتى.

— ئاناڭنى، قانغۇدەك ئىچمىگىلىمۇ خېلى زامانلار بوپتۇ دېسە! - زاڭ چې پىۋىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۇمۇردى.

— ماڭىمۇ شۇ! - تاڭ نامۇ بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئۇلار بۇگۇن ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا جىق ئىچىپ قويىدى. قارىغاندا، بۇ قاۋاقخانا ئۇلارغا بەكلا ياققاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار قەھۋەخانىدا بۇنچىلىك ئېچىلالمىغانىدى. بۇگۇن ئۇلار ئىچكەنسېرى گەپدانلىشىپ، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشخۇيلىشىپ، يۈز - كۆزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى...

— سىز يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ - زاڭ چې ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ھېلىقى مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئەستىن چىقارمىغانىدى، - مېنىڭچە، لاۋشۇ يەنە يېرىم يىللارغىچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا، مەن ئۇ خۇمپەرنى يەنە بىر يىل ساقلايمەن، مېنىڭ تاقىتىم چەكسىز، - تاڭ نا پىۋىدىن چوڭ بىر يۇتۇم ئوتلىدى.

— توي قىلىش تەكلىپىنى تېلېفوندا بىجىرىشكىمۇ بولىدىغۇ؟

— بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ! بۇ ئىشنىڭ ئەلۋەتتە يۈز تۇرانە بولغىنى ياخشى.

— لاۋشۇ بەلكىم ھاياجانلىنىپ كېتەر؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تاڭ نا ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتتى. كۆزلىرىدىن نەپرەت ياشلىرى سىرغىيتتى.

— ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ئۇسۇرۇقا تەڭ، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاز - تولا ۋىجدان بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتچە قايتىپ كەلگەن بولار ئىدى.

ئىستاكانلار توختىماي دېگۈدەك سوقۇشتۇرۇلاتتى، كۆزلەر خۇ- مارلىشىپ كەتكەنىدى.

— سىز مېنىڭ لاۋشۇ بىلەن نېمە ئۈچۈن چوقۇم توي قىلماقچى ئىكەنلىكىمنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىڭىزمۇ؟

زاڭ چې بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي، چۈنكى سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز!

— جاۋابىڭىزنى تامامەن قوللاپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، - تاڭ نا ئېغىر ئۇھ تارتتى، - بۇنىڭدىن يەنە ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، مەن يۇرتۇمدىن بىزار بولۇپ كەتتىم، ئۇ يەردە زادىلا ياشىغۇم يوق، ئەگەر مەن لاۋشۇ بىلەن توي قىلسىلا مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم.

— مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىلا كىشى ئۆز يۇرتلىرىدىن چانىدىغان بولۇپ كېتىۋاتامدۇ، نېمە؟

— قانداق دەيسىز؟

— چۈنكى، مەن دېگەن بىر پاھىشە! - تاڭ نانىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى، - ۋېيخەي شەھىرىدە مېنىڭ نامىم ياخشى ئەمەس.

كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن چۆچۈپ كەتكەن زاڭ چې ئۆزىنى تۇتۇۋا- لالماي ئورۇندۇقتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى، كۆز ئالدىدىكى پەرىشتىدەك سايىپجامال بىر قىزنىڭ ئەسلە-

دە بىر پاھىشە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئويلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۇنداقتا لاۋشۇچۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارمىدۇ؟

زاڭ چېنىڭ نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى...

— مەن سىزنى ئالدىمىدىم، — تاڭ نا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكتى، — مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپلا مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم. راستىنى دېسەم تاكى لاۋشۇ بىلەن تونۇشقىچە بۇ كەسىپتىن قول ئۈزمىدىم. كېيىنچە بىز تاسادىپىي پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ مېنى ئۆز تېنى بىلەن قوغداپ مېنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئىلگىرىكى يىگىتىممۇ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. كېيىن ئۇ سېزىپ قېلىپ مېنىڭدىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ يەنە مېنى ئىزدەپ كەلدى. ماڭا يېلىندى، كەسىپىمدىن قول ئۈزۈشۈم ھەققىدە ماڭا تىزلىنىپ يالۋۇردى، يىغلىدى، قاقشىدى، پەقەت توغرا يولغا قايتساملا مېنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقى، بەختلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى، لېكىن ئۇ مېنىڭدىن ھېچقانداق ئىشەنچلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، مەن شۇ چاغلاردا پۇلغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن مەن مۇھەببەتنى ئەمەس، پۇلنى تاللىدىم. كەسپىمدىن قول ئۈزۈشنى خالىمىدىم. مېنىڭ جاھىللىقىم ئالدىدا تامامەن ئامالسىز قالغان ھېلىقى يىگىتىم ئاخىرى ماڭا يول قويدى، مەن ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن ھاياتىمدا ئۇنىلا ياخشى كۆرۈش شەرتى ئاستىدا داۋاملىق كېچە دىلبىرى بولۇپ يۈرۈۋەردىم، لېكىن كۈتۈلمىگەندە لاۋشۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. يىگىتىم بۇ قېتىم راستىنلا بەرداشلىق بېرەلمىدى، باشتا ماڭا يېلى-

نىپ يالۋۇردى، كېيىنچە مېنى راسا ئۇردى، ماڭا تەھدىت سالدى، ھەتتا لاۋشۇدىن دەرھال ئايرىلىپ كەتمىسەم لاۋشۇنىمۇ قوشۇپ بوغۇز-لىۋېتىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى.

ــ قارىغاندا، سىلەر ھېلىقى كۆتۈلمىگەن ۋەقەدىن ئىلگىرىلا تو-نۇشۇپ بوپتىكەنسىلەر ـ دە؟

ــ شۇنداق، مەن ئۇنى باشتىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، لاۋشۇ ھازىر مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئېھتىمال، مەندىكى ئۇنىڭغا بولغان باشتىكى ھېلىقى ھېسسىياتمۇ ئىلگىرىكىدەك يالقۇنلۇق ئە-مەستۇ! لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق! مېنىڭ ئويلايدىغىنىم پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش، شۇڭا مەن بۇ شەھەرگە كەلگۈچە ئۆزۈمگە تەۋە بولغان بارلىق تەئەللۇقاتلىرىمنى، ھەتتا چىش چوتكىلىرىمنىمۇ بىراقلا يىغىشتۇرۇپ كەلدىم. ئەمدى مەن ھېلىقى كەسىپتىن بىراقلا قول ئۈزمەكچى! ئەمەلىيەتتىمۇ مەن لاۋشۇ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئۇ ئىشنى قايتا تەكرارلاشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىدىم.

ــ ناۋادا لاۋشۇ ھازىر سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسا ... كەچۈرۈڭ، بۇ بىر ئېھتىماللىق! ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىڭىزنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ سىزدەك چىرايلىق قىزلارغا يىگىت دېگەن ئازمۇ بۇ جاھاندا؟

تەبىئىيلىك ئىلكىدىكى دىيالوگلار بىرپەس ئۈزۈلۈپ قالدى، زاڭ چېنىڭ كۆڭلى پەرىشان، تاڭ نانىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

ــ سۆزىڭىزنىڭ ئاساسى بار، ـ تاڭ نا ئۇنىڭغا تىكىلدى، ـ مېنىڭ ئۇ شەھەرگە نېمە ۋەجىدىن شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتكەنلى-كىمنى بىلەمسىز؟ چۈنكى، ئۇ شەھەر بەكلا كىچىك، ئىشىكتىن چى-

قىشمىغىلا ئۇچرايدىغىنى مەن ئىلگىرى بىرگە بولغانلارنىڭ ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان مەسخىرىلىك چىرايى. گەرچە مەن بىر پاھىشە بولساممۇ، لېكىن مەندىمۇ ئۆزۈمگە خاس كۆڭۈل، ئارزۇ - ئۈمىد بار! شۇڭا ئۇ شەھەرنى تاشلاپ بۇ شەھەرگە كېلىپ تۇرمۇشۇمنى يېڭىدىن باشلاش مېنىڭ بۇ قېتىمقى ھەقىقىي تاللىشىم.

— سىز ئۆزىڭىزنى باشتا ماڭا ئوقۇغۇچى دەپ تونۇشتۇرغانىدىڭىز، - زاڭ چې تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئۇ چاغدا مەن سىزنى ئالداپ قويغانىدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى ئويلىمىساممۇ، لېكىن لاۋشۇنىڭ ئابرۇيىنى قەدىرلىشىم كېرەك - تە.

— سىزلىرىڭىزنى نېمە ئۈچۈن ماڭا دېيىشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟ - زاڭ چې ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى:

— چۈنكى، مەن بۈگۈن جىق ئىچىپ قويدۇم، ئۆزۈمنى تىزگىنلىيەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ شەھەردە بولسام، لاۋشۇنىڭ ماڭا ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغانلىقى ماڭا ئايدىڭ، - تاڭ نانىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ ئالدىدىكى يېرىمدالغان ئىستاكانغا تامچىلاپ چۈشتى.

زاڭ چېنىڭ بۇ گۈزەل قىزچاققا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى.

— گېپىمگە كىرىڭ تاڭ نا، سىز ھازىر قايتىپ تۇرۇڭ، ئەگەر لاۋشۇ قايتىپ كەلسىلا، مەن تېلېفوندا سىزگە دەرھال خەۋەر قىلىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ.

— ياق، مەن ئۇ خۇمپەرنى داۋاملىق ساقلايمەن! - تاڭ نا سەنتۇرۇ-

لۇپ دېگۇدەك ئورنىدىن قوپتى، ـ چۈنكى مەندە تاقەت دېگەن چەكسىز، ئاناڭنى، قېنى زادى كىم ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىكىن؟

★ ★ ★

تاڭ نا بىلەن لاۋشۇ، داجۈن بىلەن گۇ رۈيجۈەن، زاڭ چې بىلەن ئۈننىڭ ئايالى، شۈنداقلا بۇ شەھەر بىلەن ھېلىقى يۇمىلاق باشلىق كۆك يىلان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۆزئارا يۈز بې-رىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۆزگىچە جەريانى يەنە قانداق مۇمكىنچىلىكلەر-نىڭ پەيلىنىسى بولۇپ قالار؟

بۇگۈن زاڭ چې تاكسىدا كېتىۋېتىپ رادىيونىڭ «قىزىق نۇقتا» پىروگراممىسىدىن ھېلىقى سىرلىق كۆك يىلان توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى. كى-شىلەر تېلېفون ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى قاراشلىرى-نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىروگراممىنى قىزىتىۋەتكەنىدى. بەزى ئىنكاس-چىلارنىڭ قارىشىچە، ھېلىقى مۇخبىر پەقەت ئۆز قارىشىدىلا چىڭ تۇ-رىۋالغان. ناۋادا سىز كوچىدا ئادەتتىكى بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قالغان بولسىڭىز، ئېھتىمال ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىزنىڭ خىزمەتدىشى ياكى يولدىشىڭىزنىڭ دوستىنىڭ خىزمەتدىشى، ياكى بولمىسا ئايالى-ڭىزنىڭ ئىنىسىنىڭ ساۋاقدىشى ۋە ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ تونۇش ـ بىلىشى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ چىقىشى تامامەن مۇم-كىنغۇ؟ جەمئىيەتنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنى قىسمەن تەرەپتى-نلا ئۆز ئىدىيەسىگە ئاساسلىنىپ تەھلىل قىلىپ، يېڭى باياشلارنى

ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىشىنىڭ نېمە ئاساسى بار؟ يەنە بەزى تەھ-لىلچىلەرنىڭ ئىنكاسىنىڭمۇ پاكىتچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار بۇ كۆك يىلان توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى پۈتۈنلەي ساختا، بۇنى تېلېۋىزى-يە ئىستانسىسىلىرى ۋە گېزىتخانىلار ئويدۇرۇپ چىققان، دەپ ئۆز قا-راشلىرىنى دەلىللەشتى...

زاڭ چې ئىختىيارسىز مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. قارىغاندا، ئۇ بۇ شەھەردە ھېلىقى كۆك يىلاننىڭ راستىنلا بايقالغان ياكى بايقالمىغان-لىقىنى زادىلا بىلەلمەي بۇ دۇنيادىن گۇمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. خۇددى تاڭ نا بىلەن لاۋشۇ، داجۇن بىلەن گۇ رۇيجۇەن، شۇن-داقلا ئۆزى بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ تېگىگە شۇنچە ئويلىنىپمۇ زادىلا يېتەلمىگەندەك ...

ئۇ ئادىتى بويىچە كەچلىك گېزىتتىن بىر نۇسخا سېتىۋالدى ۋە شۇنچە تەپسىلىي ئاختۇرۇپمۇ كۆك يىلان توغرىسىدىكى بىر پارچە خە-ۋەرنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. گېزىتنىڭ باش بېتىگە بېسىلغان قاتىللىق دېلوسى ھەققىدىكى خەۋەر بولسا، ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. خەۋەردە يېزىلىشىچە، «قەدىمىي ئورمان» مېھمانخانىسى-نىڭ ئەتراپىدىكى بىر ئەخلەتخانىدىن ناتونۇش بىر قىزنىڭ جەسىتى بايقالغان بولۇپ، ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا باسقۇنچىلىق ياكى باشقا تەن جا-زاسىغا ئۇچرىمىغان، لېكىن يېنىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ بۇلانغانلىقى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان. ساقچىلار يەنە ئانچە يىراق بول-مىغان يەردىن قۇرۇقدالغان بىر دانە ئاياللار سومكىنى ئۇچراتقان، سومكىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بارماق ئىزلىرى بايقالغان، تەھلىل قىلىنىشىچە، بۇ دېلو نوقۇل ھالدىكى بۇلاڭچىلىق تۈسىنى ئالغان قاتىللىق ۋەقەسى بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلى-

ـكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە بۇ دېلو ھەققىـ
ـدە قانۇن ئورۇنلىرىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشكە چاقىرىق قىـ
ـلىنغان ...

زاڭ چېنى تۇيۇقسىز تىترەك بېسىپ، قورققىنىدىن پۇت ـ قولـ
ـلىرىدا جان قالمىدى. چۈنكى، ئاخشام ئۇلار ھېلىقى قاۋاقخانىدىن ناـ
ھايىتى كەچ قايتقان بولۇپ، زاڭ چې تاڭ نانى ئاپىرىپ قويماقچى
بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ نا ھاۋا يېگەچ يالغۇز ئايلىنىپ قايتىشـ
ـنى باھانە قىلىپ زادىلا ئۇنىمىغانىدى ...

زاڭ چې ھەر ئېھتىمالغا قارشى تاڭ ناغا تېلېفون بېرىپ كۆرۈـ
ۋېدى، ئاز ئۆتمەيلا تېلېفوندىن تاڭ نانىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. زاڭ
چې يېنىك ئۇھ تارتىپ قويۇپ، قولياغلىقىنى چىقىرىپ تەرلىرىنى
سۈرتتى ھەمدە ئەمدىلىكتە بولسىمۇ تاڭ ناغا لاۋشۇنىڭ ھېلىھەم
مۇشۇ شەھەردە ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى
مەڭگۈ خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى ئىختىيارسىز ئويلاپ
قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئاشكارىلانسا، ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدىـ
ـسىز ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭمۇ بالاغا قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش
قولدەك ئايان ئىدى. لېكىن ئۇنى يەنە قاچانغىچە ئالدىغۇلۇق؟ ئاجىز
بىر قىزنىڭ يات بىر شەھەردە نەتىجىسىز كۈتۈشنىڭ قۇربانى بولۇپ،
تەمتىرەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئازابلىق ئىشقۇ، ئاخىر!

— بۈگۈنكى كەيپىياتىڭىز قانداقراق تۇرىدۇ؟ ياتاقتا ئارام ئېلىۋاـ
تامسىز قانداق؟ ـ زاڭ چې گەپنى ئەگىتىپ باشلىدى.

— بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ، ـ تاڭ نا ئاددىيلا جاۋاب بەردى، ـ مەن
ھازىر پويىز ئىستانسىدا.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ سىز ھازىر پويىز ئىستانسىدىمۇ؟

تاڭ نا بىر پەس جىمىپ كەتتى، زاڭ چې بولسا ئىشنىڭ تەپسى-لاتىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى، بىر چاغدا يانفوندىن تاڭ نانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شۇنداق، مەن كەتمەكچىمەن، ئىشىكتىن چىقساملا ئاخشاملى-رى بىرگە بولغانلار بىلەن ماڭدامدا بىر ئۇچرىشىپ قالىدىغان ھېلى-قى شەھەرگە قايتىپ كەتمەكچىمەن. مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق دەپ قاراپ يىغىشتۇرۇپ كەلگەن بارلىق نەرسىلىرىمنى، ھەتتا چىش چوت-كىلىرىمغىچە ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتىم.

شۇ پەيتتە زاڭ چې بۇ ھالدىن تولىمۇ ھەيران ئىدى. چۈنكى، تېخى ئاخشاملا تاڭ نا لاۋشۇنى مەڭگۈ ساقلايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچكەنىدى. ئەمدى بولسا ئۇ بۇ شەھەر بىلەن مانا شۇنداق ئۆز-ئىنىسىزلا خوشلاشماقچى.

— مەن تۇيۇقسىزلا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ قالدىم. گەرچە مەن لاۋشۇ بىلەن قېرىشىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچراتسامۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە بۇنىڭ يەنە قانچىلىك ئەھمىيىتى بولسۇن؟ - تاڭ نانىڭ ئاۋازى ئوخشاشلا ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى.

— مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— سىز مېنى ئالداپ كەلدىڭىز، سىلەر مېنى ئىزچىل ئالداپ كەلدىڭلار، ئەمەلىيەتتە لاۋشۇ ھېلىھەم مۇشۇ شەھەردە مېنىڭدىن ئۆ-زىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھازىر مېنى سۆيمەيدۇ، ئېھتىمال مەنمۇ ھازىر شۇ خىل ھېسسىياتتا مەن. مېنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمدىكى مەقسىتىم سىزگە تېخىمۇ ئېنىق، شۇنداقمۇ؟

— سىز بۇلارنى قانداق سېزىۋالدىڭىز؟

— يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدىلا مەندە شۇنداق تۇيغۇ بار ئىدى.

— ئۇنداقتا سىز قاچان لاۋشۇنى مۇشۇ شەھەردە دەپ مۆئەييەنلەشتۈردىڭىز؟

— بۇ شەھەرگە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، شۇ كۈنى ئەتىگەن مەن لاۋشۇ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يانفونىدىكى ئاۋازى بىلەن بىرگە يەنە سائەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئاۋاز كاككۇكنىڭ ئاۋازىغا بەك ئوخشايتتى. چۈشتىن كېيىنلىكى مەن سىز بىلەن بېكەت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئاۋازنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدىم.

— بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟

— ئىككىڭلار بىرلىشىپ مېنى ئالداپ كەلدىڭلار، ئەجەبا سىز تىنىۋالماقچىمۇ؟ مېنىڭ سېزىمىمدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز؟

زاڭ چې ئىختىيارسىز دوختۇرخانىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى گۇ رۇيجۈەن ياتقان كېسەلخانىنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلدى. ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدىكى، بىچارە گۇ رۇيجۈەن مۇشۇ پەيتتە بىر بولسا تەنھالىق ئىلكىدە پۈچىلىنىپ تورۇسقا ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە تىكىلىپ ياتىدۇ، بىر بولسا كارىۋاتتىن بېشىنى ساڭگىلىتىۋېلىپ ئۆز تېنى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىۋاتىدۇ. راستىنى دېگەندە، رۇيجۈەنمۇ خۇددى تاڭ ناغا ئوخشاش بىر بىچارە مەغلۇبىيەتچى! تاڭ نا لاۋشۇغا يېڭىلدى. مۇشۇ شەھەرگە، ھەربىر ئەر جىنسقا، ئۆز كەسپىگە يېڭىلدى، ئۆز ـ ئۆزىگە يېڭىلدى...

— سىز بۇ شەھەردىن كەتمەڭ، ئەگەر سىز ئىرادىڭىزدىن يانمىسىڭىزلا لاۋشۇ چوقۇم بىركۈنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىڭىزغا كېلى-

دۇ، ـ زاڭ چې بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى
ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى.

ــ ياق، مەن ئەمدى قايتىپ كېتىشىم كېرەك. تۇنۇگۈندىن باشلاپ مەن بەزى ئىشلارنىڭ تېگىگە ھەقىقىي يەتكەندەك بولدۇم. مەن ئويلاپ قويدۇم، قايتىپ بېرىپ يەنىلا ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنى- مەن.

قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتكەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە زاڭ چېنىڭ يانفونىدىن خۇددى بىراۋنىڭ يىغىسىدەك قانداقتۇر بىر خىل يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يېقىنىدىن بۇيانقى ھېرىش ـ چارچاش ئىلكىدە كاللىسى گادىرماچ بولۇپ كەتكەن زاڭ چېنىڭ ئې- سىگە تۇيۇقسىز ھېلىقى يۇمىلاق باشلىق كۆك يىلان كەلدى ۋە بىر خىل پەرىشانلىق ئىلكىدە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى...

* * *

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە گۇ رۇيجۇەننىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن زاڭ چې دوختۇرخانىنىڭ ئىككىنچى قە- ۋىتىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئۇ بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گۇ رۇيجۇەننىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا پۇلمۇ غەملىدى ۋە پۇل- لارنى ئۇنىڭغا داجۇننىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، گەرچە ئۇ يوقاپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆپرەك پۇل تېپىپ ئۇنى ياخشى داۋالى- تىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئارامسىز ئىشلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈ- رۈپ رۇيجۇەنگە روھىي تەسەللى بەرمەكچى بولدى. ئۇ بۇ قارارغا كەل- گۈچە ئايالى بىلەنمۇ، ھەتتا لاۋشۇ بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمىدى، ئۇلارغا

مەسلىھەت سېلىشىنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى...

زالىڭ چې ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەيلا قالدى. چۈنكى داجۈن كارىۋات يېنىدا ئۈنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. زالىڭ چې شۇئان ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— ھۇ، گەدەنكەش، ئاخىرى قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

داجۈن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېۋىگە بېسىپ، زالىڭ چېنى تىۋىش چىقارماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى، گۇ رۇيجۈەن ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇ مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمنى تېخى بىلمەيدۇ، - داجۈن پەس ئاۋازدا زالىڭ چېغا پىچىرلىدى، - مەن كىرگەندە ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قاپتىكەن.

زالىڭ چېمۇ ئېغىزىنى داجۈننىڭ قۇلىقىغا ياقتى:

— سەن خۇمپەردە ھېلىھەم ئاز - تولا بولسىمۇ ۋىجدان بار ئىكەن!

داجۈن خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

— قاچان قايتىپ كەلدىڭ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام.

— ئۇ تاكى ھازىرغىچە ئويغانمىدىمۇ؟

— بىلمىدىم، مەنمۇ كېسەلخانىغا تېخى بايىلا كىرىشىم.

بۇ چاغدا گۇ رۇيجۈەن ئويغىنىپ كەتكەندەك قىلدى، لېكىن كۆزىنى تېخى ئاچمىغان، كېسەلخانىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز ئىدراكى ئارقىلىق ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ مەڭزىگە ئاز - تولا قىزىللىق يۈگۈرۈپ، لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلىشقا باشلىدى.

— داجۇن، — بۇ ئاۋاز كىشىگە ئىنتايىن يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان-دەكلا تۇيغۇ بېرەتتى، گۇ رۇيجۇەن كۆزىنى تەستە ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم غەيرەتكە كېلىپ كۇچەپ چاقىردى، — داجۇن!

داجۇن دەرھال گۇ رۇيجۇەننىڭ قولىنى ئېلىپ يۈزىگە ياقتى.

— مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، رۇيجۇەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، — گۇ رۇيجۇەننىڭ ئاۋازى ئوخشاشلا ئىنتايىن پەس ئىدى، — سىز كېسىلىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل تاپىمەن دەپ باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ كۆپ جاپا چەكتىڭىز، — گۇ رۇيجۇەن سۆز ئارىسىدا داجۇننىڭ كۆزلىرىگە مېھرلىك تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئاستا سىلاپ قويدى، — قارىڭە، ئورۇقلاپ كەتكىنىڭىزنى...

داجۇن گۇ رۇيجۇەننىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ۋە زاڭ چېغا قو-لىنى تەڭلىدى:

— رەھمەت، بۇرادەر!

راستىنى دېگەندە، خىجىللىقتىن زاڭ چېنىڭ يۈزىنى ئوت ئېلىپ كەتتى. داجۇن سومكىسىدىن بىر دانە قىزىل بولاقنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ، رۇيجۇەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاچ ماختىنىپ قويدى.

— بۇ قېتىمقى مال يۆتكەش سەپىرى گەرچە جاپالىق بولغان بول-سىمۇ، لېكىن تاپاۋىتىممۇ ئاز ئەمەس.

زاڭ چېنىڭ پەرىزىچە، بۇ پۇللار ھەرگىزمۇ 40 — 50 مىڭ يۈەندىن ئەسلا كەم ئەمەس ئىدى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ھېلىقى قاتىل-لىق ۋەقەسى كىرىۋېلىپ، بەدەنلىرى ئىختىيارسىز تىكەنلىشىپ كەتتى. لېكىن داجۇن بولسا ئىنتايىن خاتىرجەم، كەيپىياتىمۇ نورمال، سۆز — ھەرىكىتىدىن ھېچقانداق غەيرىي، گۇمانلىق ئەھۋاللار

سېزىلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ زاڭ چېنىڭ خىيالىغا ھەر خىل قور-
قۇنچلۇق خىياللار كىرىۋېلىپ، زادىلا ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ-
نىڭچە بولسا، دەرھال داجۇنگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى بۇ شەھەردىن
كەتكۈزۈۋېتىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. لېكىن، بۇنى قانداق ئېغىز-
دىن چىقىرىش كېرەك؟

زاڭ چې ئۇلار بىلەن ئۈنسىز خوشلىشىپ، تىۋىشسىزلا زالغا
چىقتى ـ دە، ئادىتى بويىچە دوختۇرخانا باغچىسىغا نەزەر تاشلىدى ـ يۇ،
ھېلىقى سىرىس دەرىخىنىڭ يېنىدا گۇمانلىق ئىككى كىشىنىڭ
مۇشۇ تەرەپنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، يۈرىكى ئەنسىز-
چىلىك ئىلكىدە ئېغىپ كەتتى. ھېلىقى ئىككىسى ئوخشاشلا ئاق
كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئېگىز بويلۇق، تەمبەل كىشىلەردىن بولۇپ،
خۇددى ئولجىسىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن تەجرىبىلىك ئوۋچىلارغىلا
ئوخشايتتى. زاڭ چې ئىختىيارسىز پىچىرلاپ قويدى. بۇنداق پىشقان،
تەجرىبىلىك ئوۋچىلارنىڭ قولىدىن ھەتتا يۈز باشلىق ھېيلىگەر تۈل-
كىنىڭمۇ قېچىپ قۇتۇلالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس...

زاڭ چې پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ ئاستا يېقىن-
لاشتى. چۈنكى، ئۇ گۇ رۇيجۈەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن
ئۇلارغا يېلىنىپ، داجۇننى رۇيجۈەنىنىڭ ئالدىدا قولغا ئالماسلىقنى،
ئىمكان بولسا كويزا سالغاندا قولىغا چاپىنىنى ئارتىۋېلىشقا يول قو-
يۇشنى ئۆتۈنمەكچى ئىدى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارغا ھېچنې-
مىمۇ دېيەلمىدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر پەس تىڭىرقاپ تۇرغاندىن
كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۇلاردىن يىراقلاشتى ۋە مەقسەتسىز ھالدا كو-
چىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى، ئىچىدە بولسا توختىماي پىكىر يۈرگۈزەت-
تى: ئېھتىمال مەن ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ كەتكەندىمەن. بەلكىم دا-

جۇننىڭ ھېلىقى دېلو بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوقتۇ ...

زاڭ چې شۇ مېڭىشىدا ئۆز ئۆيىنىڭ، لاۋشۇنىڭ شىركەت دەرۋا-زىسىنىڭ ھەمدە «قەدىمكى ئورمان» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بىر چاغدا تولا مېڭىپ ھېرىپ قالدى بولغاي، يول بويىدىكى كىچىك بىر رېستورانغا كىرىپ، دېرىزىنىڭ يېنىغىلا جايلاشتى ـ دە، بىر ئىستاكان مۇزدەك پىۋا بۇيرۇتتى ۋە ھاردۇقىنى ئالغاچ ئولتۇرۇپ، تاڭ نانىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىش ئارزۇسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى لاۋشۇگە خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يانفون نومۇرىنى باستى. لېكىن، خېلى ساقلىغان بول-سىمۇ قارشى تەرەپ تېلېفوننى ھېچ ئالاي دېمەيتتى. زاڭ چې يانفوندى-كى ئۆزگە ئاللىبۇرۇن يادا بولۇپ كەتكەن مۇزىكىنىڭ ئاۋازىدىن زېرى-كىپ نەزىرىنى كوچىغا يۆتكىدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ كۆزى يولنىڭ قارشى تەرىپىگە توختىتىپ قويۇلغان پىكاپتىن سالاپەت بىلەن چۈشۈۋاتقان لاۋشۇگە چۈشۈپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. زاڭ چې دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈ-شۈشنى ئەمدىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ، قەدىمىنى يۆتكەي دەپ تۇرۇشىغا، تېخىمۇ ئۆزگىچە بولغان كۈتۈلمىگەن يەنە بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. چۈنكى، ئەمدىلىكتە پىكاپتىن چۈشۈۋاتقىنى دەل زاڭ چېنىڭ چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئايالى ئىدى، زاڭ چې ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي داڭ قېتىم تۇرۇپلا قالدى ...

زاڭ چې يانفوننىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى ۋە تاڭ نانىڭ ئۆزى-گە دېگەن ھېلىقى سۆزىنى ئەلەم بىلەن ئېسىگە ئالدى: «مەن ئۇنىڭ يانفونىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرگە يەنە قانداقتۇر كاككۇكنىڭ سايرىشىغا ئوخشاش بىر خىل سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلى-

غانىدىم، چۈشتىن كېيىنلىكى مەن سىز بىلەن بىكەت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ ئاۋازنى ئۆز قولىقىم بىلەن يەنە بىر قېتىم ئاڭ-لىدىم...»

زاڭ چې ئازاب بىلەن تولغىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئەمدىلىكتە بەزى ئىشلار ئۇنىڭغا بارغانچە روشەنلەشمەكتە ئىدى. توغرا، ھېلىقى سائەت دەل زاڭ چېلارنىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ قارشى تەرىپىدى-كى بېكەتنىڭ ئۆگزىسىدىكى سائەت! ئۇنىڭ ئاۋازى دەل كاككۇكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. زاڭ چېنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ...

بۇ چاغدا لاۋشۇ زاڭ چېنىڭ ئايالىغا قاراپ بىر نەرسىلەرنى دې-گەندەك قىلىۋېدى. زاڭ چېنىڭ ئايالىنىڭ شۇئان گۈلقەقەلىرى ئېچى-لىپ كەتتى ۋە قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالغىنىچە لاۋشۇغا ئەگە-شىپ، يول بويىدىكى ياسىداق مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. بۇ مېھمانخانا دەل مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق بولغان «قوشماق ئۆردەك» سارىيى ئىدى...

زاڭ چې لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشلار، يەنى لاۋشۇ بىلەن تاڭ نا، داجۇن بىلەن گۇ رۇيجۇەن، ئۆزى بىلەن ئايالى، بۇ شەھەر بىلەن ھېلىقى كۆك يىلان، ھەتتا لاۋشۇ بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە ئىشلار تامامەن ئايدىڭلاشقانىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىشلار خېلى بۇرۇنلا ئاخىرلىششى كېرەك ئىدى!

زاڭ چې لاۋشۇنىڭ يانفون نومۇرىنى يەنە بىر قېتىم، ياق، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باستى. بۇ قېتىم لاۋشۇ يانفوننى ناھايىتى تېزلا ئالدى. زاڭ چې ئۇنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپ كۆرۈۋېدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھورداقخانىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنىلا تاڭ ناغا ياخشى

ھەمراھ بولۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ كەتتى.

ــ سەنمۇ ئايالىمغا ئوبدان ھەمراھ بولغىن، بۇرادەر! ـ زاڭ چېننىڭ چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلايتتى.

ــ بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ ـ قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى تۈيۈقسىز تىترەپ كەتتى، ـ كۆپ ئىچىۋالدىڭمۇ ـ قانداق؟

ــ ھۇ نومۇسسىز، بەچچىغەر! تېلېفوننى دەرھال يېنىڭدىكى ئاۋۇ پەسكەش قانجۇققا بەر، ئاڭلىدىڭمۇ ـ يوق؟

بۇ زاڭ چېننىڭ لاۋشۇ بىلەن تونۇشۇپ ئۇنى تۇنجى قېتىم تىللىشى ئىدى. خېلى بىر پەستىن كېيىن يانفوندىن ئىنتايىن زەئىپ بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاۋازى ئىدى. زاڭ چې ئۇنى تىللىمىدى ياكى ئۇنى قىستاپ سوراققا تارتىپمۇ يۈرمىدى، پەقەت بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن گەپنى ئۈزۈۋەتتى ـ دە، دەرھال يانفوننىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى.

ــ مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەمدى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن!

زاڭ چې ئالدىدىكى بىر ئىستاكان مۇزدەك پىۋىنى بىرلا كۆتۈرۈۋېتىپ ئىچىۋەتتى ۋە ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ كۈتكۈچىگە قاراپ ۋارقىرىدى.

ــ ماڭا يەنە بىر ئىستاكان پىۋا كەلتۈرۈڭ!

زاڭ چې ئىختىيارسىز تېلېۋىزورغا تىكىلدى. بۇ چاغدا تېلېۋىزوردا يەنە ھېلىقى يۇمىلاق باشلىق كۆك يىلان توغرىسىدىكى خەۋەر قويۇلۇۋاتاتتى...

شۆ يەن

# مېھرلىك پونكىت

(پوۋېست)

مېھرى ئىللىق بۇ ماي قاچىلاش پونكىتى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى دەريا ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، سول تەرەپتە تېخى ئەمدىلا پۈتكەن بىر ئائىلىكلەر قورۇسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەريانى بەكمۇ چوڭ دېگىلى بولمىغان بىلەن سۈيى پاكىز ھەم ئەلۋەك بولۇپ، شەھەرنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ۋاھالەنكى، ھازىرغىچە ھېچكىممۇ تېخى بۇ دەريانىڭ ئەسلى نامىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. دەريانىڭ شەھەرگە يېقىن بۆلىكىگە خېلى كۆركەم قىلىپ توسما ياسالغان بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر كەچلىك تاماقلىرىنى يېيىشىپ بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ سەيلە قىلغاچ، ئۆتكەن - كەچكەن، تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن ھال - مۇڭ قىلىشىپ، تاماق سىڭدۈرگەچ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ھالبۇكى، بۇ شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسى ئۆچۈن بولمىسا زادى بولمايدىغان بۇ دەرياغا ئەزەلدىن نام قويۇلمىغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى ئەجەبلەندۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان بەزى كىشىلەر قېرى بوۋاي - موماي لارنى ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قايىل قىلارلىق ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنىدى...

ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ دەريا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. پونكىت ئىشخانا بىناسى گەرچە ئۈچ قەۋەتلىك ئاددىيلا كونا بىنا بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا ياپونلۇقلار سالغان،

سىرىق سىر بىلەن تۇجۇپىلەپ سىرلانغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىمارەت بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رىمونت قىلىنمىغاچقا خېلى ئۇبدانلا كونىرىغانىدى. بىنانىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپى، بىنا پەلەمپىيى ۋە تۇتقۇچلىرى پولات نەيچە بىلەن ئۆزگىچە گېئومېترىك ئايلانما شەكىلدە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن لايىھەلەنگەن، بىنانىڭ تېمىغا نەقىش كەبى چاپلاپ دىگۇدەك كۆركەم جايلاشتۇرۇلغانىدى.

ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ دىرېكتورى ما ۋېنبو بۇ پەلەمپەيگە باشقىچىلا ھېرىسمەن بۇلۇپ، سايىسى چۇشكۇدەك پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم شىبلىتى بىلەن پەلەمپەينى تارسىلدىتىپ ھەربىر دەسسىگىنىدە، ئۆزىنى خۇددى بۇ شەھەرنىڭ غوجىسىدەك مەغرۇر ھېس قىلاتتى...

ما ۋېنبو ھەر كۇنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن پونكىتقا كېلىپ بىرەر قۇر ئايلىنىپ كېتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمىلىيەتتە بۇنى خىزمەت تەكشۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلەش دىگەندىن كۆرە، ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىشتىياق دىگەن تېخمۇ توزۇك ئىدى. پونكىتتا ئۆزى قوشۇلۇپ پەقەت يەتتە نەپەر خادىم بولغاچقا، ئىسمىنا ئالمىشىش ئۆز ۋاقتىدا، كۇندىلىك خىزمەتلەر ناھايىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلاتتى. ما ۋېنبو نېفىت شىركىتى تەرىپىدىن بۇ يەرگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەندىن بۇيان، پونكىتنىڭ شوپۇرى لاۋلىيۇنى پەقەتلا ئۇچرىتىپ باقمىدى. سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئايىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، يېرىم يىلدىن بۇيان ئىشقا كەلمىگەنلىكى مەلۇم

بولدى. ئىشقا خالىسا كېلىپ، خالىمىسا كەلمەيدىغان بۇنداق تەشكىل-
سىزلىك ھەرقانداق بىر رەھبەرنىڭ ئۇغىسىنى قايناتماي قالمايدۇ،
ئەلۋەتتە. لېكىن، ما ۋېنبو لاۋلىيۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچى ئىكەنلىكىنى
ئېنىقلاپ بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالدى. چۈنكى، بىر
ئادەمنىڭ مائاشى بولىسىمۇ تېجىلىپ قالسا ئەلۋەتتە ئەرزىيدىغان
ئىش. شۇنىڭ بىلەن، ما ۋېنبو قاغجىراپ ياتقان ھېلىقى سانتانا مار-
كىلىق كونا پىكاپنى ئۇمۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغاندىن
كېيىن، شوپۇرلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولدى. ما
ۋېنبو ھەر ئاخشىمى ئادىتى بويىچە بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى با-
لىخانىدا تۇرۇپ، خادىملارنىڭ خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆز
ئىشى بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى تاماشا
قىلغاچ ئېپىتخارلانغان ھالدا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى...

ما ۋېنبو ھەر ھالدا ئوچۇق مىجەزلىك، ئانچە ئېگىزمۇ ئەمەس،
سېمىزرەك كەلگەن قىرىق ياشلار چامىسىدا بولۇپ، قارىماققا خېلىلا
روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئايالى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ،
بەختكە قارشى ئۈچ ئاي ئىلگىرى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكە-
نىدى. ئۇنىڭ مەرھۇم ئايالى ھەققەتەن نەمۇنىلىك، ياخشى ئايالللار-
نىڭ تىپىدىن ئىدى. ئۇ بۇنى پەقەت مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا
تېخىمۇ ھېس قىلدى. مەرھۇم ئىشچان ئىدى، ئېرىنىڭ ھەرقانداق
ئىشىنى زادىلا ياراتمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم ئادەتتىن تاشقى-
رى پاكىز بولۇپ، ئېرىنىڭ قولىنى سوپۇنلاپ يۇيغۇزماي تۇرۇپ تاماق
تارتمايتتى.

دىرېكتور ئەنە شۇنداق پاكىز بىر ئايالنىڭ، بىر ئاق خالاتلىق پەرىشتىنىڭ ئۆز كېسىلىگە ئامال قىلالماي، تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىگە ئەقلى ھەيران ئىدى. شۇڭا ئۇچ ئايدىن بۇيان ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا ئايالنىڭ ئازتۇقچىلىقلىرىنى ئويلاپ، ئىچى ـ ئىچىدىن ھەسرەت چېكەتتى، ئازابلىناتتى... بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ كىچىك بولسىمۇ بىر پونكىتقا دىرېكتور بولۇپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. چۈنكى ئۆيدە ھەسرەت چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەندىن كۆرە پونكىتقا كېلىپ، قول ئاستىدىكى خادىملارغا قاراپ ھەرھالدا كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئېچىلىپ قالاتتى... شياۋجۇ پونكىتتىكى 23 ـ 24 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق قىز ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يىگۇدەك چىرايى، لىغىرلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قىزنىڭ مىجەزى بەكلا ئوچۇق، دائىم كۈلۈپلا تۇراتتى. شياۋجۇ دەم ئالغان كۈنلىرى ما ۋېنبو ئۇنىڭغا قەستەن تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا شياۋجۇ ئۆزىنىڭ ھۆسن تۈزەش ئورنىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى...

ما ۋېنبو بالىخانىدا تۇرۇپ خادىملارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتكەندە، تولاراق شياۋجۇ ياكى ۋاڭ لىمىن، تاڭ يىڭ قاتارلىق ئايال خادىملارنىڭ مىققىدە كەلگەن كۆكسىگە، تولغان ساغرىسىغا قاراپ ھوزۇرلىنىشنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ، ھېسسىياتىنى باسالماي، شېرىن

خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە بولسىمۇ، تېخىچە «ماي قاچىلالمىغانلىقى»نى ئويلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى ـ يۇ، ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ ئەندىكىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ يېتىلگەن بىر ئەرنىڭ ئاياللار بىلەن ئارىلىشىشى، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشى نورمال ئىش، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

شۇنداق شېرىن خىياللارنىڭ ۋەسۋەسىدە ئۇ ئىشخانىسىدا گېزىت ۋاراقلىغاچ ئولتۇرۇپ، «مايغا ھاجەتمەن ئوبيېكتلار» توغرىسىدا توختىماي باش قاتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تولاراق شياۋجۇ بىلەن ۋاڭ لىمىن كېلىۋالاتتى. چۈنكى شياۋجۇ بولسا ئادەتتە شۆھرەتپەرەسرەك، ۋاڭ لىمىن بولسا تېخى يېقىندىلا يولدىشى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن تۇل خوتۇن ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارغا قاش ئوينىتىش ھەرھالدا باشقىلارغا قارىغاندا ئوڭاي، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاساسى دەپ قارايتتى. بۇنداق چاغلاردا نەلەرگىدۇر مىختەك قادىلىپ، يادىغا قايسى بىر كىتابتا ئوقۇۋالغان مۇنداق جۈملىلەرنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى: پۇرسەت دېگەن خۇددى بىر ئاسفالىت يولدىكى ماشىنا، ناۋادا سەن سەپەرگە چىقساڭ، چوقۇم ئۇنىڭغا ئۇچرايسەن...

ئۇ ئاشۇ شېرىن خىياللار بىلەن بەزىدە مەست ۋە بەزىدە قىلدەك تولغىنىپ يۈرگەن چاغلاردىكى سىم ـ سىم يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىكۈنى، ئاخىرى ئۇنىڭغا پۇرسەت قۇچاق ئاچتى. شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشۈش ئارىلىقىدا، ئۇ قول ئاستىدىكى خۇاڭ دالياڭ ئىسىملىك بىر

ئىشچىنىڭ تېلېفوننى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپىسى-نىڭ تۇيۇقسىز كېسەللى قوزغىلىپ قېلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈ-مىگە كىرىپ قالغاچقا، مۇۋاپىق بىرسى بىلەن ئىسمىنى ئالمىشىشنى ئۆتۈنگەنىدى. ما ۋېنبۇ تېلېفوندا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە تازا جۇدۇنى تۇتتى. چۈنكى، بۇ خۇمپەر ئادەتتە پونكىتنىڭ تەشكىلىي تۈزۈملىرىگە ئانچە بوي سۇنۇپ كەتمەيتتى. قىمار ئوينايتتى، مىجەزى ئىتتەك چۇس بولۇپ ئاسانلا باشقىلارنى رەنجىتىپ قوياتتى. لېكىن ما ۋېنبو بۈگۈن ئاخشام خۇاڭ داليائىنىڭ دەل ۋاڭ لىمىن بىلەن بىر ئىسمېنىدا ئىكەنلىكىنى جەدۋەلدىن كۆرۈپ، بايىقى خاپىلىقلىرى نە-لەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى...

— ئالاھىدە ئەھۋال بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىش-كە بولىدۇ. خاتىرجەم بول، مەن ئورۇنلاشتۇراي، سەن ئاپاڭنىڭ ھالى-دىن ئوبدان خەۋەر ئال.

ئەمەلىيەتتە ئۇ جەدۋەلگە قارىغان چېغىدىلا، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپ بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ ھېلىقى كىتابنى ئېيتىلغان ئاسفالىت يولدىكى ماشىنىغا ھەقىقەتەن ئۇچراش ئالدىدا ئىدى. ئۇ يەنە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، دەرھال ئۈستەل تارتمى-سىنى ئېچىپ شاراقشىپ تۇرغان 100 يۈەنلىك پۇلدىن تۆتنى قايرىدى ـ دە، لېپپىدە سالدى. ئاندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى بىر رېستورانغا بېرىپ، بىر بوتۇلكا پىۋا بىلەن ئاددىيلا تاماقلىنىپ، دەرھال ئىشخانى-سىغا قايتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىياللىرى ئاللىبۇرۇن قاناتلى-نىپ بولغانىدى. ئۇ بىر ئىستاكان چاينى كۆتۈرۈپ، بالىخانىغا

چىقىپ، ۋاڭ لىمىننىڭ ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش چېپىپ يۈرگەن-لىكىنى كۆرۈپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

ۋاڭ لىمىن 36 ـ 37 ياشلار قۇرامىدىكى بەللىرى ئىنچىكە، ساغ-رىسى چوڭ، ئاز ـ تولا قىچىقى بار ئايال ئىدى. ما ۋېنبو بۇ ئايالنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەسلىدە بىر ئاددىي ساقچى بولۇپ، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. لېكىن، بىر يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئېرى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىدىن جەم-ئىيەت ئامانلىقى باش ئەترىتىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، خىزمەت قو-لايلىقىدىن پايدىلىنىپ، كىچە ـ كۈندۈز ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە تىمىسقى-لاپ يۈرۈپ، مەلۇم بىر ئايال غوجايىن بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قال-غانىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋاڭ لىمىن تەكرار ـ تەكرار يىغلاپ، قاخشاپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېرى خاتالىقىنى تونۇپ، تۈزۈ-تىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى دۇمبالاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغاچقا، ئاخى-رى ئىككى ئايغا قالمايلا ئاجرىشىپ، ئوغلىنىمۇ ئېرىگە ئۆتكۈزۈپ تاشلاپ بېرىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالغانىدى. ما ۋېنبو ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى، سىڭلىسىنىڭ شۇ سەۋەبتىن تېخى ياتلىق بولالمىغانلىقىنى ئاڭلىغاچقا، پۇلنى يەمچۈك قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بېرىپ، مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. ما ۋېنبو ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ، تاماكا چەككەچ بىردەم تېلېۋى-زور كۆردى. ئارىلىقتىن يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، بىراۋنىڭ پەلەمپەينى دەسسەپ چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. دىرېكتور ئۇنىڭ خۇاڭ دالياڭنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن چىققانلىقىنى قىياس

قىلىپ بولغانىدى. ئاز ئۆتمەيلا ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، ۋاڭ لىمىن كىرىپ كەلدى ۋە تەبەسسۇم بىلەن:

— دىرېكتور خاپا بولماي خۇاڭ دالياڭغا تېلېفون ئۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ تېخىچە سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۆزۈم يالغۇز بولغاچ، پەقەتلا يېتىشەلمەي قېلىۋاتىمەن، - دېدى.

ما ۋېنبو مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— مەن هازىرلا ئارقىڭىزدىن چۈشۈپ سىزگە ياردەملىشەي، خاپا تارتىڭىز!

— رەھمەت، دىرېكتور. سىز ئارام ئېلىۋېرىڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزۈم چوقۇم يېتىشىپ كېتەلەيمەن.

ما ۋېنبو دەرھال تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى - دە، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىردەملىك ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن، ماشىنىلارنىڭ ئايىغى خېلىلا بېسىققان بولدى. ناگاندا بىر ئاڭلىنىپ قالىدىغان ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ گۆردەك جىمجىت، كىشى-نىڭ قورققىسى كەلگۈدەك قاراڭغۇ ئىدى.

ۋاڭ لىمىن يۆلەنچۈكلۈك بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، پەس لېكىن يېقىملىق ئاۋازدا ئۇنى ئارام ئېلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ما ۋېنبو ئاتاكىغا ئۆتكەنىدى:

— شياۋۋاڭ، يېقىندىن بۇيان ئائىلە ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ئاڭلى-سام ئاپىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ، ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

ۋاڭ لىمىن دىرېكتورغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولغان هالدا، يې-

قىلىق كۆلۈمسىرىدى:

— رەھمەت دىرېكتور، ئاپامنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

ما ۋېنبو ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ھېلىقى لېپاپنى چىقىرىپ ۋاڭ لىمىننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ پونكىتىمىزنىڭ سىزگە قىلغان ئازراق كۆڭلى. ئائىلىڭىزدە مەيلى قانداقلا قىيىنچىلىق بولمىسۇن، چوقۇم ماڭا بىۋاستە ئېيتىڭ. پونكىتتىكىلەر سىزدىن ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز.

ۋاڭ لىمىن لېپاپنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— مەن پونكىتنىڭ پۇلىنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟ رەھمەت، كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى، دىرېكتور.

دەل شۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، ۋاڭ لىمىن لېپاپنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— شياۋۋاڭ، سىز پۇل يىغىڭ. سىرتنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

بىر پەستىن كېيىن ئەتراپنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— مەن ئۇستىگە چىقىپ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالاي، - دېدى دىرېكتور ئىشىكتىن چىقىۋاتقان ۋاڭ لىمىنغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

ۋاڭ لىمىن پەس ئاۋازدا يەنە ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى:

— دىرېكتور، بۇ پۇلنى يەنىلا ئۆزىڭىز ئېلىپ قېلىڭ.

ما ۋېنبو پەلەمپەيگە قەدەم تاشلىغاچ گەپ ئويناتتى:

— ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىيىنچىلىقى

بولىدىغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ لىمىننىڭ كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولدى ۋە پەلەمپەيگە چىقىپ كېتىۋاتقان دىرېكتورغا قارىدى ـ يۇ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ ئىلىكىگە ئېلىۋالغانىدى.

ۋاقىت تۈن نىسبى بولغانىدى. ۋاڭ لىمىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ، دەرھال بېرىپ دەرۋازىنى تاقاپ قويدى ۋە بايىقى ئورۇندۇققا كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا دىرېكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ شياۋۋاڭ، ئېغىر كۆرمىسىڭىز ماڭا ئازراق قايناقسۇ تەييارلاپ بەرگەن بولسىڭىز.

بىر پەستىن كېيىن دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئاستا چېكىلىپ، ئارقىدىنلا ۋاڭ لىمىننىڭ قارىسى كۆرۈندى. تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ما ۋېنبو دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. ۋاڭ لىمىن ئازراق جىددىيلەشكەن ھالدا، ئۇس-تەلدىكى چايداننى ئىلىپ بولۇپ، ئاستا كېلىپ دىرېكتورنىڭ ئىستا-كىنىغىمۇ قايناقسۇ قويدى. تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى خېلىلا پەس ئىدى.

ــ دىرېكتور، مە... مەن، ـ ۋاڭ لىمىن دۇدۇقلىغىنىچە بايىقى لېپاپنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى، ـ مەن بۇ پۇلنى راستىنلا ئالالمايمەن.

ما ۋېنبو ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويدى.

ــ نېمىشقا ئالمايسىز؟ ئائىلىڭىزدىكى قىيىنچىلىقتىن خەۋىرى-مىز بار. ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويۇڭ. يىللىق مۇكاپىتىم ئىكەن دەپ

قارىسىغىزلا بولمىدىمۇ؟

ۋاڭ لىمىن يەنە بىرنەرسە دېمەكچى بولىۋېدى، لېكىن دىرېكتور ئىشارەت بىلەن ئۇنى توسۇۋېتىپ قويدى ۋە تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ۋاڭ لىمىننىڭ كۈچى قولىنى ئاجرىتىۋېلىشقا راستىنلا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. دىرېكتور ئارقىدىنلا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ۋاڭ لىمىن باشتا خېلى يولقۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئاستا ـ ئاستا رايىشلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ما ۋېنبونىڭ بىر جۈپ قولى خۇددى يىلان كەبى ۋاڭ لىمىننىڭ بەل، دۈمبە، بويۇن، يۈز ۋە چاچلىرىنى بىرەر قۇر تېمىسقىلاپ چىقتى. مەستخۇشلۇق ئىلكىدىكى ۋاڭ لىمىن ھاياجان ئىلكىدە كۆزىنى يۇمدى...

ماي پونكىتتىن ئانچە يىراق بولمىغان يول ياقىسىدىكى دائىرىدە بىرنەچچە كىچىك ئاشخانا، مىلچمال دۇكانلىرى ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك يايمىچىلار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئاشۇ ئاشخانىلارنىڭ بىرى ۋۇ جىننىڭ بولۇپ، خېلىلا ئاۋات ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ تاماقلىنىدىغانلار ئاساسەن ئۆتە يولدىكى يولۇچى ۋە شوپۇرلار ئىدى. تاكسى شوپۇرى جىن ئاكا ئادەتتە تۈن نىسبى بولغان چاغلاردا بۇ يەرگە كېلىپ ھاردۇقىنى چىقارغاچ، تاماق يەپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇ شالى ماركىلىق تاكسى ماشىنىسىنى يول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇپ، سىرتتىكى بوش ئۈستەلگە كېلىپ جايلىشىپ، بىر بوتۇلكا پىۋا ۋە ئاز ـ تولا زاكۇسكا بۇيرۇتتى. جىن ئاكا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئەتىگەندىن تاكى تۈن نىسبىگىچە شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەس كونا يوللىرىدا تىنىم تاپماي خېرىدار ئىزدەپ

كىرا تارتاتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ئىككىنچى كۈنى ماشىنا غوجايىنىنىڭ تاپا ـ تەنە، تىل ـ ئاھانىتىگە قالاتتى. جىن ئاكا ھەمىشە يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېگەچ پىۋا ئىچەتتى. ھوزۇرلانغاچ ئەرزان پۇللۇق تاماكىسىنى ئۇلاپ ـ ئۇلاپ چېكەتتى. جىن ئاكا مەيلى تاماق يېگەندە ياكى تاماكا چەككەچ ھاردۇقىنى چىقارغاندا بولسۇن، ھېلىقى ماي قاچىلاش پونكىتى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. پونكىت ھويلىسىغا كىرىپ چىقىۋاتقان ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلارغا، ئۆز ئىشى بىلەن چېپىپ يۈرۈۋاتقان خادىملارغا، پونكىتنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان لامپۇچكىسىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىغىنىچە، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ كېتەتتى...

ۋۈجى ئاشخانىسىنىڭ ئايال غوجايىنى جىن ئاكا بىلەن ھال مۇڭ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. قولى بوشاپلا قالسا، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى گەپكە تۇتاتتى. جىن ئاكا پەقەت مۇشۇ ئاشخانىغا كەلسىلا كۆڭلى ئاز ـ تولا ئېچىلىپ قالاتتى.

ئىيۇل ئايلىرى يېتىپ كېلىپ، ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ كەتكەچكە، ما ۋېنبو پونكىتىنىڭ تىجارەت زالىنىڭ تېمىغا بىر دانە شامالدۇرغۇچ ئورنىتىپ، چاي، شېكەر دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن پونكىتتىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالغانىدى.

ــ دىرېكتورىمىز ھەقىقەتەن ياخشى رەھبەر بولۇشقا مۇناسىپ جۇمۇ، ـ خۇشامەت بىلەن كولۇمىسىرىدى بىركۈنى شياۋجۇ باشقىلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، ـ سىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ بەخت ـ ئامىتىمىز!

ما ۋېنبو سۇس كولۇمسىرەپ، شياۋجۇنىڭ مەپتۇنكار چېھرىگە

تىكىلگىنىچە ئىچىدە پىچىرلىدى: قانداق بەخت ـ تەلەيكەن ئۇ؟ ئاراڭ-لاردىكى بەزىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىغا ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى. ھەتتا خادىم قىسقارتىش توغرىسىدىكى پىكىر ئېلىش ئالاقىسىمۇ ئالىلىبۇرۇن چۇشۇپ بولدى. ئەگەر قىسقارتىلىش ئوبيېكتلىرى بۇ ئىشتىن ۋاقىپلانسا، نېمىمۇ بولۇپ كېتەر؟

— يەنىلا بىزنىڭ شياۋجو گەپكە ئۇستا جومۇ! ـ دىرېكتور ئۆز نۆۋىتىدە شياۋجونى ماختاپ قويغان بولدى.

شياۋجو يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، بىر چوڭ ئاپتوموبىل ماي قاچىلىتىش ئۇچۇن ئاستا كىرىپ كەلدى. شياۋجو دىرېكتورغا نازلىق تىكىلىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا چاپتى.

شياۋجونىڭ يۇگۇرگەندىكى ھالىتى تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى. بولۇپمۇ مىققىدە كەلگەن كاسىسى ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

ما ۋېنبو يانچۇقىدىكى ھېلىقى ئالاقىنى سىلاپ قويۇپ خىيالغا پاتتى: گەپكە ئۇستىلىق قىلىپ نازلانغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ مېنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىم سىلەرگە «ماي قاچىلاش». چۇنكى، كىم مېنى سىلەرگە باشلىق بولۇپ قالسۇن، كىممۇ مېنىڭ ئايالىمنى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتسۇن دەپتۇ؟

ما ۋېنبو شۇ خىياللار بىلەن پەلەمپەينى تاقىلدىتىپ دەسسەپ، ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون خۇاڭ دالياڭدىن كەلگەن، ئاپىسىنىڭ كېسىلى سەۋەبى بىلەن يەنىلا رۇخسەت سورىغانىدى. ما ۋېنبو قەلىمىنى ئېلىپ كالېن-

دار بېتىگە ئۇنىڭ ئىسمىنى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويدى. دېمەك، بىچارە خۇاڭ دالياڭنىڭ تەقدىرى شۇنىڭ بىلەن بەلگىلە-نىپ بولغانىدى...

ما ۋېنبو جەدىۋەلگە قاراپ بۇگۇن كەچكى ئىسمىنىدا خۇاڭ دالياڭ بىلەن ۋاڭ لىمىن ئەمەس، تاڭ شياۋچىڭ ئىككەيلىكىنى كۆرۈپ، ئەتىكى ئىسمىنىدىكى باشقا بىر ئايالنى تاڭ شياۋچىڭ بىلەن تەڭشەپ قويدى ۋە سومكىسىنى رەتلىگەچ، ھۆججەتلەر ئىچى-دىن ھۆسن تۈزەش ئورنىنىڭ ئېتىبار بېرىش كارتىسىنى بايقاپ قالدى. بۇنى ئىككى ئاي ئىلگىرى بىر ئاغىنىسى سوۋغا قىلغان، ئەينى چاغدا ئۇ بۇنىڭ رولىغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمىگەنىدى. ھازىر ئۆيدە ئايالىمۇ يوق، ئۇنداقتا بۇنى كىمگە بېرىش كېرەك؟ ۋاڭ لىمىن گەرچە ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت ئاتا قىلغان بول-سىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ تۇرقى بىلەن ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا تازا مۇ-ناسىپ ئەمەس. كارتىنى ئۇنىڭغا بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ خوشال بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

ما ۋېنبو دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، كاسىسىنى تولغاپ، چېپىپ يۈرگەن شياۋجۇنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشى-چە، بۇ كارتىغا ئېرىشىشكە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەل ئاشۇ شياۋجۇ ئىدى. چۈنكى ئۇ بوش ـ بىكار بولۇپ قالسىلا، چاپىدىغان يېرى دەل ھۆسن تۈزەش ئورنى، بۇنداق قىزلارغا مۇشۇ كارتىنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى يەمچۈك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭمۇ شياۋجۇغا چىشىنى بىلەپ يۈرگىلى نەۋاق. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تۆمۈرنى قىزىقىدا

سوقۇپ، ئىشنى بۈگۈن ئاخشامغىلا توغۇرلىغان تۈزۈك. ئەڭ ياخشى-
سى ئالدى بىلەن بۇ سەتەڭنى بىفىڭتاڭدىكى رېستورانغا تەكلىپ
قىلىپ، ئاندىن كارتىنى سوۋغا قىلىش كېرەك. ئىشنىڭ تەرەققىياتى-
غا قاراپ خادىم قىسقارتىش ئىشىنى پۇرۇتۇپ قويۇشمۇ، بۇ قېتىمقى
ئۆچرىشىشنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلەرىنىڭ بىرى. چۈنكى، شياۋجۇ ھې-
لىقىنداق ئىش ئۇقمايدىغان ئەخمەق قىزلاردىنمۇ ئەمەس. ئۇ چوقۇم
نۆۋەتتىكى بۇ خىرىسنىڭ ئادەتتىكى خىرىسلاردىن ئەمەسلىكىنى
ئىدراك قىلالايدۇ. بىر ئوبدان خىزمەت، چېقىلماس تۆمۈر تاۋاقتىن
كىممۇ بىكاردىن ـ بىكار ئايرىلىپ قېلىشنى خالايدۇ، دەيسىز؟
گەرچە شياۋجۇ تېخى توي قىلمىغان قىز بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي
پايدا مەنپەئەت ئالدىدا چوقۇم ئاقىلانە قارار چىقىرالايدۇ. ما ۋېنبو ئۆز
خىيالىدىن مەست بولغان ھالدا پىسسىڭدە كۈلۈپ قويدى.

شياۋجۇ ئاخىرى ئىشتىن چۈشۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغان-
دىن كېيىن، ئاجايىپ لاتاپەت بىلەن چىرايلىق دەسسىگىنىچە، دەرۋا-
زىدىن چىقتى. ما ۋېنبومۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ماشىنىسىنى ئوت
ئالدۇردى.

— قېنى ماشىنىغا مەرھەمەت قىلىڭ، خان قىز، ـ دېدى ئۇ ما-
شىنىنىڭ دېرىزىسىنى ئاستا چۈشۈرۈپ، ـ پېقىر سىزنى ئۆيىڭىزگە-
چە ئاپىرىپ قويسا قانداق؟

— جايىدا گەپ بولدى، ـ دېدى شياۋجۇ تەبەسسۇم بىلەن ماشىنى-
غا چىققاچ.

— سەپىرىڭىز قاياققىكىن، خانقىز؟ ـ سورىدى دىرېكتور ماشى-

نىنىڭ سۇرئىتىنى تېزلەتكەچ.

— مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويماقچى ئىدىڭىزغۇ؟ - شياۋجۇ ئۇ-نىڭغا نازلىق تىكىلدى، - ئۇنداق بولسا خۇەيبېي كوچىسىغا قاراپ ھەيدە.

ما ۋېنبو پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي گەپ ئۇيىنىتىپ، ئۇنىڭ تومۇ-رىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى:

— ماڭا ھەمراھ بولۇپ تاماق يېيىشىپ بېرىشنى خالامسىزكىن؟ ئاڭلىسام خۇۋچاڭ كوچىسىدا بېيفىڭتاڭ رېستورانى ئېچىلىپتۇدەك. دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قورۇمىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاۋاتمىش.

شياۋجۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

ئانچە چوڭ بولمىغان خۇۋچاڭ كوچىسىدا يولۇچىلارنىڭ ئايىغى شالاڭ ئىدى. ما ۋېنبو ماشىنىنى ئەگىلىتىپ كېلىپ، چوڭ ۋۇيۇس-كىلىق رېستوران ھويلىسىغا كىرىپ توختاتتى. ھويلا ئىچى ناھايىتى چوڭ، ئۇن نەچچە ماشىنا بولسىمۇ بەخۇدۇك پېتىپ كېتەتتى. ئوخشاش كىيىنگەن بىرنەچچە مۇلازىمەتچى مېھمان باشلاش ئۈچۈن رېستوران ئىشىكى ئالدىدا يالغان كۈلۈپ، قول باغلاپ تۇراتتى.

— دىرېكتور، بۇ يەرگە ئىلگىرى كېلىپ باققانمىدىڭىز؟ - سورى-دى شياۋجۇ ماشىنىدىن چۈشكەچ، - ھەيۋەتلىك خېلى بولىدىغاندەك قى-لىدۇ. غوجايىنىنى تونۇمسىز؟

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ رېستوراننى يۇ بو ئىسىملىك داڭلىق بىر دورا ماتېرىياللىرى سودىگىرى ئېچىپتۇمىش. ئەسلى بۇ يەر

ئەنسۇن رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئورنى بولۇپ، ئاشۇ خۇمپەر سېتىۋالغانىكەن.

ئۇلار چىرايلىق بىر مۇلازىمەتچى خانقىزنىڭ باشلىشى بىلەن رېستورانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئايرىم بىر ياسىداق بۆلۈمىگە كىرىپ جايلاشتى. چايلار تارتىلىپ، قورۇمىلار بۇيرۇتۇلدى.

ما ۋېنبو بۈگۈن ناھايىتى گەپدان ئىدى. شياۋجۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى پەقەتلا ئۈزۈلمەيتتى. ھەش - پەش دېگۈچە تۇرلۇك - تۇرلۇك دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قورۇمىلىرىنىڭ مەززىلىك ھىدى بۆل- مىنى بىر ئېلىپ، شياۋجۇنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋەتكەنە- دى. بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق بىلەن بىر جۈپ ئېگىز بويۇنلۇق خە- رۇستال رومكا بۇ سورۇننىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇش ئالدىدا تۇراتتى.

— قورۇما بۇيرۇتۇشقا ئېپىڭىز بار ئىكەن، - دېدى شياۋجۇ يې- قىملىق كۈلۈپ، - سىزگە قول قويدۇم دېرېكتور.

— كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولماي قالسا كەچۈرۈڭ، - دېدى ما ۋېنبو تەكەللۇپ بىلەن.

— بۇيرۇتقان قورۇمىلىرىڭىز بەكلا قىممەتتەك قىلىدۇ. سىزنى بىھۇدە چىقىمدار قىلغانلىقىمدىن خىجىلمەن.

— ئۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭ. يەڭگىڭىز ئۆلۈپ كەتتى. بالامۇ ئالىي مەكتەپتە. يالغۇزچىلىقتا ئىچىم پۇشۇپ، سىز بىلەن ھال - مۇڭ قىلىشاي دېدىم. بۈگۈن ھۆكۈمەتنىڭكىگە ئەمەس، ئۆز مائاشىمغا خىيانەت قىلىپ، سىز بىلەن تەڭ چىرىكلىشەي دېدىم.

— بۇندىن كېيىن قاچان چىرىكلىشەي دېسىڭىز، مەن هامان تەييار جۇمۇ.

— بۇگۈن مائاشىمنىڭ كۆپ قىسمى سىز ئۈچۈن قۇربان بولدى. كېلەركى قېتىم سىزنى قايناقسۇ ئىچىشكىمۇ تەكلىپ قىلالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

كۈلكە - چاقچاقلار ئىلكىدە ما ۋېنبو رومكىغا هاراق لىقلىدى.

— دىرېكتور، ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئازراق قويغان بولسىڭىز. مەن راستىنلا هاراق كۆتۈرەلمەيمەن.

— نەدىمۇ ئۇنداق گەپ بار ئىكەن؟ يېقىندىن بۇيان كۆڭلۈم پەرىشان، بۈگۈن ئەڭ ياخشىسى گېپىمگە كىرىڭ.

— نېمە ئىش بولدى دىرېكتور؟ - شياۋجۇ ئالدىراپ سورىدى.

ما ۋېنبو بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يۈزىگە قەستەن جىددىيلىك يۈگۈرتۈپ، پەس ئاۋاز بىلەن خادىم قىسقارتىش ھەققىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئۇنىڭغا بىراقلا ئاشكارىلىۋەتتى - دە، رومكىدىكى هاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىپ، شياۋجۇگە ئوغرىلىقچە تىكىلدى.

دەرۋەقە، شياۋجۇنىڭ چېھرى جىددىي تۈس ئېلىپ، گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلەلمەي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ هالدىن ھەقىقىي تۇردە مەمنۇن بولغان دىرېكتور تېخى بايىلا لىقلانغان رومكىسىنى كۆتۈردى.

— قېنى كېلىڭ شياۋجۇ، مەن هازىر ھەقىقەتەن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن. قېنى ئېيتىڭە؟ پونكىتتىكىلەرنىڭ قايسى بىرسىنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادىسى ياخشى ئەمەس. زادى كىمنى... هەي بولدىلا ...

ما ۋېنبو سومكىسىدىكى ھۆججەتنى شياۋجوگە كۆرسىتىپ، بايا دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق دەلىللەشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى.

قىزىل ھاراق رومكىلارغا يەنە بىر قېتىم لىقلاندى. بۇ قېتىم شياۋجو ھاراقنى ئۆزى قۇيغانىدى.

— ئۇنچىلىكمۇ تەڭقىسلىقتا پۇچىلىنىپ كەتمەڭ دىرېكتور. كىمنى قىسقارتقۇڭىز كەلسە شۇنى قىسقارتىۋەرمەمسىز؟ رەھبەر دې-گەننىڭ رەھبەرگە خاس سۆز - ھەيۋىسى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە!

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويغانىدى. ئىككىنچى بوتۇلكىنى كىمنىڭ بۇيرۇتقىنى نامەلۇم، ئىشقىلىپ كەي-پىيات ناھايىتى قىزغىن ئىدى. ما ۋېنبو پۇرسەتنىڭ ئالدىبۇرۇن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھېلىقى كارتىنى ئېلىپ شياۋ-جوغە ئۇزاتتى.

— بۇنى سىزگە سوۋغا قىلاي. سىزنىڭ ھۆسن تۇزەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. پەقەت سىزلا چىرايلىق تۇرسىڭىز، مەن شۇنىڭدىن خوشال!

شياۋجو كارتىنى قولىغا ئېلىپ، تەپسىلىي بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن چىرايلىرى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى:

— پاھ، ھەقىقەتەن ئالماس كارتىكەن. تەشەككۇرۇمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەھ ئىچەي. سىزنىڭ بۇ سوۋغىڭىز مەن ئۈچۈن ھەرقان-داق سوۋغاتتىنمۇ قىممەتلىك!

ئۇلار رومكىلىرىنى بوشاتقاندىن كېيىن، ما ۋېنبو ھېيلىگەر-لىك بىلەن سورىدى:

— ئالماس كارتا دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

شياۋجۇ هاراق ئىچكەچ جاۋاب قايتۇردى:

— هۆسن تۇزەش ئورنىنىڭ ئېتىبار بېرىش تۇرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدىرەكى.

ما ۋېنبو قولىدىكى رومكىنى كۆتۇردى:

— گەرچە يېشىڭىز كىچىك بولغىنى بىلەن بىلىدىغانلىرىڭىز مېنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن سىزنىڭ. سىزگە يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم.

شياۋجۇ دىرېكتورغا نازلىق تىكىلدى:

— دىرېكتور، سىز ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىكەنسىز، جۇمۇ!

ما ۋېنبو شۇئان شياۋجۇنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېز ئۇنۇم بېرىۋاتاتتى. ئاز ئۆتمەي ئۇلار چىرمىشىپ كېتىشتى...

— شياۋجۇ، راست گەپنى قىلسام سىز تولىمۇ چىرايلىق، خۇددى خام يەۋالغۇدەكلا!

— سىزمۇ بوپ قالىسىز، - ئەمدىلىكتە شياۋجۇمۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكەنىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، چاي ئىچكەچ يەنە بىردەم مۇڭداشساق دەيمەن. لوڭجىڭ چېيىغا مەيلىڭىز قانداقكىن؟

شياۋجۇ خىجىل ئارىلاش بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. ما ۋېنبو

ھېساباتنى تۈگىتىپ، ماشىنىنى ئۆيى تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقان، يامغۇر تامچىلىرى ماشىنا ئەينىكىگە توختىماي ئۇرۇلۇپ، بۇ قېرى - ياش بىر جۈپلەرنىڭ يۈرەك تىۋىشىغا تەڭكەش بولۇۋاتاتتى...

ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا چىرمىشىپ كېتىشتى. ما ۋېنبونىڭ بىر جۈپ قولى خۇددى ئىلگىرىكىدەك يىلان كەبى شياۋجۇنىڭ ھەممە يېرىدە تىمىسقىلايتتى، نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ توختىماي ھاسىرايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مېڭىسى تولىمۇ سەگەك، ناۋادا شياۋجۇ ئازراقلا تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۆزىنى دەرھال تۇتۇۋېلىشنى ئويلاپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز - دە. ھالبۇكى، ما ۋېنبۇ پەقەتلا ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمىدى...

بىرنەچچە مىنۇتلۇق لەززەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، ما ۋېنبو ئۆزىنى يان تەرەپكە تاشلىدى. شۇ پەيتتە بىر ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى. چۈنكى شياۋجۇنىڭ تاۋۇزى قىزىل چىقمىغانىدى. ما ۋېنبو بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قېنىپ - قېنىپ بىرنەچچىنى شورىۋەتتى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن ئىشنىڭ جەريانىنى سورىدى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شياۋجۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ سوئالنى سىزدىنمۇ يېشى چوڭ بولغان مەلۇم بىر كىشىدىن سورىسىڭىز ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز.

— سىز سۈپەتلەۋاتقان ئۇ كىشى زادى كىم؟ - دىرېكتور قىزىقىپ سورىدى.

بۇ قېتىم شياۋجۇنىڭ يۈزى خىجىللىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر تولغاچ-ـتەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ قىلغان ئىشى بولغاچقا، ئۇ خۇمپەر شۇ سەۋەبتىن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنىكەن.

— قېنى ئېيتىڭە، شياۋجۇ؟ مەنمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس شۇنداق-ـمۇ؟ - ما ۋېنبو ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىغاچ سورىدى. شياۋجۇ ئەك-ـسىچە بېشىنى ئاستا چايقىدى.

يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق يېغىۋاتقان بولسا كېرەك، يامغۇر تامچى-ـلىرىنىڭ شامال بىلەن كىرىپ دېرىزىگە ئۇرۇلغاندىكى ئاۋازى ئۆيدى-ـكى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. ما ۋېنبو بولسا ئىچىدە ئويلايتتى: سۆيۈم-ـلۈك تۇمۇچۇقۇم، مېنى ياراتسىڭىزلا سىز بىلەن توي قىلسام دەيمەن!

ئىيۇندىن - ئىيۇلغىچە بولغان بۇ مەزگىل بۇ شەھەرنىڭ تازا تومۇز پەسلى، قاش قارايغاندىن تارتىپ سەھەرگىچە ھاۋا ھەر ھالدا بىر ئاز سالقىنلاپ قالاتتى. جىن ئاكا ھېلىقى قىزىل رەڭلىك تاكسى ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە، ماي قاچىلاش پونكىتى ھويلىسىغا ئاستا كىرىپ كەلدى. نۆۋەتچى خادىم ۋاڭ لىمىن شوپۇردىن قانچىلىك ماي قۇيدۇرىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، لېكىن شوپۇر زۇۋان سۈرمەي، پەقەت ئۈچ تال بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويدى. ۋاڭ لىمىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن بايىقى سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. بۇ قېتىم شوپۇر ئاچچىق بىلەن ئۈچ تال بارمىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆر-ـسىتىپ قويۇپ، يانچۇقىدىن قېقىشتۇرۇپ يۈرۈپ، 90 نەچچە يۈەننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ۋاڭ لىمىن پەقەت شۇندىلا ئۇنىڭغا 30

كىلو بېنزىن لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ۋاڭ لىمىن ئىچىدە ئۇنى غەيرىي مىجەزلىك ئادەم بولمىغان تەقدىردىمۇ، بەلكىم گاچا بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدى. ۋاڭ لىمىن بېنزىننى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن تىجارەت زالىنىڭ يان تەرەپتىكى ئىشىكى ئارقىلىق چاسا رىشاتكىلىق پۇل يىغىش ئورنىغا كىرىپ، پۇلنى تارتمىغا سېلىپ قويدى ۋە جىن ئاكىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەندە يەنە قانداق ئىشىڭىز بار ئىدى؟ - دەپ ئەدەپ بىلەن سورىدى.

— سىز ماڭا بەش مو قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز.

ۋاڭ لىمىن دەرھال بايىقى پۇلنى باشقىدىن ئېلىپ ساناپ چىقتى. ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەنمۇ قايتا - قايتا ھېسابلىغاندىن كېيىن يۈزى «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇ ئارتۇق پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ تەكەللۇپ بىلەن چۈشەندۈردى. بايا ئالدىراشچىلىقتا تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمەپتىمەن.

جىن ئاكا پۇلنى ئېلىپ لام - جىم دېمەي، زالدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ لىمىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇ بايىلا ئەسكەرتىپ قويغان بولسا ئۆزىمۇ ئاۋارە بولۇپ، ۋاڭ لىمىنمۇ قىزىرىپ يۈرمەيتتى. ۋاڭ لىمىن يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، تارتمىنى قۇلۇپلاپ زالغا چىقتى ۋە چوڭگۇنگە قايناقسۇ ئىقلاپ پەلەمپەيگە پۈتىنى ئالدى. بوگۇن ئاخشام ئۇ خۇاڭ دالياڭ بىلەن بىر ئىس-

مىنىدا ئىدى. لېكىن خۇاڭ دالياڭ رۇخسەت سورىغاچقا، دىرېكتور ئۇنىڭ ئورنىدا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا ماقۇل بولدى. دىرېكتور خېلى بۇرۇنلا كەلگەن، ئىشخانىسىدا خاتىرجەم تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىدى. ۋاڭ لىمىن مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى باشقا خىزمەتداشلىرىدىن خادىم قىسقارتىش توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا، بۈگۈن دىرېكتوردىن ئەھۋال ئىگىلەپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ۋاڭ لىمىن ئادىتى بويىچە ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، چايدانغا ۋە دىرېكتورنىڭ ئىستاكانىغا قايناقسۇ جىقلاپ تۇرىشىغا، دىرېكتور ئۇنىڭ قولىدىكى چۆگۈننى دەرھال ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپلا، ئۇنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، نەزىرى-نى قايتىدىن تېلېۋىزورغا يۆتكىدى. ۋاڭ لىمىننىڭ تېنى يايراپ، يۈ-رىكى ھاياجاندىن تېپچەكلەپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ خىل ھاياجان ئىلكى-دە دىرېكتورنىڭ چېچىنى قولى بىلەن يېنىك تاراپ تۇرۇپ، ھېلىقى ئىش توغرىلىق گەپ تەشتى.

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇپ، خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ. ھەر نېمە بولغان تەقدىردىمۇ سىزنى قىسقارتىپ يۈرمەسمەن.

ۋاڭ لىمىن ھاياجاندىن كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. چۈنكى، دى-رېكتور ئۇنىڭ بارلىق ئەندىشىلىرىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە دىرېكتور ۋاڭ لىمىننىڭ نەزىرىدىكى ياخشى بىر رەھبەر دېگەندىن كۆرە ھەقىقىي بىر ئەركەككە، تەۋرەن-مەس يۆلەنچۈككە ئايلانغانىدى. ۋاڭ لىمىن دىرېكتورنىڭ بويىنىغا يېنىك گىرە سېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

ــ قەدىرلىكىم، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ ناۋادا ئاچقان بولسا مەن قارشى تەرەپتىكى ئاشخانىغا بېرىپ سىزگە يېرىم كىلو تۇگرە ئەكې-لىپ بېرەي. مۇزدەك پىۋىگە مەيلىڭىز قانداق؟

تېلېۋىزوردا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ئېھ-تىمال، دىرېكتور مۇسابىقىگە قىزىقىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ۋاڭ لىمىننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋاڭ لىمىن بايىقى سۆزىنى قايتىدىن تەكرارلىغاندىن كېيىنلا دىرېكتور بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. ۋاڭ لىمىن دىرېكتورنىڭ ھېلىقى ئىشنى ماي قاچىلاشتىن ئىبارەت كەسپى سۆز بىلەن سۇپەتلىشى، باشتا ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا خۇددى شېئىر كەبى تولىمۇ پاساھەتلىك، ئاجايىپ مەنىلىك تۇيۇلماق-تا ئىدى...

ۋاڭ لىمىن خۇددى يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك تارتىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

ــ بۈگۈن ماي قاچىلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

ما ۋېنبو ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيگەچ ئاستا شىۋىرلىدى:

ــ كەچتىرەك بولسۇن.

دەل شۇ پەيتتە ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاڭ لىمىن دىرېكتورنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، چۆگۈننى ئالدى ـ دە، ئالدىرىغىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەكسىچە، دىرېكتورنىڭ كۆزى ھېلىھەم تېلېۋىزوردا، ئەتراپىنى تامامەن ئۇنۇتقاندەك قىلاتتى.

تاكسى شوپۇرى جىن ئاكا پونكىتتىكى ئايال خادىم تاڭ يىڭنى

خېلى ئۆزۈندىن بۇيان تونۇيتتى. لېكىن، تاڭ يىگىنىڭ ئۇنى تونۇشى ناتايىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، تاڭ يىلىڭ جىن ئاكىنىڭ يىراقتىكى نەۋرە ئاچىسىنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، جىن ئاكا كىچىك چاغلىرىدا دائىم نەۋرە ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بارغاندا تاڭ يىگىنى داۋاملىق ئۇچرىتاتتى.

جىن ئاكا تۇنجى رەت ماي قاچىلاش پونكىتىغا بارغاندا تاڭ يىگىنى قەيەردىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك خېلى بىر پەس ئويلىنىپ، ئاخىرى ئېسىگە ئالدى. لېكىن ئۇنى گەپكە تۇتمىدى. چۈنكى، ئارلىقتىن ئۆزۈن زامانلار ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندى. جىن ئاكا تىرىكچىلىك ئۈچۈن باشقىلارغا يالىنىپ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي كىرا تارتاتتى. كۈندۈزى دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كارىۋىتىدىكى دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا تېخى بولمايتتى. يىراقتا ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئاچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ باشقا يېقىن تۇغقىنى يوق. ئىلگىرى ئۇنىڭمۇ قىز دوستى بولغان. بۇلتۇر ئۇنىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىن كېيىن، جىن ئاكا نائىلاج قىز دوستىدىن ئىككى قېتىم قەرز سوراشقا مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن قىز دوستى ئاز ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتتى...

جىن ئاكا ئاخىرى ئىنسان ئۈچۈن پۇل دېگەن بۇ نىجىسنىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي چىن پۈتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭمۇ ئانچە ياخشى بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى. ئۇ تاماكىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ

چىكەتتى. پەقەت تاماكا ئارقىلىقلا ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. لېكىن تاماكا ھامان زىيانلىق نەرسە بولغاچ يېقىندىن بۇيان، ئۆپكىسىمۇ توختىماي گىژىلدايدىغان بولىۋالدى...

بۈگۈن تۇن نىسبىدە جىن ئاكا ماشىنىسىنى ھەيدەپ يەنە ۋۇجى ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۈگۈن كىرانىڭمۇ تازا تايىنى يوق، كۆڭلى ئوبدانلا يېرىم ئىدى. ئۇ بوش ئورۇستەلگە جايلىشىپ، ئادەتتىكىدەك بىر بوتۇلكا پىۋا ھەمدە ئاز ـ تولا زاكۇسكا بۇيرۇتتى. كۆزى بولسا ئادىتى بويىچە ماي قاچىلاش پونكىتى تەرەپكە تىكىلگىنى تىكىلگەندى. ئۇ كەچكى ئىسمىنىدا ئىشلەۋاتقان تاڭ يىڭنى تونۇۋالغانىدى. يەنە بىرسى بولسا دەل تۈن نىسبىدە ئۇچىنچى قەۋەتكە يۈگۈرەيدىغان، يەنى ئۆزىدىن بەش مو پۇلنى ئارتۇق ئېلىۋالغان ھېلىقى ئايال خادىم ئىدى.

جىن ئاكا يېقىندىن بۇيان بىر ئىشنى بايقاپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنى سانتانا ماركىلىق پىكاپ ھەيدەيدىغان باشلىق كەچلىك دىجورنىلىك قىلغاندا، داۋاملىق ئىككى ئايال خادىم تۈن نىسبى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئىككى ئايال بىر ئىسمىنىدا ئەمەس ئىدى. جىن ئاكا شۇنى سەگەكلىك بىلەن بايقاپ قالدىكى، مۇشۇ يېقىندىن بۇيان، ھېلىقى ياش ئەر خادىمنىڭ پونكىتتىن قارىسى يىتكەن، كەچلىك ئىسمىنىدا ئەر باشلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئەر خادىملارنىڭ دىجورنىلىك قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەندەك قىلاتتى. بەزى چاغلاردا ماي پونكىتىنىڭ كەچكى ھوقۇقى بۇ ئىككى ئايال خادىمغا ئۆتۈپ قالاتتى.

جىن ئاكا تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ئاخشاملىرى ماي قاچىلىتىشقا كېلىدىغان چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلارنىڭ سانىغا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھېسابلىشىچە، ھەر ئاخشىمى تەخمىنەن يۈز ماشىنا ماي قاچىلاتتى دېگەندە، ھەربىر ماشىنا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۈز يۈەنلىك ماي قاچىلىسا، تەخمىنەن ئون مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل بولىدۇ. ناۋادا كۈندۈزدىكى ماشىنىلارنى قوشۇپ ھېسابلىسا نەچچە ئون مىڭ يۈەن دېگەن گەپ!

بۈگۈن جىن ئاكا بۇ ھېساباتنى يەنە بىر قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ، بىر ئىستاكان پىۋىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ماي پونكىتىنىڭ بىر سوتكىلىق كىرىمى خۇددى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا ھازىرلا چۈشىدىغاندەك ھوزۇرلانغان ھالدا كېكىرىپ قويدى...

جىن ئاكا ھېساباتنى قىلىۋېتىپ، ماشىنىنى ماي پونكىتى ئەتراپىدىكى ئاسفالىت يولغا قاراپ ھەيدىدى. ئۇ ماشىنىنى مۇشۇ ھەيدىشىدە، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا چىقىپ قالاتتى. ناۋادا يولۇچى ئۇچرىمىسا ماشىنىنى ئارقىغا بۇرايتتى. ئەمەلىيەتتە، پەقەت مۇشۇ يوللا ئەتراپتىكى شەھەر سىرتىغا قاتنايدىغان يول بولۇپ، ئىچكىرىلەپ ماڭسا تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. دېمەك، بۇ يول ئەنە شۇنداق تىنچ، خالىي يول ئىدى...

بۈگۈن جىن ئاكىنىڭ خىيالى تولىمۇ شېرىن ۋە ئۆزگىچە ئىدى. ئەگەر ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ھېلىقى نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇلى ئۇنىڭ يانچۇقىدا بولسا ئىدى، بۇ چاغدا ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى ھېلىقى چوڭ شەھەرگە

بېرىپ، قىز دوستىنى ئىزدەپ ئاپقان بولاتتى. جىن ئاكا تېخى يېقىن-
دىلا قىز دوستىنىڭ ئاشلىق سودىسى قىلىدىغان بىر سودىگەر بىلەن
ئاشۇ شەھەرگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. جىن ئاكا بۇ خەۋەردىن
ۋاقىپلانغىنىدا ئاچچىق ئەلەم ئىلكىدە ئۆنسىز يىغلىۋەتكەنىدى...

يامغۇرلۇق بىر كۈنى ما دىرېكتور باش شىركەتكە بېرىپ، مۇھىم
بىر يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىندىن كېيىن شەھەرلىك نېفىت
شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شۇ ئەپەندى ئۆنىڭغا ناھايىتى تېزلىك
بىلەن، پونكىتىنىڭ خادىم قىسقارتىش توغرىسىدىكى لايىھەسىنى ئاي
ئاخىرىغىچە يوللاپ بولۇش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتمە
بەردى.

— نەدىمۇ ئۆنداق ئاسان ئىش دەيسىز؟ باش دىرېكتور، — دېدى ماۋ
ۋېنبو يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا، — خادىم قىسقارتىش دېگەنلىك ئىش
ئورنىدىن قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مەن بۇ ئىش توپەيلىدىن كۆتۈلمى-
گەن بىرەر چاتاقنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئۆنداق قورقۇنچلۇق مۆلچەرلىۋالىسى-
ڭىز بولمايدۇ، — دېدى شۇ باش دىرېكتور سالاپەت بىلەن گېپىنى
قىرىپ قويۇپ، — قىسقارتىلغان خادىملارغا مەلۇم مۆھلەتكىچە تولۇق-
لىما ياردەم پۇل بېرىلىدۇ. بۇ سىياسەت سىلەرنىڭ پونكىتىڭلارغىلا
ئەمەس بەلكى شەھىرىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ئالتە پونكىتقا
ئوخشاش قارىتىلغان. بۇ ئىشتا مەيدانىڭىز چوقۇم مۇستەھكەم بولۇ-
شى، ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق باش شىركەتنىڭ ئىسلاھات ئىشلىرى-
غا تولۇق ماسلىشىشىڭىز كېرەك.

ما ۋېنبو پونكىتقا قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆردى. باش شىركەتنىڭ ھۆججەت روھىغا ئاساسلانغاندا، پونكىتتىن قىسقارتىلىدىغان خادىم ئىككى نەپەر. نۆۋەتتە، بۇ شەرتكە تامامەن ماس كېلىدىغان نامزات دەل خۇاڭ دالياڭ! چۈنكى، ئۇ ئاپىسىنىڭ كېسىلىنى باھانە قىلىپ ئىشقا كەلمىگىلى سايمۇساق ئۈچ ئاي بولدى. دېمەك، خۇاڭ دالياڭ توغرۇلۇق قايتا ئويلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن يەنە بىر نامزات زادى كىم؟ تاڭ يىڭ بولسا شۇ باش دىرېكتورنىڭ تۇغقىنى. ۋاڭ لىمىن بىلەن شياۋجۈنى قەتئىي قىسقارتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى پىداكارانە روھنى باشقا ئاياللار مەڭگۈ دوراپ بولالمايدۇ. قالغان ئىككى خادىمنىڭ بىرى ئۆزى بىلەن مۇشۇ پونكىتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان لاۋيۈەن. ئۇ پەقەت مۇشۇ پونكىتتىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن شىركەت بويىچە ئېيتقاندىمۇ پېشقەدەم خادىم! يەنە بىرسى بولسا فېڭ شياۋچى. باش شىركەتتىكى لى شۇجى مۇشۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنى ماشىنىسى بىلەن ئۆزى ئەكېلىپ، ئەكېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لى شۇجى باش شىركەتنى قولىدا ئوينىتىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر شەخس. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانىنىڭ ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقان بىلەن باراۋەر. ما ۋېنبو ئۆزىنىڭ پايدىسىدىن خاپىلىقى كۆپ بولغان بۇ ئالىقانچىلىك ماي پونكىتىغا دىرېكتور بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىدىيەۋى توقۇنۇشلار ئىلكى-

دە، پونكىتقا قايتىپ كەلدى. پونكىتتا خوڭ دالىياڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە خوڭ دالىياڭنىڭ كەلمىگەنلىكى نۆۋەتتىكى خادىم قىسقارتىش ئۈچۈن كۆڭۈل توختىتىشقا پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىشلار بىر ئاز بېسىققاندا دەرھال خادىملارنى يىغىپ ھۆججەتنىڭ روھىنى يەتكۈزدى:

— كېيىنكى ھەپتىدە مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ نامسىز بېلەت تاشلاش ئارقىلىق خادىملارنىڭ رايىنى سىناش يىغىنى ئاچىمىز. خادىملارنىڭ خىزمەت داۋامىدىكى ئىپادىسى بۇ قېتىمقى خادىم قىسقارتىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە رەھبەرلەرنىڭ سىناپ تەكشۈرۈشى ئاساسىدا ئاخىرقى قارار چىقىرىلىدۇ. شۇڭا يولداشلارنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن تولۇق ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دىرېكتور ھەر ئېھتىمالغا قارشى خادىملارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ قويغان بولدى، — مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋېلىشىنى خالىمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭلاركى، قىسقارتىلغان خادىملار يېڭى ئىش ئورنىغا ئېرىشكۈچە، يېتەرلىك تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغانلار ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۇنداق زاماننىڭ ئارقىدا قالغان جاپالىق يەرگە باغلىنىپ يۈرگۈچە، باشقا مۇۋاپىق بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانمۇ ياخشى.

ما ۋېنبو بولۇپمۇ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئورغۇلۇق قىلىپ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاز - تولا بولسىمۇ ياساپ قويغاندى. قىسقا لېكىن ۋەھىملىك ئېچىلغان يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلى-

قىنى جاكارلىغان دىرېكتور شياۋجۇ بىلەن ۋاڭ لىمىننىڭ ئۆزىگە ئو-
غۇرلۇقچە قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. باشقىلار بولسا ئالللىبۇرۇن تالاش -
تارتىشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. دىرېكتور ھەرھالدا سالاپىتىنى يوقاتماي
پەلەمپەيگە قەدەم تاشلىدى.

ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ ئىدى. چۈنكى خادىم قىسقارتىش دېگەن
ھەرگىزمۇ ئوينىشىدىغان، يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا بولمايدىغان ئې-
نىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ جانجان مەنپەئىتى، ئىس-
تىقبالىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم ئىش! ما ۋېنبو لېۋىدىكى تاما-
كىنى تېخى ئەمدىلا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئىشىك ئاستا چېكىلىپ
ئارقىسىدىنلا فېڭ شياۋچى سىرلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ
كەلدى ۋە تەكەللۇپسىزلا:

— دىرېكتور، ناۋادا بۇگۈن ياكى ئەتىگىچە بوش ۋاقتىڭىز بولسا
سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلماقچى ئىدىم، - دېدى.

فېڭ شياۋچىنىڭ پونكىتتا ئىشلەۋاتقىنىغا بەش - ئالتە يىل
بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئانچە ئېتىبارغا
ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقى دىرېكتورنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. قارىغاندا،
بۈگۈن كۈن غەربتىن چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ما ۋېنبو ئىچىدە.

— كەچۈرىسىز، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، يېقىندىن بۇيان
بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بولدى قىلساقمىكىن.

فېڭ شياۋچى لام - جىم دېمەي بايىقى قىياپەت بىلەن سومكى-
سىدىن چىرايلىق قاتلانغان باغاقچىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— سىزنى تاماققا مەن ئەمەس نەۋرە ئاكام تەكلىپ قىلغانىدى.

ھەرھالدا يۈزۈمنى قىلىپ قويارسىز؟
فېڭ شياۋچى سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ما ۋېنبو باغاقچىنى ئېچىپلا لى شۈجىنىڭ پوچۇركىسىنى تونىدى. باغاقچىدا پەقەت ئىككىلا جۈملە سۆز بولۇپ، ھەرھالدا كەمتەرلىك بىلەن نەۋرە سىڭلىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنىدى...
دىرېكتورنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ باغاقچىنى پۇرلەپلا ئەخلەت سېۋەتىگە تاشلىۋەتتى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇرىدى: نەۋرە سىڭلىم دەپ كەتكىنىنى، بەلكىم كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كېلىۋاتقان ئاشنائىدۇ؟
دىرېكتور قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچەپ تارتىپ تۇرۇشىغا، شياۋجۇ ئىشىكنى چەكمەيلا، ئۇششاق دەسسەپ كىرىپ كەلدى.
ــ بۈنداق چاغلاردىمۇ قاپ يۈرەكلىك قىلغان بارمۇ؟ باشقىلار گۇمانلىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟
دىرېكتورغا ئېنىقكى، بۈگۈن شياۋجۇنىڭ ئىسمىنىسى بولۇپ، كۆڭلىدە بۈگۈن ئاخشامنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى ئەتىگەندىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان پونكىتنىڭ كىرىم ـ چىقىم ۋە باشقا ئىشلىرى بىلەن ئايال زاتىغا يېقىنلىشىشقا پەقەتلا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان، بولۇپمۇ شياۋجۇنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرىنى سېغىنغانىدى. چۈنكى، ئۇ نېمىلا دېمىگەن بىلەن تېخى توي قىلمىغان قىز ـ دە...
ــ فېڭ شياۋچى سىزنى ئىزدىسە گەپ يوق، مەن ئىزدەپ قويسام قاخشاپلا كەتتىڭىزغۇ ئەمدى؟ ـ شياۋجۇ ئۇنىڭغا سىرلىق تىكىلدى.
ــ باشقا ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، ـ دىرېكتور پەس ئاۋازدا پى-

چىرلىغاچ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، - كۆڭلۇمدە سان بار.

شياۋجۇ بۇ قېتىم سۇس كۈلۈمسىرىدى:

— مەن سىزنى ئۇ ئىش توغرۇلۇق ئىزدەپ كىرمىدىم.

دىرېكتور چۆچۈپ دېگۈدەك سورىدى:

— ئۇنداقتا؟

— ئىككى ئىش بىلەن ئىزدەپ كىردىم. بىرىنچىسى، سىز بەرگەن ھېلىقى كارتىنى تونۇگۇن ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىققاندا يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئىچىدە 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل بار ئىكەن. مەن پەردازخانىغا تېلېفون ئۇرسام ئۇلار سىزنى كېلىپ غوجايىنغا ئىمزا قويدۇرمىسا بولمايدۇ دەيدۇ. يەنە بىر ئىش...

دىرېكتور ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى:

— بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ. غوجايىنىنىڭ بۇنچىلىك مەرد ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. يەنە بىرسى نېمە ئىش ئىدى؟

شياۋجۇنىڭ يۈزلىرى شەپەقتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قولى بىلەن قورسىقىنى سىلىدى.

— ھامىلىدار بولۇپ قاپتىمەن، بىرەر ئامالىنى قىلمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— گېپىڭىز راسما؟ - دىرېكتور ئورنىدىن چاچراپ دېگەندەك تۇرۇپ كەتتى.

— سىزگە يالغان سۆزلەپ نېمە قىلاتتىم؟ - شياۋجۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى، - بىرەر قېتىم بولسىمۇ گېپىمگە كىرىپ، ئالدىنى ئالىدىغان چارىمۇ قوللانمىغان تۇرسىڭىز، ئاقىۋەت مۇشۇنداق بولماي يەنە

قانداق بولاتتى؟

ما ۋېنبو قولىدىكى تاماكا كۆتىكىنى كۈلدانغا يىمىرگەچ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— بىرىنچى ئامال بولسا سىزگە پۇل بېرەي، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىڭ. ئىككىنچى ئامال بولسا ماڭا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلۇڭ، كېلەركى ئايدا تويىمىزنى قىلىۋېتەيلى.

— ئۇنداق بولسا ھامىلىنى ساقلاپ قالاي، — شياۋجۇ ئاستا پىچىرلىدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قويۇپ قويدى، — كارتىنىڭ ئىشىنى دەرھال بېجىرىۋېتىڭ. بۇ ھەپتىدە يەنە ئىككى قېتىملىق تېرە ئاسراش مەشغۇلاتىم بار.

ما ۋېنبو شياۋجۇنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇ شياۋجۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى. شياۋجۇنىڭ ئائىلىسىدىن، بولۇپمۇ ئۆگەي دادىسىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقى ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ شياۋجۇ بىلەن توي قىلىپ ئىلگىرى ئېرىشىش نېسىپ بولمىغان بەختنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇندىن كېيىن ۋاڭ لىمىنىنى ئۆز تۇرمۇشىغا يەنە ئارىلاشتۇرۇۋېلىشىنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى.

بۈگۈن يامغۇر بىردەم يېغىپ، بىردەم توختاپ شەھەر ھاۋاسىنى

ساپلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلارمۇ يامغۇردا يۇيۇلۇپ، ئەتراپقا ئۇبدانلا ھۆسن كىرىپ قالغانىدى.

جىن ئاكا يولۇچى ئىزدەپ بىر كۈن كەچكىچە تىمىسقىلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يولۇچىلار سالقىن ۋە ساپ ھاۋادىن ھۇزۇر ئېلىشنى ئەلا بىلدى بولغاي، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا قاراپ قويايمۇ دې-مەيتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ بىئارام ئىدى. چۈنكى، بىر تۇرۇپ قىز دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنىڭ يۈرى-كىنى قۇرۇتتەك غاجىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇرخانىدىكى بىچا-رە كېسەلچان دادىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقى ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ھېلىقى ۋاپاسىز قىز دوستىنىڭ ئىز ـ دېرىكىدىن خەۋەر تاپقان، شۇڭا بىرەر ئالاھىدە ئىش قىلىش توغرىسى-دا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. ئۇ شۇ ئىشنىڭ ۋەسۋەسى بىلەن مى-لىچماللار دۇكىنىدىن سېتىۋالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سەپەر سومى-كىسىغا ئوبدان سېلىپ، ماشىنىنىڭ ئامبارچىقىغا جايلاشتۇرۇپ، دەل ۋاقتىدا ۋۇجى ئاشخانىسىغا كېلىپ تاماقلانغاچ، نەزىرىنى ئادىتى بويى-چە ماي پونكىتىغا يۆتكىدى. شۇ پەيتتە جىن ئاكىغا ماي پونكىتى ئا-دەتتىن تاشقىرى بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. ئۇ ئىختى-يارسىز تاڭ يىڭ قىزنى ئويلاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە تاڭ يىڭ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ۋاپاسىز قىز دوستىدىن خېلىلا چىرايلىق ئىدى. جىن ئاكا ئىچىدە قىز دوستىغا خىتاب قىلدى: شياۋجۈەن، مېنى تاشلاپ كەت-كەنلىكىڭىزنى ئېغىر ئالمايمەن. لېكىن سىز نېمە ئۈچۈن دادام دەل دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاندا، مېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىسىز؟ بۇ

سىزنىڭ يۈرىكىمگە پىچاق ئۇرغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ مەن سىزنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىپ بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇلىڭىزنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىمەن. شۇنداق قىلسام مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ، سىزمۇ مېنى قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ مازاق قىلىپ يۈرمەيسىز...

مانا بۇلار جىن ئاكىنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان سوئاللار ئىدى. جىن ئاكا يەنە بىر بوتۇلكا پىۋا بۇيرۇتتى. ئادەتتە ئۇ ئەزەلدىن ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئىچمەيتتى. چۈنكى، ئۇ بىر جەھەتتىن پۇلنى ئارتۇق ئىسراپ قىلىشنى خالىمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىملىكنى جىق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. قايسى بىر يولۇچى بىر ھاراقكەشنىڭ ماشىنىسىغا چىقىشنى خالايدۇ دەيسىز؟

جىن ئاكا ئالدىدىكى ئىستاكاننى ئەمدىلا لىقلاپ تۇرۇشىغا، ماي پونكىتىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىدىكى چىراغ ئۆچتى. جىن ئاكا ئىككىنچى بوتۇلكىدىكى پىۋىنىمۇ ئىچىپ بولۇپ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— غوجايىن، ھېسابات قىلىمەن.

يامغۇر يېغىۋاتقان مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ماي پونكىتىغا كېلىدىغان ماشىنىلارمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن، بولۇپمۇ تۈن نىسپىدە تېخىمۇ ئاز ئىدى. ۋاڭ لىمىن ساقلاپ بېقىپ، خېلى بىر چاغقىچە ماشىنا كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، پۇل يىغىش ئورنىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قۇلۇپلاپ، يۇگۇرگىنىچە ۋۇجى ئاشخانىسىغا كېلىپ، تېلېفوندا بۇيرۇتۇپ قويغان

تاماق بىلەن بىر بوتۇلكا پىۋىنى ئالدى ـ دە، ئارقىدىن قاراپ چاپتى. ۋاڭ لىمىن بۇ تاماقلارنى مەخسۇس ما ۋېنبو ئۇچۇن تەييارلىغان، تېخى بايىلا كەسپىي ئاتالغۇسى بويىچە ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكەندى...

ۋاڭ لىمىن دىرېكتورغا ھەقىقەتەن ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە دىرېكتور ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەركەك بولۇپ، ئۆزىگە كۆيۈنەتتى. ئۇنىڭ بارلىق ھاجىتىدىن چىققالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەرباپ ئىدى. ئۆزى بولسا ئېرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تۇل ئايال، ئۇنىڭ شۇ ھالدا تۇرۇپ، مۇشۇنداق يۆلەنچۈككە ئېرىشىشى ئاسانمۇ دەيسىز؟ ئۇ بەزىلەردە يەنە شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ يۈرەتتى. چۈنكى، دىرېكتورنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى تېخى ئۇنىڭ خانىمى بولۇپ قالامدۇ تېخى؟ شۇڭا نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك...

ۋاڭ لىمىن ماي پونكىتىغا كەلگىنىدە، ھويلا ئىچىدە قارا رەڭلىك بىر پىكاپ توختىتىپ قويۇلغانىدى. دىرېكتور ئۆنى پەستە دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋاڭ لىمىن قولىدىكى نەرسىلەرنى زالغا ئەكىرىپ قويۇش ئۇچۇن زالنىڭ ئىشىـ كىنى ئەمدىلا ئىتتىرىپ تۇرۇشىغا، كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇنىڭ گېلىدىن بوغدى. دۇمبىسىگە پىچاقتەك بىرنەرسىنىڭ تىرەلـ گەنلىكىنى سەزگەن ۋاڭ لىمىننىڭ قولىدىكى نەرسىلەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى كىشى قارا رەڭلىك نىقاب تاقىۋالغان، ئىنتاـ

يىن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

— ۋارقىرىما، بولمىسا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن!

بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ۋاڭ لىمىننىڭ پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىغانىدى.

— دەرھال پۇل يىغىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى ياۋاشلىق بىلەن ئاچ، بىزگە پەقەت پۇل كېرەك، گېپىمىزگە كىرسەڭ ھايات قالىسەن.

ۋاڭ لىمىن ئاللىبۇرۇن ئىتتىرىلىپ، بۆلۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئامالسىز قالغان ۋاڭ لىمىن يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ، ئىشىكنى ۋە پۇل بار تارتمىنى ئاچقۇچە چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ھېلىقى نىقابلىق كىشى پۇلنى كۆرۈپ بايىقى سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىپ قويدىمۇ قانداق، سول قولىدىكى قارا خالتىغا بىرىنچى تارتمىدىكى پۇلنى سېلىپ بولۇپ، ئەمدىلا ئىككىنچى تارتمىنى ئېچىش ئارىلىقىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە پۇرسەتتە، ۋاڭ لىمىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن چاققانلىق بىلەن نىقابلىق كىشىنى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى - دە، ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتتى ۋە كۆچەپ ۋارقىرىدى:

— دىرېكتور، تېز بولۇڭ، بۇلاڭچى، بۇلاڭچى!...

ۋاڭ لىمىن ئەمدىلا زال ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە يەنە بىر نىقابلىق كىشى تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىندى. ۋاڭ لىمىن ئۇنى دىرېكتور دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، ھاسىراپ تۇرۇپ بايىقى سۆزىنى تەكرارلىدى:

— دىرېكتور، تېز بولۇڭ، بۆلاڭچى، بۆلاڭچى...

ۋاڭ لىمىن سۆزىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر پىچاق قورسىقىغا سانجىلدى.

— بولدى قىل، ئۆلتۈرۈپ قويمىغىن! ـ پۇل سېلىنغان خالتىنى كۆتۈرگىنىچە، بۆلمىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىۋاتقان بايىقى نىقابلىق بۆلاڭچى ئۇنى ئاگاھلاندۇردى، ـ بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلايلى.

ئۇلار ۋاڭ لىمىننى ئىتتىرىۋېتىپ، ھېلىقى قارا رەڭلىك پىكاپ- قا قاراپ يۈگۈردى...

ئىككى بوتۇلكا، پىۋىنى ئىچىۋەتكەن جىن ئاكا ھېساباتنى تۈ- گىتىپ، ماشىنىنىڭ ئامبارچىقىدىن ھېلىقى سەپەر سومكىسىنى ئېلىپ ماشىنىغا چىقتى ـ دە، رولنى ماي پونكىتى تەرەپكە قاراپ بۇ- رىدى. ئۇ بىر قولىدا رولنى باشقۇرغاچ يەنە بىر قولى بىلەن يان ئو- رۇندۇقتىكى سومكىنى ئېچىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان نىقاب بىلەن پىچاقنى بىر ـ بىرلەپ چىقىرىپ، سومكا ئۈستىگە قويۇپ ئە- چىدە پىچىرلىدى:

— قىممەتلىكلىرىم! سىلەرنى بۈگۈن ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم. چوقۇم ماڭا ياردەم قىلىشىڭلار كېرەك.

جىن ئاكا ماي پونكىتىغا يېتىپ كېلىپ، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بىراۋنىڭ ئالاقزەدىلىك بىلەن دەرۋازىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە شۇئان ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ئاشۇ كىشىگە توغرىلىدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ كىشى نىقابلىنىۋالغان، سول قولىدا يوغان بىر پىچاقنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. جىن ئاكا بەزى ئىشلارنى ئىدراك

قىلىپ بولغىچە، ئۇ كىشى قايرىلىپلا نېرىدا توختىتىپ قويۇلغان قارا رەڭلىك پىكاپ تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇ-چىنچى قەۋەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مەلۇم بىر كىشى ئۆمۈلەپ چىقتى ـ دە، جانسىز ۋارقىرىدى:

— بۇلاڭچىلارنى تۇتۇڭلار!

جىن ئاكا پەقەت شۇندىلا بۇ يەردە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ چاققان چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ماشىنىنى شىددەت بىلەن ھېلىقى ماشىنا تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىدى. بايىقى بۇلاڭچى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئەمدىلا ئىچىگە يۆتكىشىگە جىن ئاكىنىڭ ماشىنىسى شىددەت بىلەن كېلىپ ئۇرۇلدى. ھېلىقى خۇمپەر ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىغىنىچە، بىر ئامالLAR قىلىپ پۇتىنى ئاران تەستە يىغىۋالدى. جىن ئاكا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ماشىنىنى دەرھال ئارقىغا ياندۇرۇپ، دەرۋازىنى توسىۋېلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشىغا، بىر دانە قارا مىلتىق تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ مەيدىسىگە تىرەلدى. مىلتىقلىق بۇلاڭچى پۇتى ئەدەپ يېگەن بايىقى بۇلاڭچىدىن خېلىلا قامەتلىك ئىدى.

جىن ئاكا ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا پوپوزا قىلدى:

— ھۇ ئاناڭنى، شەھەرنى بىر قوللۇق سوراپ يۈرگەن جىن ئېر ئاكاڭغا مىلتىق تەڭلەشكە قانداق پېتىندىڭ؟

لېكىن جىن ئاكىنىڭ سۆزى ئەمدىلا تۈگىشىگە، بايىقى بۇلاڭچى مىلتىق تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. شۇئان جىن ئاكىنىڭ مەيدىسى يېرى-

لىپ، مېڭىسى ۋىڭىلداپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، ئارقىدىنلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى...

بۇ چاغدا يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەنىدى. ھېلىقى نومۇرسىز قارا رەڭلىك پىكاپ جىن ئاكىنىڭ قىزىل رەڭلىك پىكاپىنى يانداپ ئۆتۈپ، دەرۋازىدىن چىقتى ـ دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. تەخمىنەن ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ماي قاچىلاشقا كەلگەن چوڭ بىر يۈك ماشىنىسى ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرىگىنىچە پونكىت ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى. كاپىنكىدىن چۈشكەن ساقاللىق شوپۇر كۆز ئالدىدىكى ۋەقەنى بايقاپ، يانفوندا دېلونى دەرھال 110 غا مەلۇم قىلدى. ئاز ئۆتمەي ئون نەچچە ساقچى ماشىنىسى سىگنالىنى بولۇشىغا قويۇپ بەرگىنىچە يېتىپ كەلدى ۋە دەرھال جىن ئاكىنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. جىن ئاكا ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ پىچىرلىدى ۋە بېشى لاسسىدە بىر يانغا قىيسىيىپ قالدى.

ــ قا... قارا رەڭلىك پىكاپ، بۇلاڭچىلارنىڭ بىرىنىڭ پۇ... پۇتىنى ماشىنام بىلەن سوقۇۋەتتىم.

بۇ مەلۇماتنى ئاڭلىغان ئەترەت باشلىقى بۇلاڭچىلارنىڭ ئىككىدىن ئۈچكىچە ئىكەنلىكىنى، ئارىسىدىن بىرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى، دېلو سادىر قىلغانلار قارا پىكاپ بىلەن قاچقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئەترەت باشلىقى دەرھال يانفون ئارقىلىق دېلونىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى يۇقىرىغا قىسقىچە دوكلات قىلىپ بولۇپ، ساقچىلارنىڭ بەزىلىرىنى نەق مەيدان ئەھۋالىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىلەشكە، بەزىلىرىنى جىن ئاكا ۋە يارىلانغان ئايال خادىم بىلەن جېنى تومشۇقىغا

كېلىپ قالغان دىرېكتورنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇت-قۇزۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئارىلىقتىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ، شەھەردىكى ساقچى ۋە قوراللىق قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر جىددىي ھە-رىكەتكە كېلىپ، بارلىق يول ئېغىزلىرىنى دەرھال كونترول قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى...

تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ما ۋېنبونىڭ باش قىسمى قاتتىق يارىلانغان، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي جان تەسلىم قىلغانىدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا باشقىلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، تۆۋەندىكى سۆزنى پىچىرلىدى:

— ئەمدى خادىم قىسقارتىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى!

مەسئۇل ساقچىلار، دوختۇرلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا چۈ-شىنەلمىگەنىدى. باش شىركەتتىكى شۇ شۆجى يېتىپ كېلىپ، ساقچى ۋە دوختۇرلاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ سۆزنىڭ دېلو بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنىڭ سۆزى پونكىتنىڭ ئىچكى ئىشىغا قارىتىپ ئېيتىلغان، ـ دېدى ئاددىيلا چۈ-شەنچە بېرىپ.

ما ۋېنبونىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە قانغا بويالغان قەغەز ۋە بىر دانە كارتا بايقالغانىدى. قەغەزگە پەقەت خۇاڭ دالياڭنىڭ ئىسمىلا يې-زىلغان، ئاستىغا «ئۈچ ئاي رۇخسەتسىز خىزمەت قالدۇرغان، قىسقار-تىش شەرتىگە ئۇيغۇن... » دېگەن ئىزاھ قوشۇمچە قىلىنغانىدى. قە-غەزنىڭ سەل ئاستىغىراق باش قۇرغا «ئىككىنچى» دېگەن رەقەم يې-

ـزىلغان، ئارقىسىغا چوڭ بىر سوئال بەلگىسى قويۇپ قويۇلغانىدى.

ۋاڭ لىمىنىنىڭ ھاياتى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغان بولۇپ، «پۇلنى بۇلاڭچىلار بۇلىدى...» دېگەن سۆزنى توختىماي تەكرارلايتتى.

ساقچىلارنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنۇملۇك تەدبىر قول-لىنىشى بىلەن ئىككىنچى كۈنى سەھەردە شەھەر سىرتىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول ئېغىزىدىكى بېلەت يىغىش ئورنىدا، بۇلاڭچىلار ھېلىقى قارا رەڭلىك پىكاپ بىلەن قولغا چۈشتى. بۇلاڭچىلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق تېز قولغا چۈشۈپ قېلىشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، تاڭ ئاتقاندا تاغ ئارىسىدىكى يول ئارقىلىق باش-قىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغانىدى. ساقچىلار ئۇلارنى بىر دانە ئوۋ مىلتىقى، ئىككى دانە پىچاق ۋە 30 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن قولغا چۈشۈرگەنىدى. پولاتتەك پاكىت ئال-دىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككىلا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. لېكىن، ساقچىلارنىڭ قولىدا يەنە بىر دانە نىقاب ۋە بىر دانە پىچاق ئارتۇق ئىدى. ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ نىقاب ۋە پىچاقتا جىن ئاكىنىڭ بارماق ئىزى بار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنىڭدىن ساقچىلارمۇ ھەيران قالغانىدى. ئەجەبا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ بىرىنىڭ پۇتىنى يارىلاندۇرغان، شۇنداقلا ئۆلۈش ئالدىدا ساقچىلارنى ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن جىن ئاكىنىڭ ئۆزىمۇ بۇلاڭچىمىدۇ؟

نۇرغۇنلىغان تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن، ساقچى تەرەپ ئاخى-رى جىن ئاكا توغرىسىدا دېلو تۇرغۇزمىدى. چۈنكى ھېلىقى ئىككى

نەپەر بۆلاڭچىنىڭ ئىقرارىچە، قىزىل رەڭلىك پىكاپنىڭ شوپۇرى ماشىنىسى بىلەن ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەرۋازىنى توسۇۋېلىشقا ئورۇنلانغاندا، ئاندىن ئۇنى ئېتىۋەتكەنىدى. مۇشۇ پاكىتقا ئاساسەن، ساقچى تەرەپ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ما ۋېنبو ۋە ۋاڭ لىمىنلارنى تەقدىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىن ئاكىنىڭمۇ ئائىلىسىنى تەقدىرلەشنى قارار قىلىپ، نەپىقە پۇلىنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بەردى. ساقچى تەرەپ دېلو ھەققىدىكى مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۈچىنچى بىر بۆلاڭچىنىڭ قاتىللىق قوراللىرى ھەققىدە توختالماي، جىن ئاكىنىڭ پىداكارانە روھىنى ھەتتا ما ۋېنبو ۋە ۋاڭ لىمىنلارنىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ مەدھىيەلىدى...

ۋاڭ لىمىننىڭ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، شەھەرلىك نېفىت باش شىركىتىنىڭ ئامبىرىنى باشقۇرۇشقا يۆتكەپ كېتىلىپ، قەلبىگە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ماي پونكىتىدىن ئەنە شۇنداق شەرەپ بىلەن ئايرىلدى. باشقىلار ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى سورىغاندا، ئۇ ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمايتتى. پەقەت كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغىنىچە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى...

ما ۋېنبو بىلەن جىن ئاكىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق يېغىپ كەتتى. شۇ كۈنى نېفىت سىستېمىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن تولۇق كەلگەنىدى. ھەممىدىن تەسىرلىك يېرى شۇكى، شۇ كۈنى نۇرغۇنلىغان كىرا شوپۇرلىرىمۇ ئىش توختىتىپ، جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىنىڭ مۇراسىم زالىغا توپلانغانىدى. كۆپچىلىك قايغۇلۇق

ھېسسىياتى بىلەن سەبدىشىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شياۋجۇمۇ بار بولۇپ، بىر جۈپ چىرايلىق كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئازابلىق ياشلىرى يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە ئەلەم بىلەن ئۇنىسىز پىچىرلايتتى: «دىرېكتور، سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم. سىز مېنى ئەمرىكىمىزگە ئالماقچى ئىدىڭىزغۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى تاشلاپ، كېتىپ قالىسىز؟»
شياۋجۇ قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويدى. راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭ يۈرەك تىۋىشلىرى ماتەم مۇراسىمىنىڭ مۇڭى بىلەن ئۆرتىنىپ كەتكەنىدى...

ۋاڭ شيۇمېي

# كىرىسلو

(پوۋېست)

# 1

تېز يوللانمىلىق كۆك كونۋېرت ۋە چىمچىلاقچىلىك كېلىدىغان بارماق دىسكا لو جېنچېڭ ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس. ۋاھالەنكى، يوللانما ھالەتتىكى بىرىكمە كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلماقتا ئىدى. بۇ سىرنى چوقۇم يېشىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە، سەككىز يېرىمدا ئېچىلىدىغان قەرەللىك يىغىنغا يەنە يىگىرمە مىنۇت قالغان. يىغىندا نېمىلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش جەھەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنى بار. ئۇ بىر خىل قىزىقىش ئىلكىدە بارماق دىسكىنى كومپيۇتېر قىستۇرۇش تۆشۈكىگە ئاۋايلاپ قىستۇرۇپ ئېچىۋىدى، ھۆججەت پاپكىسىدا بىرلا كۆرۈنمە چاستوتىلىق ھۆججەت ساقلاقلىق تۇراتتى. دەرھال كونۇپكىنى بېسىۋىدى، قويۇلۇش كۆزنىكى كۆرۈنۈپ، ئازلا ئۆتمەي غەلىتىلا كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ ھالدىن لو جېنچېڭنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى ۋە ئازلا ئۆتمەي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كۆزنەكتىكىسى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك غەلىتە كۆرۈنۈشلەر ئىدى.

قەرەللىك يىغىن ئۆز ۋاقتىدا ئېچىلمىسا بولمايتتى. لو جېنچېڭ كومپيۇتېرنى دەرھال ئۆچۈرۈۋەتتى ـ دە، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. قول ئاستىدىكىلەر ئۆز رەھبىرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئالاھىدە چوڭ ئىشلار يۈز بەرمىگەن

ئەھۋال ئاستىدا، بىنورمال ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالسا ئەلۋەتتە بولمايدۇ!

يىغىندىن كېيىن لو جېنچېڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ، كۆك كونۋېرت ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، نىيىتىدىن يېنىپ قالدى. چۈنكى كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر ھەرگىزمۇ پوچتىدىن يوللانغاندەك ئەمەس، پەقەت كونۋېرت ئۈستىگە «لو باش دىرېكتورغا تېگىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دىجورنىلىك قىلىۋاتقان لاۋۋاڭنى چاقىرتىپ يوللانمىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈردى. بىراق لاۋۋاڭ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دەپ بېرەلمىدى، پەقەت بۈگۈن ئەتىگەن بۇ يوللانمىنى ئىسمىنا ئالماشقاندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۈگۈنكى گېزىتلەرگە قوشۇپ ئىشخانىغا ئەكىرىپ قويغانلىقىنىلا ئەسلىيەلىدى. لو جېنچېڭ باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق قارامىلىق قىلىشىغا يول قويمايتتى.

لو جېنچېڭ ئىشخانىسىدا سائەت ئون يېرىملارغىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن سومكىسى بىلەن ھېلىقى نەرسىلەرنى ئالدى ـ دە، شوپۇرنىمۇ چاقىرماي، ماشىنىنى مەنزىل تامان ھەيدەپ كەتتى. ئۇنىڭ مەنزىلى ۋېنتاۋ تاغلىق كەنتى A رايون 8 ـ 20 ئۆي بولۇپ، چاستوتىدىكى كۆرۈنۈشلەرمۇ شۇ يەردىن ئېلىنغانىدى. ئۇ خاتىرە كومپيۇتېرىنىمۇ ئىشلىتۋالغاچقا، ئاخىرى ھېلىقى فىلىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، كۆرۈنۈشلەر يامان ئەمەس ئېلىنغان، پەقەت شياۋجيەن ئىككىسىنىڭ ئىپادىسىنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. لو جېنچېڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدى ۋە ئاخىرىدا خۇلاسى-

لىگەن نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئىككىلىسىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ھېچ-قانداق تەييارلىقى بولمىغان گەپ، بولمىسا... ناۋادا ئۇلار سۇرەتكە ئې-لىنىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى، چوقۇم ئەھۋال باشقىچە بولغان بولاتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ شياۋجيەن ئىككىسىنىڭ ھېسسىيات جەھەت-تە ھېچقانداق كەمتۈكلىكى يوق بولمىسا.

لو جېنچېڭ ئالدى بىلەن ھۆجرىنى تەپسىلىي بىر قېتىم تىنتىپ چىقتى. لېكىن ھېلىقى نەس باسقۇر سىنئالغۇ ئاپپاراتى خۇددى ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەك نەگىلا قارىغان بىلەن يوق بولۇپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ لو جېنچېڭ ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەي پەرەز قىلاتتى، چۈنكى ھازىر يىڭنە تۆشۈكچىلىك كېلىدىغان سىنئالغۇ ئاپپاراتى ھەرقانداق بازاردىن تېپىلىدۇ. ئۇ شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. چۈشمۇ بولۇپ قالغاچقا ئۇ سىرتتىن ئازراق يېمەكلىك سېتىۋېلىپ قورسىقىنى ئەستەرلەپ، ئاز - تولا ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن خېلىلا روھلىنىپ قالدى ۋە شياۋج-يەنگە تېلېفون ئۇردى.

— سىز ھازىر نەدە؟ - سورىدى شياۋجيەن.

— كېلىپ كېتىڭ!

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋېنتاۋ تاغلىق كەنتىدە ئۇچرىشايلى، دېگەنلىك ئىدى، بۇ سۆز شياۋجيەن ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك ئاڭلى-ناتتى. ئارىلىقتىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا شياۋجيەن يېتىپ كەلدى ۋە گەپ سۆزمۇ قىلماي، كارىۋاتتا بەھۇزۇر سوزۇلۇپ ياتقان لو جېنچېڭ-نىڭ يېنىغىلا ياتىۋالدى. شۇ تاپتا لو جېنچېڭ قانداقتۇر بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى تۈ-

رولۇپ كەتكەندى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ - شياۋجيەن ئەتەي سورىدى.

لو جېنچېڭ ئۆرۈلۈپلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. شياۋجيەن ئۇنى ئەمدى ئاتاكىغا ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ كۆزىنى ئىختىيارسىز يۇمدى.

— شياۋجيەن، بۇ ھۇجرىدا ناتونۇش بىر كۆز بىزنى كۆزىتىۋاتىدۇ، دېسەم ئىشىنەمسىز؟

شياۋجيەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى - دە، تۆت ئەتىراپىغا تەپسىلىي بىر قۇر نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن نازلىق پىچىرلىدى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز؟ ھۇجرىدا پەقەت ئىككىمىزلا تۇرىمىز.

لو جېنچېڭ ئۈدۈلغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ دېدى:

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە.

ئۈدۈلدىكى ئەپچىلگىنە ئىشكاپ ئۈستىگە تېلېۋىزور، ئىككى تەرىپىگە بىر دەستىدىن گۈل قويۇلغان، ئارقىدىكى تامغا رەسىم ئېسىلغانىدى.

— قېنى، قېنى؟ - گاڭگىراپ قالغان شياۋجيەن ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سورىدى.

لو جېنچېڭ كارىۋات بېشىدىكى خاتىرە كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ھېلىقى كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنىڭغا قويۇپ بەردى. شياۋجيەن ئالەمچە ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

— كىمنىڭ قىلىقى بۇ؟

— ئاشۇ بىر جۈپ كۆز بولمامدۇ!

شياۋجيەن دەرھال ئۇدۇلغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن شۇئان ئېسىنى تاپقاندەك:

— ھەرھالدا كىيىملىرىمنى سېلىپ يۇرمەيتىمەن، - دەپ پىچىرلىغاندەك قىلدى ۋە مېھمانخانا ئۆيگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىدىنلا ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

لو جېنچېڭ ئۇنىڭ قېشىغا چىققاچ قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھېلىقىدەك كۆزنى مېھمانخانىدا يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ دەيسىز؟

— نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق. بىز بۇ يەردىن تېز كېتەيلى، - شياۋجيەننىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتكەنىدى.

لو جېنچېڭ شياۋجيەن بىلەن سىرتقا چىقىپ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ باقماقچى ئىدى. چۈنكى ئۆيدە زادى قانچە يوشۇرۇن كۆزنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىھەم بىر سىر ئىدى. ئۇلار ماشىنىغا چىقتى.

— شياۋجيەن، ئەھۋال مانا شۇنداق. بىز بىراۋنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان ئوخشايمىز. مېنىڭ پەرىزىمچە، قارشى تەرەپ سىزنى ئەمەس، ئەكسىچە مېنى قارىغا ئالغان. قارشى تەرەپنىڭ مېنى نىشانغا ئېلىشىدا ئەتراپلىق پىلانى بار بولۇشى مۇمكىن. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان تەرىپى شۇكى، قارشى تەرەپ ھەرىكىتىنى ئالللىبۇرۇن باشلىغان. ئالدى بىلەن ئۇ بارماق دېسكا ئارقىلىق مېنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانلىقىدا قىلچىمۇ شەك يوق.

— قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ - شياۋجيەن ئەندىكىپ سورىدى.

لو جېنچېڭ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گەپنى ئۇزۇۋەتتى.

— بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسا!

— ياق، ياق، ھەرگىز بولمايدۇ! - شياۋجيەن ئازاب بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

لو جېنچېڭ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شياۋجيەن، مەن ئۇ ئۆينى سىزگە بېرەي، كۆڭلۈم بولۇپ قالسۇن.

— ماڭا كېرەك ئەمەس، ماڭا كېرىكى دەل ئۆزىڭىز!

لو جېنچېڭ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

— مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تېخىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا قېلىشىمىز مۇمكىن.

— قارشى تەرەپ پاكىتىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ بوپتۇ، ھازىر ئايرىلىپ كەتسەك ئورنىغا كېلەمدۇ؟

— كاجلىق قىلماڭ، مېنىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشىشىم ئاسانغا توختىغانمۇ؟ قانچىلىغان ئادەم مېنى تېزراق موللاق ئاتسىكەن دەپ ئۈمىد قىلمايدۇ؟ ئەجەبا، سىزمۇ شۇ خىيالدىمۇ؟ - سورىدى لو جېنچېڭ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا.

شياۋجيەن ئۈندىمىدى. بىر پەستىن كېيىن تۈيۈقسىزلا سورىدى:

— سىز ھېلىقى گاندوننىڭ ئىشى بىلەن ماڭا قىيداۋاتىسىز، مەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

لو جېنچېڭ ماشىنىنى بىر چەتكە توختاتتى، يېقىنلا يەردە ئاپتو-

بۇس بېكىتى بار ئىدى.

— مەن ئالدىدىراق مېڭىپ تۇراي، سىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ، ئۇ ئۆي بەش يۈز مىڭ يۈەنگە چوقۇم يارايدۇ. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى سىزنىڭ نامىڭىزغا يۆتكەپ بېرىمەن. سىز ماڭا ئىككى يىل ئەگەشتىڭىز، زىيان تارتمىغان بولۇڭ، ھەر نېمە بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ئايرىلايلى.

## 2

لو جېنچېڭدىكى شياۋجيەننى تاشلىۋېتىش ئويى خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەنىدى. ئۈچ يىل قىزغىن ئارىلاشقانىكەن، ئۆز ۋاقتىدا سوغۇق قانلىق بىلەن ئاقىۋەتنىمۇ ئويلىشىپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە! سوغۇق قانلىقنىڭ ئۆزى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئامال. ئۇنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىدىكى ھەممىدىن مۇھىم سەۋەب، شياۋجيەننىڭ گاندوننى ئۈچ قېتىم تېشىپ قويغانلىقى ئىدى.

پەقەت شياۋجيەنلا ئەمەس دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نازىنىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئارىلىشىشنىڭ چوقۇم ئاخىرقى چېكى بولۇشى كېرەك. خوتۇن دېگەن خوتۇن، ئاشنا دېگەن ھامان ئاشنا، بۇنىڭ ئەلۋەتتە پەرقى بولۇش كېرەك! بۇ لو جېنچېڭنىڭ ئۆزىنى داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مەنتىقىسى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ئەنە شۇنداق ئېھتىياتچان؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇ دېگەن ئەمەلدارلار سەھنىسىدە كىچىك بولسىمۇ بەربىر رەھبەر! گەرچە ئۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇل-

لانسىمۇ، بىراق ئۇ باشقۇرۇۋاتقان شىركەت ئومۇمەنلىك. دېمەك، لو جېنچېڭنىڭ سالاھىتى بىرىنچىدىن، كەسپىي ئورۇننىڭ كىچىك بول-سىمۇ ئەمەلدارى. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەنە شۇ كەسپىي ئورۇننىڭ قار-مىقىدىكى شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى. بۇ خىل سالاھىيەتنى ھەرقا-چان ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى، لو جېنچېڭ ئىدارىسى ئۈچۈن تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىپ، ئومۇم ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىدۇ، ئاندىن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇشنى ئويلىشىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇ تىجارەتنى قىلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس! ئارلىشىدىغان قارا كۆز جاناب-لار قانچە كۆپ بولىدىكەن، كۆزى قىزىرىدىغانلارمۇ ئەلۋەتتە كۆپ بو-لىدۇ. ئەقىل بىلەن ئىش كۆرمىگەندە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلى-رىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇش ئابايقىلا گەپ!

ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەسىلە كۆرۈلسە ئاقىۋىتى تولىمۇ قور-قۇنچلۇق! ئىستىل جەھەتتىكى مەسىلە تېخىمۇ چاتاق! ئوزاقى يىل ئۆلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئىستىل جەھەتتىن چىرىكلىشىپ، نەتىجىدە 12 قەۋەتلىك بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئېزىز جېنىدىن ئايرىلدى. بېلىق گۆشى قىلتىرىقلىق كېلىدۇ، لېكىن كىش-شىلەر شۇ سەۋەبتىنلا ئۇنى يېيىشتىن ۋاز كەچكەن ئەمەس! ئەر - ئا-ياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى مۇناسىۋەتمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ لو جېنچېڭ بۇ ھەقتە ئۈچ جەھەتتىن تەجرىبە يەكۈنلىگەن. بىرىنچىدىن، ئىستراتېگىيەگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، چەك قويۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئۈچىنچى تەجرىبە ھەممىدىن مۇھىم.

لو جېنچېڭنىڭ ھېس قىلىشىچە، ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم مۇۋاپىق چەك بولۇش لازىم. ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ نۇقتىنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشتا ئاساس بولۇش كېرەك، چەك قويۇشتىمۇ ھەم شۇنداق. ئاساس ياخشى بولمايدىكەن، چەك قويۇش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! بۇ جەھەتتە شياۋجيەن ئەڭ ياخشى ئاساس! لو جېنچېڭ ئۇنىڭ بىلەن يېڭى تونۇشقان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان كۆكەملەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ قىياسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئاياللارغا نىسبەتەن، لو جېنچېڭ ئۆز كۆزىگە، تۇيغۇسىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنەتتى ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىپمۇ قوياتتى. شياۋجيەن بىلەن تونۇشۇشتىمۇ ئۇ خاتالاشقان ئەمەس. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ شياۋجيەننى ھە دېگەندىلا ئىزدەپ، چاقىرىپ يۈرمىدى. شياۋجيەننىڭ ئائىلىسى ۋە يولدىشى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئېغىز ئاچاتتى. سۆز ئورانىمۇ ئۆزگىچە، ھەتتا كىشىگە خۇددى چوڭلار كىچىكلەرگە كۆيۈنۈپ، رەھبەرلەر قول ئاستىدىكىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ، دوستلار دوستلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەكسىچە، شياۋجيەننىڭ لو جېنچېڭغا بەرگەن تەسىرىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۆزىنىڭ كۆندىشىگە كۆندەشلىك قىلىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلغا ئالاتتى. بىر ئايال ئۇچۇن بۇنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. لو جېنچېڭ-

نىڭ شياۋجيەننى يارىتىپ قىلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنىڭدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئازلا ئۆتمەي بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قې-
لىشتى. شياۋجيەن ئەزەلدىن لو جېنچېڭدىن ماددىي نەرسە تەلەپ قىلىپ باقمىدى. ھەتتا لو جېنچېڭنىڭ سوۋغىلىرىنىمۇ ئامالسىز-
لىق ئىلىكىدە قوبۇل قىلاتتى، ھەتتا پۇرسىتى كەلگەندە لايىقىدا قايتۇ-
رۇش غېمى بىلەن يۈرۈيتتى. ئۇلار يېڭى تونۇشقاندا، لو جېنچېڭ شياۋج-
يەننىڭ كونا بىر يانفوننى ئىشلىتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېڭى بىرنى سوۋغا قىلىش ئۈچۈن دەرھال تاكتىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەقسەتلىك ھالدا باغلاشتى. ناۋادا شياۋجيەن ئۇتتۇرۇپ قويسا، شەرتى ئۇنىڭغا يانفون ئېلىپ بېرىش ئىدى. باغلىشىشنىڭ ۋا-
ستىسى شياۋجيەنلەر تۇرۇشلۇق قورۇ ئالدىدىكى تۆمۈريول تونېلىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، لوجېنچېڭنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۇ تونېل بۇنىڭ-
دىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنلا بار ئىدى. شياۋجيەن بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈ-
مىگە زادىلا چىن پۈتمىدى. چۈنكى ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ قورۇ-
لۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا يېڭىدىن بىر تونېل قازغانلىقىنى شۇنداقلا تۆمۈريول لىنىيەسى ئاستىغا تۆشۈك كولاپ، ئۇنى تونېل بىلەن تۇتاشتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كۆچۈپ كەلگەنلى-
كىگە ئالتە يىل بولۇپ قالغانىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۇ ئىلگىرى ئۇ يەردە كونا تونېلنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بايقىماي قالاتتىمۇ؟ پاكىت توپلاش ئۈچۈن شياۋجيەن خېلى كۆپ پېشقەدەملەردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋېدى، نەتىجىدە ئىلگىرى ئۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر كونا تونېلنىڭ بار ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. دېمەك، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئەسلىدە-

كى تونۇلنى كېڭەيتىپ، تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ ياسىغان بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ باغلىنىشتا شياۋجيەن ئۇتتۇرۇپ قويدى. لو جىنچېڭ ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە شياۋجيەنگە يېڭى بىر يانفون سوۋغا قىلغان بولدى. شياۋجيەن نائىلاج قوبۇل قىلدى. كېيىنچە لو جىنچېڭ شياۋجيەننى ئەستايىدىل كۆزىتىش ئارقىلىق، گەرچە ئۇنىڭدا ماددىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىنتىلىش يوق دەپ كې-تەلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن ھېچقانداق تەلەپ كۈتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، لو جىنچېڭ قانداقلا بولمىسۇن ئىسمى - جىس-مىغا لايىق ئەر. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىجارەت قايىنىمىدا غۇلاچ تاشلاپ كې-تىۋاتقان دىرېكتور. موللا مۇشۇكتەك شۇمشىيىپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ سالاھىتىگىمۇ يات. شۇڭا ئۇ بەزى چاغلاردا شياۋجيەنگە گەرچە ئانچە قىممەت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، خىرۇستال بۇلاپكا، قاشتاش بۇيۇم ۋەياكى بىرەر جۇپ ئەدىيال دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. شياۋجيەن بۇنداق چاغلاردا ئانچە بەك تارتىنىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىرەر جۇپ پايپاق، خورۇم بەلباغ دېگەن-دەك نەرسىلەر بىلەن رەھمىتىنى ئىپادىلەيتتى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، شياۋجيەننى ماختاشقا ئەرزىيتتى. چۈنكى ئۇ ماددىي جەھەتتىن لوجىنچېڭغا ھېچقانداق تەلەپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە ئىمتىياز ئاتا قىلىپ، ئۆزى-نىڭ ھەقىقىي تۇردىكى كەڭ قورساق، ئوچۇق - يورۇق ئايال ئىكەنلى-كىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلەپ كېلىۋاتاتتى. دېمەك، شياۋجيەن سائىتىگە بىر تېلېفون ئۇرۇپ، مىنۇتىغا ئۇچۇر يوللاپ يۇرۇيدىغان ھېلىقىنداق غىلجىڭ ئاياللارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، لو

جىنچېڭنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى. لو جىنچېڭ بىر قېتىم ئۇنى سىناش ئۈچۈن نەق يېرىم ئاي تېلېفونمۇ ئۇرۇپ قويمىغۇدى، شىياۋجىيەن ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، تېلېفون ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يامان چۈش كۆرۈپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئەھۋال سوراپ تېلېفون ئۇر-غانلىقىنى دەپ گەپنى ئەگىتتى. ئەمەلىيەتتە، لو جىنچېڭنىڭ ئائى-لىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىياۋجىيەن ھېچقانداق خەتەرلىك شەخس ئەمەس ئىدى.

بىركۈنى شىياۋجىيەن نېمە ئۈچۈندۇر لو جىنچېڭنىڭ بۇرنىنى تۇرتۇپ، كۆزىگە نازلىق تىكىلگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن بالىلىق بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ئېشىنەمسىز؟ ئەگەر ئىككىمىزنىڭ ئۆز بالىسى بولسا، ئۇ چوقۇم ئەقىللىك بالا بولىدۇ.

راستىنى دېگەندە، بۇ خىل تۇيۇقسىزلىق لو جىنچېڭنى ئوبدانلا سەگىتىپ قويغانىدى. شىياۋجىيەن تېخى ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن چو-كانچاق ئىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر تېخىچە بالىلىق بولالمىغانى-دى. شىياۋجىيەن بۇ سۆزنى تۇنجى قىلغاندا، لو جىنچېڭ ئۇنىڭ سۆزى-نى ئايال كىشىنىڭ پەرزەنتكە بولغان تۇغما ئامراقلىقىدىن دەپ چۈ-شەنگەنىدى. شىياۋجىيەن كېيىنچە بۇ سۆزنى يەنە ئىككى قېتىم تەكرار-لىغاندىن كېيىنلا، لو جىنچېڭ ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. سۆز ئۇرامىمۇ كەسكىن ئىدى.

— بىزنىڭ ئارلىشىشىمىزنىڭمۇ چېكى بار.

شىياۋجىيەن ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا پىچىرلىدى:

— مەن پەقەت شۇنداقلا دەپ قويدۇم، خالاس!

بىراق بىر قېتىم ئۇلار ئىشنى تۇگەتكەندىن كېيىن لو جېنچېڭ يۇيۇنۇشقا تەييارلىنىۋېتىپ، گاندونىنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. دېمەك، بۇ تۆشۈكنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تېشىلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال شياۋجيەندىن سورىغانىدى، ئامالسىز قالغان بىچارە شياۋجيەن ئاخىرى ئىقرار قىلدى.

— مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزدىن بالىلىق بولغۇم بار ئىدى. مەسئۇلىيەتنى ھەرگىز مۇ سىزگە ئارتىپ قويمايمەن.

— بۇ ئىشنى قانچە قېتىم قىلدىڭىز؟ ـ لو جېنچېڭ ئاچچىقلانغان ھالدا سورىدى.

— ئۈچ قېتىم.

لو جېنچېڭ ئىچىدە ئويلىنىپ قالدى: بۇ خوتۇننى دەرھال يولغا سېلىۋېتىش كېرەك. بۇ قېتىم دەل ۋاقتىدا بايقاپ قالغىنىم بەك ياخشى بولدى. دىققەت قىلمىسام ئۆزۈمگە باش ئاغرىق تېپىۋالىدىغان ئوخشايمەن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى لو جېنچېڭ تەرسالىق بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ھەققىدە خېلى سۆزلىدى، شياۋجيەن بولسا خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك:

— ئىككىنچى ئۇنداق خىيالدا بولمايمەن، ناۋادا سىزنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىنىپ كېتىشىڭىزنى بىلگەن بولسام ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان بولاتتىم، ـ دېدى يىغلامسىراپ.

لو جېنچېڭ دەككە ـ دۈككىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شياۋجيەندىن تېلېفون ئارقىلىق بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ يېنىك تىندى. دېمەك، خەتەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە شياۋجيەن لو جېنچېڭغا تېلېفون ئۇرۇشقا پېتىنالماي ئەڭ سىپايە يازمىلار بىلەن قىسقا ئۇچۇر يوللاپ يۈردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى ئارمان ئۇچۇن بارلىق ئاھانەتلەرگە چىداۋاتقان دەرتمەنگە ئوخشاپ قالغانىدى. مەقسەت پەقەت بىرلا، يەنى لو جېنچېڭنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قېلىش، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن لو جېنچېڭ ئۇنى تەخمىنەن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىزدىمەي تاشلىۋەتتى ـ يۇ، تاقىقا ـ تۇققا مەزمۇندا بولسىمۇ قىسقا ئۇچۇر يوللاپ قوياتتى. شياۋجيەن بۇنىڭدىن ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىگە تەسەللى تېپىپ يۈردى.

راست گەپنى قىلغاندا، لو جېنچېڭ بەزىدە ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىدىن تەسىرلىنىپمۇ قالاتتى ـ يۇ، يەنە بەزىبىر غەيرىي ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالاتتى. دېمەك، شياۋجيەن بىلەن ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى بالدۇرراق بىر تەرەپ قىلىۋېتىش مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىنى تازا قاتتۇرۇۋاتقان مەسىلە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، سىرلىق بارماق دېسكا ئۇنىڭغا خەۋپلا ئەمەس يەنە ئۆزگىچە پۇرسەتمۇ ئاتا قىلغانىدى، يەنى لو جېنچېڭ سۇنى لاي قىلىپ بېلىق تۇتقاندەك، مۇشۇ بارماق دېسكا ئارقىلىق شياۋجيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە خاتىمە بېرىش خىيالىغا كەلگەنىدى.

# 3

تېز يوللانما ئارقىلىق كەلگەن بارماق دېسكا ئەلۋەتتە بىر سىگنال بولۇپلا قالماي، كاللىسى ئەڭ ئاددىي كىشىمۇ بۇنىڭ ئارقى-سىدا قانداقتۇر بىر سىرنىڭ، يەنى قاقتى - سوقتى قىلىشتەك سۇيى-قەستنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. لو جېنچېڭدىكى بۇ ئەقىل ئاللىبۇرۇن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ ئاللىبۇرۇن خۇسۇسىي رازۋېدچىك تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئەقىللىك چاغلاۋاتقان ناتونۇش دانىشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاللىبۇرۇن تەييارلى-نىپ بولغانىدى.

ئادەتتىكى نورمال تەسەۋۋۇرغا ئاساسلانغاندىمۇ، لو جېنچېڭ ئۆ-زىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىنىش ئېھتىمالىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى سېزىپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئانچە قورقۇنچلۇق ئىش دەپ قاراپمۇ كەتمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، قاقتى - سوقتى قىلىنىشقا ئۇچرىغان بىچا-رىلەر ئەخمەقلىقىدىن قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ قاراملىق قىلىپ قويۇ-شىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ئەكسىچە، لو جېنچېڭ ئۇنداقلارغا تاقا-بىل تۇرالمايدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. جەمئىيەتتە ئەقىللىك كىشىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇنداق سولتەكلەر نەگىمۇ قېچىپ بارالى-سۇن؟ ئەقىللىك كىشىگە ئۇلارنىڭ ھېيلىسى قانداقمۇ كار قىلسۇن؟

لو جېنچېڭ ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى خومپەرنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق ھەرىكىتىنى سال-ماقلىق بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئائىلىسى، توغرى-

-راق قىلىپ ئېيتقاندا، ئايالى مى خوڭدىن ئېھتىيات قىلىشنى ھەر-گىزمۇ ئەستىن چىقارمىغاندى.

ئۇنىڭ ئايالى مى خوڭنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن سۈپەتلەش توغرا كەلسە، ئۇنى غالىب ئايال دەپ تەسۋىرلىسە ئارتۇق كەتمەيتتى. ناۋادا ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن تەسۋىرلەش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئۇنى كەسپتە غەلىبە قازانغان، ئائىلىسىدە پەزىلەتلىك ۋە ۋاپادار ئايال دەپ سۈپەتلىسە ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. مەيلى ھۆسن ـ جامالى ۋەياكى ئەخلاقى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ئەنە شۇنداق يېتىشكەن ئايال بولغاچ-قا، قورۇدىكىلەر، مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۇنى قەۋە-تلا ھۆرمەتلەيتتى. شۇنداق، مى خوڭ بولسا ئالىي مەكتەپنىڭ پىرو-فېسسورى، بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنىڭ تىپىدىن. يەنى مەكتەپنىڭ كوزىرى دېيىشكە بولاتتى. شۇنداق بولغاچ-قا قورۇدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىللىق تە-بەسسۇم بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۆيگە سولىنىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن بېشىنى زادىلا كۆتۈرەلمەيدىغان ئائىلە ئاياللىرى ئۇنىڭ بىلەن بىردەم يېرىم دەم بولسىمۇ مۇڭدىشىۋېلىشقا ھېرىس-مەن. يىغىنچاقلىغاندا، مى خوڭ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ ئاچچىقلانمايدىغان، ئەزەلدىن خاتالاشمايدىغان نۇرانە سىماغا ئىگە، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق لاتاپەتلىك ئايال. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئايال ئائىلىسىدە ئەزەلدىن ئېرى بىلەن سەن ـ پەن دەپ ئازارلىشىپ باققان ئەمەس. سەۋەبسىز كۆزىگە كىرۋېلىپ، يوشۇرۇنچە يانچۇق ئاخ-تۇرۇپ، يانفون تەكشۈرىدىغان ئاياللارغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. لۇ جېن-چېڭنىڭ قارىشىچىمۇ، مى خوڭ ئەزەلدىن ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئالاھ-

ده ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، كۆيۈمچان، پەزىلەتلىك ئايال! شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ شىاۋجيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە چەك قويۇشى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مى خۇڭنىڭ ئەنە شۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بولغانىدى. بۇنداق ۋاپادار ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە سەۋەبسىز ئازار بېرىش ھەرگىزمۇ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان قىلىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە!

لو جېنچېڭ ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى قانائەت ھاسىل قىلغان بولدى. چۈنكى، ئائىلىسىدىكى قىزىل تۇغ ھېلىھەم لەپىلدەپ، سىرتتىكى رەڭدار بايراقلارمۇ يەلپۈنۈپ، جەۋلان قىلماقتا، شىركەتنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق، چۈنتىكىگە چۈشىۋاتقان پۇللارمۇ ئاز ئەمەس! شۇڭا، شىاۋجيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېزراق بىر تەرەپ قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ باش ئاغرىقنى ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە زادى بولمايدۇ. بىراق، سودىگەر دېگەن ئۆز نۆۋىتىدە بەزى ئىشلارغا نىسبەتەن يەنىلا سىرلىق كۆز قاراشلارغا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، ئۈچ يىللىق ئەمىلىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ شىركەتنىڭ يۈكىنى زېمىمىسىگە ئېلىپ، شىاۋجيەن بىلەن تونۇشقىلىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. ئەمدى مانا بارماق دېسكا ۋەقەسى پەيدا بولدى، دېمەك بۇ ئۇنىڭ قارىشىچە، ياخشى كۈنلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك ئىدى. شۇنداق، بۇ ئۈچ يىلنى مەيلى قايسى جەھەتتىن تەھلىل قىلمىسۇن، ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن ئۈچ يىل دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى. ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق بولسا، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگەن گەپ بار! بۇ دۇنيادا نەدىمۇ ئازراق ئەجىر بىلەن مەڭگۈلۈك ھالاۋەتكە ئېرىشىش مۇمكىن بولغان

دەيسىز؟

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە، سۆ كەلگۈچە تۆغان سېلىش كېرەك! لو جېنچېڭ ئەزەلدىن ئەقىل بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەم. پەقەت ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشمىسىلا، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان يەنە قانداق ئىش بار دەيسىز؟ ئەمدىلىكتە ئايالى بىلەن ئاشنىسى ۋە ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ باسقۇچقا كەلدى. بۇ جەھەتتە ئىككى ئايالنىڭ ساپاسى، مىجەز - خۇلقى ئەمەس، لو جېنچېڭنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى ھەممىدىن مۇھىم. دۆت، كالۋا كىشى بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ بىر تەرەپ قىلالىسۇن؟ ئەقىل بىلەن ئىش كۆرمىگەندە، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئاقىۋەتكە قېلىش تۇرغانلا گەپ!

لو جېنچېڭنىڭ پەرىزىچە، ئۆينىڭ مۇھىتى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئىللىق، مى خۇڭ ئاۋالقىدەكلا ئۆيدە ۋە مەكتەپتە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ئوغلى بولسا نوقتىلىق مەكتەپنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى بىلىدىغان ئەقىللىك بالا. مەكتەپ تۇزۇمى قاتتىق بولغاچقا ئۆيگىمۇ ناھايىتى ئاز كېلىدۇ.

مى خۇڭنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قانداقتۇر غەيرىي بىر نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالمىغانلىقى ئېنىق. لو جېنچېڭمۇ مى خۇڭغا، شۇنداقلا ئىشىك ئالدىدىكى پوچتا ساندۇقىغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى. پەقەت كۈندە ۋە ھەپتىدە كېلىدىغان بىرنەچچە پارچە گېزىت - ژۇرنالدىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي نەرسىنىڭ بايقالغىنى تېخىچە

يوق، ھەتتا پوچتىكەشنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى سايرىتىپ ئۇلارنى ئىمزا قويدۇرۇشقا چاقىرغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن بىرەر گۇمانلىق نەرسىنىڭ كىرگۈزۈۋېتىلگەنلىكىنىمۇ تېخى ھېچكىم بايقىمىدى. ئۇندىن باشقا لو جېنچېڭ ئۇستاتلىق قىلىپ كۇندە بىر قېتىم تورغا چىقىپ خەت ساندۇقى، چ چ بوشلۇقىنى كۆزدىتىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ نەۋاق. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرى ھازىرچە ئاساسەن مۇشۇنچىلىك، يەنى بىۋاستە يەتكۈزۈپ بېرىش، پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈش، تور ۋە يانفون ئارقىلىق يەتكۈزۈش قاتارلىقلار. قاقتى ـ سوقتى قىلغۇچىلار قانداقلا بولمىسۇن مۇشۇ ئۇسۇللارنىڭ بىرىدىن پايدىلىنىشى چوقۇم!

# 4

مەلۇم بىر كۈنى لو جېنچېڭنىڭ يانفونى ئۆزگىچە تىترەپ، قىسقا ئۇچۇر كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئۇچۇر مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ناھايىتى ئاددىي ئىدى: « 300 مىڭ يۈەننى ئۈچ كۈندىن كېيىن كەچ سائەت 8 دە، شىپاۋتەي تېغىدىكى ئابىدە يېنىغا يالغۇز ئېلىپ بار!»

بەلگىلەنگەن ۋاقىت، ئورۇن ۋە شەكىل ئېنىق كۆرسىتىلگەندى. ئەلۋەتتە، ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەكتە! لو جېنچېڭمۇ دەرھال ئۇچۇر قايتۇردى: «مەن سېنىڭ چىشىڭغا قايسى چاغدا؟ قانداق قىلىپ تېگىپ قويغان؟»

قارشى تەرەپتىن قايتا ئۇچۇر كەلمىدى. لو جېنچېڭمۇ ئىز

قوغلاپ سوروشتۇرۇپ يۈرمىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇچۇر مەزمۇنىدىن ئەنە شۇنداق ۋەھىمە ۋە پوپوزا ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ بىر ئويۇن بىلەن باراۋەر. ئويۇن بولغانىكەن، ئەلۋەتتە قائىدىسى بولىدۇ. قارشى تەرەپ جاۋاب قايتۇرمىغانىكەن، ئۇنىڭ سوروشتۇرۇپ يۈرۈشىنىڭمۇ ئورنى يوق. بولمىسا كۆڭلىدىكى بىسەرەمجانلىقنى ئاشكارىلاپ قويغان بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سوكۇت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ سالماق ۋە پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بىراق 300 مىڭ يۈەننى ئۇنچىلىك كىچىك سان دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە شىركەت قانداقلا بولمىسۇن لو جېنچېڭنىڭ شەخسىي شىركىتى ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ! مالىيە ئىشلىرىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاز ـ تولا ئىمكانىيەتنىمۇ يوق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىراق قىيىنچىلىقمۇ ئاز ئەمەس!

لو جېنچېڭ ئاخىرى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا كۆپرەك پۇلنى ئۆز يېنىدىن غەملەپ ئۇنى بىر كىچىك قارا چامادانغا سالدى. لېكىن ئاز ـ تولا ئىككىلىنىپمۇ قالدى، چۈنكى قارشى تەرەپ نېمە ئۈچۈن بانكا چېكى تەلەپ قىلماي، پەقەت ئۇنى خۇددى قارا گۇرۇھنىڭ كاتتىبېشىدەك چامادان كۆتۈرۈپ كېلىشكە زورلايدۇ؟ لو جېنچېڭ پۇلنى تەييارلاپ ئۆزى ياللىغان خۇسۇسىي رازۋېدچىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ھەققىدە بىردەكلىككە كەلدى.

بىرىنچى، قاتتى ـ سوقتى قىلغۇچىنى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە جەلپ قىلىش. شۇنداق قىلغاندا، لو جېنچېڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاسا-

سەن مۆكۈنۈپ ياتقان رازۋېدچىكقا مەخپىي سىگنال بېرىپ، شەخسىي
رازۋېدچىك چاقىرۋالغان بىرنەچچە قۇلاق كەستىنىڭ ياردىمى بىلەن
ھېلىقى ئەبلەخنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. ئەمەلى-
يەتتە، لو جېنچېڭ قارشى تەرەپ بىلەن مۇۋاپىق ئورۇننى تاللاپ سۆھ-
بەتلىشىشكە، ھەتتا 300 مىڭ يۈەننى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىشكە تەييار
ئىدى. بۇ پەقەت سۆھبەت نەتىجىسىگە باغلىق بولۇپ، مۆرىتى كەلگەن-
دە قول سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئىككىنچى، قاقتى - سوقتى قىلغۇچىنىڭ پۇلنى مەلۇم بىر
ئەخلەت ساندۇقىغا سېلىپ قويۇش ياكى بىرەر دەرەخنىڭ ئاستىغا
كۆمۈپ قويۇش دېگەندەك باشقا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلى-
نىپ، ئۇستاتلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھەرگىز چەتكە قېقىشقا
بولمايتتى. ناۋادا شۇنداق بولغاندا، لو جېنچېڭ رايىشلىق بىلەن
ئۇنىڭ دېگىنىگە كىرىپ، نەق مەيداندىن چېكىنىش ۋە ئۇنى دەرھال
قولغا چۈشۈرۈشنى ھېلىقى قولچوماقچىلارغا تاپشۇرۇش. بۇ تەسەۋۋۇر-
دا يەنە ئىككى خىل قىياس بار، يەنى بىرىنچىدىن، قارشى تەرەپنى
ئۆزى كېلىپ پۇل ئېلىشقا كۆندۈرۈش، ئىككىنچىدىن، قارشى تەرەپ
پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى باشقىلارغا، مەسىلەن، كوچىدىكى كىچىك بال-
لارغا ياكى بىرەر دۇۋانىگە ھاۋالە قىلغان بولسا، ئەھۋال مۇرەككەپلى-
شىپ كېتىدۇ. شۇڭا خۇپىيانە ئەگىشىش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش
كۆرۈش كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئاقىۋەتنىمۇ ئويلىشىپ قويۇش كېرەك. مەسىلەن، بى-
رىنچى پەرەز بويىچە، ناۋادا قاقتى - سوقتى قىلغۇچىنى تۇتۇۋالغاندا،
ئۇنىڭ قولچومىقىنىڭ بار - يوقلىقىغا قاراش كېرەك، ئەھۋال يامان-

لاشقاندا قارشى تەرەپ ئېھتىمال ھېلىقى فىلىمنى ئاشكارىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچى پەرەز بويىچە، قارشى تەرەپ لو جېنچېڭنىڭ ئۆ-زىگە خۇپىيانە ئەگىشىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالسا يەنىلا فىلىمنى ئاشكارىلىۋېتىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، بارلىق ئېھتىماللىقلاردا ئوخشاشلا بەلگىلىك خەتەر بار، شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يولۋاس ئۆۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقى-لى بولمايدۇ. لو جېنچېڭ ئالماشتۇرۇشنىڭ بالدۇرراق ئېلىپ بېرىلى-شىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى كۆپ ئىككىلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئەل-ۋەتتە تېخىمۇ خەتەرلىك. پەقەت ھېلىقى خۇمپەر بىلەن ئۇچراشقاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. لو جېنچېڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىشىنىدۇ.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئۆيىگە قايتمىدى ۋە مى خۇڭغا تېلې-فون ئۇرۇپ مېھماندارچىلىققا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى. مى خۇڭنىڭ بىرەر سۆزى باردەك بىر پەس جىمىپ كەتتى.

لو جېنچېڭ مى خۇڭنىڭ بۇ ھالىتىگە دەرھال دىققەت قىلغان، شۇنداقلا بارماق دېسكا ۋەقەسىدىن كېيىن مى خۇڭنى ھەر ۋاقىت كۆ-زىتىپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پەرىزىچە، مى خۇڭنىڭ ھەرقانداق بىر ئىپادىسى بارماق دېسكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوبيېكت باشقا كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، مى خۇڭنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا بارماق دېسكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىمۇ چوقۇم ئىدى. ئۇ قەستەن ئايال-

دىن سورىدى:

— خوتۇن، بىرەر گېپىڭىز بارمىتى؟

— ياقەي، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

— راستىنلا يوق؟ - لو جېنچېڭ قايتىلاپ سورىدى.

— راستىنلا يوق، - مى خۇڭ گەپنى سوزۇپ ئولتۇرمايلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

مى خۇڭنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۈگۈنكىدەك بىنورماللىق ئىنتايىن ئاز كۆرۈلەتتى. لو جېنچېڭ گۇمانلىق خىياللار بىلەن بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەنىلا ئالدى بىلەن قارارلاشتۇرۇپ قويغان ئىشنى بېجىرىۋېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

لو جېنچېڭ دەل سەككىز يېرىمدا شىپاۋتەي تېغىدىكى ئابىدەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇ سول قولىدا كىچىك بىر چامادان كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئوڭ قولىدىكى يانفونىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. راستىنى دېگەندە، ۋاقىت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا مۇناسىۋەتسىز ھەرقانداق تېلېفوننى بېسىۋېتىپ، پەقەت يوللانغان ئۇچۇر بولسا دەرھال قاراپ قوياتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇچۇردىن جەمئىي بەشنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇچۇرلار خۇددى قاراڭغۇ تاغ چوققىسىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندەك ياپېشىل نۇرلارنى چاچرىتاتتى. ئارىسىدىن بىرى مى خۇڭدىن كەلگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا ئىدى: «سىز نەدە؟ بۈگۈن تويىمىزنىڭ يىگىرمە يىللىق خاتىرە كۈنى! مەن تورت سېتىۋېلىپ، سىزنى ساقلاۋاتىمەن...»

لو جېنچېڭ پەقەت شۇندىلا مى خۇڭنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھېلىقى ھالىتىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ۋە: مى خۇڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئومۇمىيەتنى ھەرگىز نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدۇ، دەپ ئويلى-دى. دېمەك، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرى ئۆر-كەشلەپ، مى خۇڭ بىلەن بىر ئۆمۈر ئاخىرقى چەكنى ساقلاش نىيە-تىدە يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتتى. ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدا باشقا بىر ئايالنى ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ، دەپ كەسكىن ئېيتالمىسىمۇ، لېكىن مى خۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەن-لىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ ئاغدۇرۇۋېتەلمەي-دىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا قانداقلا بولمىسۇن مى خۇڭ بىلەن قۇرۇپ چىققان ئىللىق ئائىلىسىنى قوغداپ قالمىسا بولمايتتى.

لو جېنچېڭ ئايالىغا ئۇچۇر قايتۇرمىدى، ۋاقىت دەل توققۇز يېرىم بولغانىدى. بىر يېرىم سائەت! ھېچقانداق چىراغ يورۇقى، شۇندا-قلا ئازراقمۇ تىۋىش بولمىغان قاراڭغۇ كېچىدە ھېچقانداق ئىش قىلماي، ھېچكىم بىلەنمۇ سۆزلەشمەي، بىراۋنى سۈكۈت بىلەن زارى-قىپ كۈتۈش نەقەدەر ئازاب ـ ھە! لو جېنچېڭنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇ بۇ ئۆمرىدە بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىلكىدىكى ۋاقىتنى پەقەتلا ئۆتكۈ-زۈپ باقمىغانىدى. شۇ پەيتتە لو جېنچېڭنىڭ تەپەككۇرى ئىختىيار-سىز قاناتلىنىپ، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەقسىتىنى بىراقلا ئۇنۇتقان، لېكىن تەسەۋۋۇرىنىڭ نەلەردە پالاز قېقىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تازا ئىلغا قىلالمايتتى. راستىنى دېگەندە، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كاللىسى تو-يۇقسىزلا قۇرۇقدىلىنىپ، بەجايىكى، تۇيغۇسى يۇقىرى پەللىگە چىقى-پىلا توساتتىن خىرەلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ

كۆزى قىيمىسمۇ نائىلاج تاغ چوققىسىدىن ئايرىلماقچى بولدى. چۈنكى، مى خۇڭدىن كەلگەن ئۇچۇرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ھېلە-قى ناتونۇش خۇمپەرنىڭ قىلمىشىنىڭ ھەقىقەتەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھېلىقى خۇمپەرگە ئۇچۇر يوللىدى: «سىز كېلىشىمگە رىئايە قىلمىدىڭىز!»

قارشى تەرەپ ناھايىتى تېزلا ئۇچۇر قايتۇردى: «سەن يالغۇز ئەمەس ئىكەنسەن، ئويۇنىمىزنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغان دەل ئۆزۈڭ!»

لو جېنچېڭ قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە ئالغان تاغ چوققىسىدا تۆت ئەتراپىغا قارايتتى. ئابىدە تىكلەنگەن كىچىك مەيداندا ئۇ پەقەت ئۆزىلا تەنها ئىدى. ئەتراپتىكى تاغ قاپتاللىرىنى يېشىل ئارچا - قارىغايلار قاپلىغان، ھېلىقى خۇمپەرنىڭ نەلەرگە يوشۇرۇنغانلىقى نامەلۇم ئىدى. قارىغاندا ئۇ خۇمپەرنى ئادەتتىكى قاقتى - سوقتى قىلغۇچى دېيىشكە ھەرگىز بولمايتتى. لو جېنچېڭ ئامالسىز نەلەردىدۇر يوشۇرۇنۇپ ياتقان خۇسۇسىي رازۋېدچىكقا قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ ئە-مەلدىن قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى.

تېخى مەقسەتكە يەتمەي تۇرۇپلا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچ-راشتىن ئىبارەت قورساق كۆپۈكىدىن ئامالسىز قالغان لو جېنچېڭ خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۆيدە باشقا بىر كۆرۈ-نۈش ئۇنىڭ رول ئېلىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. شۇڭا چوقۇم كەيپىيات-نى تەڭشىۋېلىپ، ئايالىغا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەت بىلەن يۈزلىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

مى خۇڭنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ تېخى بارماق دېسكى-

نىڭ ۋەھىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ قىياسىدىن لو جېنچېڭنىڭ كۆڭلى خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۆزگىچە ئىللىق كەيپىيات بىلەن ئالدىن تەييارلانغان تورت تۇجۇپىلەپ كېسىلىپ، بىر پارچىدىن يېيىلگەن بولدى. كارىۋاتقا چىققاندىن كېيىن بۇگۈنكى كۈننىڭ ئالاھىدە كۈن ئىكەنلىكىنى، بو-لۇپمۇ مى خۇڭنىڭ مېھر - مۇھەببىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن لو جېنچېڭ ئىختىيارسىز بارلىقىنى ئايالىغا ئاتىۋەتتى. راستىنى دېگەن-دە، مى خۇڭنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭلى ئىلگىرىكىدەك تارتىپمۇ كەت-مەيتتى. بۇمۇ بىر رەسمىيەت، دەپ ئويلىدى لو جېنچېڭ ئىچىدە...

# 5

لو جېنچېڭ ۋەدىسى بويىچە ۋېنتاۋ تاغلىق كەنتىدىكى ئۆيىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى شياۋجيەننىڭ نامىغا يۆتكەپ بەردى. دېمەك، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆي بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىغانىدى. لو جېنچېڭ ھېلىقى خۇمپەرگە ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شياۋجيەن بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغان سىن-ئالغۇ ئاپپارات دېگەندەك نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىملى-قىنى يۇرىتىپ قويدى. قارشى تەرەپ ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق تەسۋىر كۆچۈرۈش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى تاپقىلى بو-لىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئەسۋابلارنىڭ بازاردا كۆپ ئىكەنلىكى توغرى-سىدا ئۇچۇر قايتۇردى.

بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماق ھەرھالدا ئاسانغا توختىغان بولدى.

سىنئالغۇ ئاپپاراتى تامغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاددىي كۆز بىلەن كۆر-
گىلى بولمايتتى. ئىنفرا قىزىل نۇرنىڭ رولىدىن پايدىلىنىۋېدى، لو
جېنچېڭنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن ھېلىقى نەرسە مانا مەن دەپ
كۆز ئالدىدىلا نامايان بولدى. لو جېنچېڭ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ
تۇرۇشىغا ھېلىقى خۇمپەر ئۇچۇر ئارقىلىق لو جېنچېڭنىڭ ھېلىقى
پۇلنى تەييارلاپ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشىنى
بۇيرىدى.

لو جېنچېڭ ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشىكىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ،
ئاچقۇچ ۋە ئۆي - مۈلۈك گۇۋاھنامىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى بىر
چوڭ لېپاپقا سېلىپ، تېلېفوندا شياۋجيەنگە ئۆيىدىلا ساقلاپ تۇرۇش-
نى ئۇقتۇردى ۋە ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە شياۋجيەن ئولتۇرۇشلۇق
بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شياۋجيەن بالكوندا تۇرۇپ دېرىز-
دىن ئۇنى ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئازلا ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىدا
پەيدا بولدى. لو جېنچېڭ ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ، قەھۋەخانا دېگەندەك
جايلاردىمۇ توختىماي، شەرق تەرەپكە يەنى دېڭىز بويى تەرەپكە قاراپ
يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغ دەل كۆز پەسلى بولۇپ، كەچتىكى دېڭىز ساھى-
لىدا سەيلىچىلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ ھال لوجېنچېڭنىڭ ۋەزىيەت-
نى كونترول قىلىشىغا پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، شياۋجيەننىڭ ئەلپا-
زىنى بۇزۇپ مادارا قىلىپ، ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە قارىماي، تىر-
كىشىپ تۇرۇۋېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن بولغاچ، ئېھتىيات قىلمىسا
بولمايتتى. ئىش ئاخىرقى چەككە بارغاندا ئۇنى رايىغا قويۇۋېتىش
كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ناۋادا، شياۋجيەن ئەلپازىنى بۇزسا
ياخشى بولغىنى. مىسقاللاپ ئولتۇرماي، ئەھۋالغا قاراپ گەپنى ئۈزۈۋې-

تىش كېرەك. لو جېنچېڭ قەتئىي قارارغا كەلگەندى. ئۇ ماشىنىنى دېڭىز ياقىسىدىكى كىچىك بىر مەيدانغا توختاتتى ۋە ھېلىقى لېپاپنى شياۋجيەنگە تەڭلىدى.

— ئۆينىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ قويدۇم. سىنىڭ ئالغۇنىمۇ ئېلىنىۋەتتىم، ئىشىكىنىمۇ يېڭىغا ئالماشتۇرۇۋەتتىم. ئىچىدىكى جەمئىي ئالتە ئاچقۇچ، ئەگەر خالىسىڭىز كۆچۈپ بارسىڭىزمۇ، خالىمىسىڭىز سېتىۋەتسىڭىزمۇ تامامەن بولىدۇ. ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

— ئۇنداق قىلماڭ، - شياۋجيەننىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەندى، - ماڭا ئۇ ئۆينىڭ لازىمى يوق!

— چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىز بىر ئۆمۈر ياخشى ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز. سىزمۇ مائاشقا قاراشلىق خىزمەتچى. ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھەرھالدا ياردىمى بولۇپ قالار، دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە، مەن بۇ ئۆي ئارقىلىق مەسئۇلىيەتتىن قاچماقچى ئەمەسمەن. پەقەت شۇ ئارقىلىق مۇھەببىتىمىزگە ئاخىرقى چېكىت قويۇش ئۈمىدىدىمەن. مېنى چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولالمايدىكەنمىز؟ - شياۋجيەننىڭ ئىنتوناتسىيەسى قاتتىق ئىدى.

لو جېنچېڭ ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— سىز ئۆمۈرلۈك ئاشىنىلارنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ مەيلى قانداقلىكى مۇھەببەت بولمىسۇن ھامان ئاخىرلىشىدۇ. بىز ساپالىق كىشىلەرمىز، ھېسسىياتىمىزنى كونترول قىلالماي، باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم.

— سىز ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ - شياۋجيەننىڭ كۆز-لىرى ياشلىق ئىدى.

لو جېنچېڭ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئېغىر سۈكۈت بىلەن جاۋاب بەرگەن بولدى.

— سىز مېنى ئەمدى ياخشى كۆرمىگىنىڭىز بىلەن مەن ھېلە-ھەم سىزنى سۆيىمەن.

لو جېنچېڭ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— شياۋجيەن، مەيلى قانداقلىكى سۆيگۈ ھېسسىياتى بولمىسۇن ھامان سۇسلىشىدۇ، ئاخىرى شامدەك ئېرىپ تۈگەيدۇ. بۇ پەقەت ۋا-قىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بىلەن باغلىق. سىز ئۇنداق ساپا-سىز، قارا قورساق ئاياللارنىڭ تېپىدىن ئەمەس!

شياۋجيەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەندى. لو جېنچېڭ بولسا ئىچىدە ئويلايتتى: ھەي شياۋجيەن، ھەي شياۋجيەن. مەن باشتىلا سىزنى ھەقىقەتەن خاتا تاللىمىغان. مەيلى قانداقلا ھەسرىتى-ڭىز بولسا ھەرگىزمۇ چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايسىز. ئەكسىچە، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتالايسىز.

لو جېنچېڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە ئازار بېرىشتىن ئۇيۇلماقتا ئىدى. ئەمىلىيەتتە، ۋەزىيەتمۇ مۇقىملىشىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇ يەردە بىرەر سائەتچە ئولتۇرۇپ ماشىنىغا چىقتى. لو جېنچېڭ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋېدى، شياۋجيەنمۇ تارتىشىپ ئول-تۇرمىدى. لو جېنچېڭ ئۇنى بىنا ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويدى، ئويلىمى-غان يەردىن شياۋجيەن ھېلىقى لېپاپىقا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن لو جېنچېڭ ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزى ئىشىك-

تىن قاراڭغۇ زال ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان شياۋجيەنگە قادالغان-
دى. ئۇ شياۋجيەنىنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى يانغىچە ساقلاپ تۇرماقچى
بولدى. ئۇ ھەر قېتىم شياۋجيەننى ئەكىلىپ قويۇپ بالكوننىڭ چىرى-
غى يانغاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ يەردىن خاتىرجەم ئايرىلاتتى. ئەمەلى-
يەتتە شياۋجيەن قورقۇنچاق ئىدى، يولدىشى بىر يىلنىڭ يېرىمىدە دې-
گۈدەكلا سىرتلاردا كاماندىروپكىدا بولاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم
شياۋجيەن بالكوننىڭ چىرىغىنى ياندۇرمىدى. لو جېنچېڭ ماشىنىنى
قورۇدىن ھەيدەپ چىقىۋېتىپ يەنىلا ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىدى ـ
دە، ماشىنىنى سىرتقا توختىتىپ قويۇپ، ئايلىنىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئۆ-
يىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. شياۋجيەنىنىڭ ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە
بولۇپ، ھەتتا بىرمۇ ئۆيىنىڭ چىرىغى يېقىلمىغان، زەررىچە يورۇقلۇق-
تىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. لو جېنچېڭ بىنانىڭ ئالدى ـ كەينىنى بىر-
نەچچە رەت ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، دىق-
قىتىنى يىغقان بولسىمۇ ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. لو جېنچېڭ
ئاخىرى نائىلاج بىنادىن ئايرىلدى. ئۇ شياۋجيەن بىلەن تونۇشقاندىن
تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم بېسىپ باقمىغانىدى.
ئۇنىڭ يولدىشى يوق چاغلاردىمۇ ئۆزىنى چەكلەپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا
شۇنىسى ئېنىقكى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك ئۆز ـ ئۆزىگە بىھۇدە
ئاۋارىچىلىك تاپقانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە مىي خۇلق ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ
قالغان بولۇپ، لو جېنچېڭ ئۇنىڭ يېنىدا ياتماي ئوغلىنىڭ ھۇجرى-
سىدا ئۇخلاش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ جۆيلۈيدىغان ئادىتى بار
ئىدى. لو جېنچېڭنىڭ كۆزى تېخى ئەمدىلەتىن ئۇيقۇغا بېرىپ تۇرۇ-

شىغا يانفونىنىڭ قىسقا ئۈچۈر سىگنالى سايراپ كەتتى. ئۈچۈر شياۋجيەندىن كەلگەنىدى. بۇ شياۋجيەنىنىڭ تۇنجى قېتىم كېچىدە ئۈچۈر يوللىشى ئىدى. شياۋجيەن ئۈچۈردا ئۆزىنىڭ هازىر نەدە ئىكەن-لىكىنى ئۇنىڭدىن سورىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچۈردىكى دىيالوگلىرى داۋاملاشماقتا ئىدى:

— سىز نەدە؟

— مەن هازىر تونېل ئىچىدە.

— ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— هېچنېمە، پەقەت ئولتۇردۇم شۇ.

لو جېنچېڭ بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن هودۇقۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ تونېلنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. بولۇپمۇ تونېل-نىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر ئەگمە بولۇپ، چىراغمۇ يوق ئىدى. شۇڭا تاكسى شوپۇرلىرى ئۇ يەرگە ئاساسەن يولىمايتتى. لو جېنچېڭ هەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكەندە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلاتتى. شياۋجيەن ئۇ يەردە بولسا ماشىنىنى هەيدەپ بارغان تەقدىردىمۇ، ماشىنىنى ئۇ يەردە توختاتقىلى، چىرىغىنى ئايلاندۇرۇپ يورۇتقىلى بولمايتتى. ناۋادا قا-راڭغۇلۇقتا بىرەر ماشىنا كېلىپ قالسا دىققىتىنى دەرھال يىغالماي، شياۋجيەننى سوقۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. دېمەك، شياۋجيەن ئۇنىڭغا قىسقا ئۈچۈر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ هېچ-نېمە بولمىغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوق ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويغانىدى.

زادى بېرىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ بېرىشنىڭ ئۆزى يېلىنىشتىن دېرەك بەرگەنلىك بولىدۇ! بارمىسا بارلىق خەۋپنى ئۆز زىممىسىگە

ئالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ! شىياۋجيەن ئەزەلدىن باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ. شىياۋجيەننىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇش ئەمەس، پەقەت غەيرىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدىمەكچى بولغان خالاس!

قارىغاندا، پەقەت ساپاسىز ئاياللارلا ئەرلەرگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەي، بەلكى ئىشقى ـ مۇھەببەت ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ئاياللارمۇ بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، ئەرلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشنى ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، ئاخىر! شۇنىڭ بىلەن لو جېنچېڭ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، يانفونىنى دەرھال ئېتىۋەتتى.

شىياۋجيەنگە بولغان چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، لو جېنچېڭنىڭ قارىشىچە، شىياۋجيەننى باشقا ئادەتتىكى ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەقىل ـ ئىدراكى نورمال ئاياللارنىڭ تېپىدىن دېيىشكە تامامەن بولاتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ھەرگىز ئۆزىنى نابۇت قىلىپ يۈرمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدىگەن خالاس! ناۋادا ئۇ مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق لو جېنچېڭنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كېلەلىسە ئىدى، ئىلىكى ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى...

# 6

لو جېنچېڭنىڭ پەرىزى خاتا چىقمىغان، چۈنكى شىياۋجيەنگە ھېچنېمە بولمىغان، ئامان ـ ئېسەن ئىدى. تونېل ۋەقەسىنىڭ ئەتىسى لو جېنچېڭ ماشىنىسى بىلەن شىياۋجيەننىڭ ئىدارىسىنىڭ ئالدى-

غا بېرىپ، ئۆنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، چوڭ يولنى توغرىسىغا
كېسىپ، ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
شىياۋجيەن تۇرقىدىن ھارغىنىدەك كۆرۈنەتتى. شىياۋجيەننىڭ بىر
كۈنلۈك خىزمىتىنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك ئىشخانىسىدىكى ھې-
لىقى ئادەمسىمان ئىتلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئۆتەتتى. ياشىماق
بەسى مۈشكۈل! بىچارە شىياۋجيەن كېچىچە سوغۇق تونېل ئىچىدە ئول-
تۇرۇپ ھەسرەت چەكتى، بۈگۈن يەنە نورمال خىزمەت ئىشلىگەننىڭ
ئۈستىگە، كەسىپداشلىرىغا قاراپ يالغاندىن كۈلۈپ، ھىجىيىپ يۈر-
مىسە يەنە بولمىغان. نېمىلا بولمىسۇن لو جېنچېڭنىڭ يۈرىكى ئاخى-
رى جايىغا چۈشۈپ، خاتىرجەم ھالدا يېنىك تىنىپ قويدى. شۇنداقتى-
مۇ ئۇ ئاقىلانىلىك بىلەن: سېنىڭ ئەمدى ئۇ ئايال بىلەن ھېچقانداق
مۇناسىۋىتىڭ قالمىدى، سەن بىجىرىدىغان ئىشلار تېخى تولا، ھېلىقى
خۇمپەرگە تاقابىل تۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم، دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇ-
رۇپ قويدى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر قاقتى - سوقتى قىلىنىشقا ئۇچراۋا-
تىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا شىياۋجيەننىڭمۇ مەسئۇلىيى-
تى بار. ئەگەر شىياۋجيەن بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ
كۈنگە قالمىغان بولاتتى. بىر ئەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئوي
ئەرلەر ئۈچۈن تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بىراق شىياۋجيەن بىلەن مۇناسىۋ-
تىنى قەتئىي ئۈزۈشتە بۇ ئويىنىڭمۇ ئەلۋەتتە پايدىسى بار. بىر ئەر
بىر ئايال بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن نەس ئىشلار يۈز بېرىۋەرسە،
گەرچە بۇ ئىش ئۇ ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئەھۋال ئاس-
تىدىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك، ئەلۋەتتە!
بولمىسا ئادەمنى تېخىمۇ پالاكەت باسىدۇ. بىرنەچچە يىللىق تىجارەت

جەريانىدا لو جېنچېڭ بۇ خىل قاراشقا ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھېلىقى خۇمپەر ئۇچۇر ئارقىلىق لو جېنچېڭغا ئۈچ يۈزمىڭ يۈەننى تىياتىرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. لو جېنچېڭ تىياتىرخانا ئالدىدىكى ئېلاندىن سىرتتىن كەلگەن مەلۇم بىر ئۆمەكنىڭ دراما ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مەيلى كىنو ياكى درامىنىڭ قويۇلىشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى، قولىدىكى چامادانچاق ۋە ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولغان سىرلىق بۇرادەر ئىدى. بەختكە يارىشا قارشى تەرەپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، لو جېنچېڭنىڭ سېتىۋالغان بىلەتتىكى ئورنى ئارقا ئىككىنچى رەت بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇق ئىدى. خۇسۇسىي رازۋېدچىك ۋە ئۇنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىمۇ يېتىپ كەلگەن، لېكىن پىلان بويىچە بىلەتنى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردىن ئالغانىدى. لو جېنچېڭنىڭ قارىشىچە، قارشى تەرەپ مەيلى قانچىلىك ئىقتىدارلىق بولسۇن، شۇنچە كۆپ تاماشىبىنلار ئارىسىدىن ئۇلارنى بايقىشى ناتايىن ئىدى. ئىشقىلىپ، تىياتىرخانىنى شىپاۋتەي تېغى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۇشۇرۇنۇشقا تېخىمۇ ئەپلىك ئىدى. بىراق يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، توسالغۇمۇ خېلى چوڭ بولۇپ ئادەم كۆپ، قول سېلىشقا قولايسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە توك توقماق كۆتۈرۈۋالغان بىخەتەرلىك قوغدىغۇچىلىرىمۇ ھەممە يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈيتتى. سەھنىدىكى ئارتىسلارنىڭ ئاۋازى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن ياڭراق ئىدى. لو جېنچېڭ يانفونىنى تىترەش ھالىتىگە تەڭشەپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى قولىدا تۇتۇۋالدى. ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىم ئۇچۇر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاقتى ـ سوقتى قىلغۇچىنىڭ ئەمەس بولۇپ، لو

جېنچېڭ ئۆز خىيالى بىلەن سەھنە تەرەپكە ئېرەنسىزلىك بىلەن ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قوياتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىغا مى خۇڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغلاردا مۇشۇ تىياتىرخانىغا كىنو كۆرگىلى كەلگەندىكى ئىش كەلدى ۋە ئىختىيارسىز يېنىغا سەپسېلىۋېدى، ئاق بالداق قاچىلانغان چوڭ بىر خالتىنى قۇچىقىغا قويۇۋېلىپ، ئاق بال-داقنى تىنماي ماچىلدىتىپ چايناپ، دىراما كۆرۈۋاتقان چىرايلىق بىر قىزغا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭدىن ئاق بالداقنىڭ قويۇق ھىدى گۈپۈل-دەپ پۇراپ تۇراتتى. ئاغزى پەقەتلا ئارام تاپمايتتى. ئەينى چاغدا لو جېنچېڭمۇ مى خۇڭغا ئاق بالداق ئېلىپ بەرگەن، لېكىن مى خۇڭ ئۇنى يېيىشتىن ئەيمىنىپ، تاكى كىنو تۈگىگىچە ئۇنىڭدىن بىر تال-نىمۇ يېمىگەندى. كېيىنچە ئۇ شىياۋجيەن بىلەن تېپىشىپ قالدى، بەزى چاغلاردا شياۋجيەن ئۇنى بىللە بېرىپ كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ھامان لو جېنچېڭ تەرىپىدىن ئىزچىل رەت قىلىناتتى. لو جېنچېڭ كىنو كۆرۈشنى ئويلىسىلا كۆڭلىسى كېلەتتى. چۈنكى كىنو كۆرۈش ئارقىلىق ھېسسىيات ئال-ماشتۇرۇش قايسى زاماندىكى ئىش دەيسىز؟ ئۇ دېگەن قىرىق ياشتىن ئاشقان ئوتتۇرا ياشلىق ئەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇتۇق قازانغان ئەر، كىنو كۆرۈشكە نەلەردە يۇرۇپ ۋاقىت چىقىرالىسۇن دەيسىز؟

لو جېنچېڭ ئەتراپىغا قاراپ قويدى، ئەينى چاغدىكى بۇ تىياتىر-خانا ئانچە ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ مى خۇڭ بىلەن نومۇر بويى-چە ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلىشىۋېتىپ، ئىككى ئورۇندۇق ئارىسىدىكى ئايرىما تاياقنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالغان، راستىنى ئېيت-قاندا، شۇ چاغدا لو جېنچېڭنىڭ يۇرىكى ھاياجاندىن ئويناپ كەتكەن،

لېكىن بېلىكى مى خوڭغا تېگە ـ تەگمەيلا مى خوڭ ھودۇقۇپ، تەمتە-
رەپ كەتكەندى.

ئەسلىمە ھامان گوزەل ۋە شېرىن بولىدۇ، بىراق ئاشۇ ئەسلىمە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ يادىدىن كەچكەن ھامان، قانداقتۇر مەلۇم بىر ھالەت لو جېنچېڭنىڭ كاللىسىدا بىر خىل تەكرار تۇيغۇ بولۇپ ناما-يان بولغاندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بايىقى تەكرار تۇيغۇ ھەققىدە ئويلىنىپ، ئەسلىدە ئۇ تۇيغۇنىڭ ئۆزى ئولتۇر-غان ئورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىختى-يارسىز ئەندىكىپ كەتتى. شۇنداق، ئەگەر لو جېنچېڭ خاتالاشمىغانلا بولسا بۇ ئورۇن ئەينى چاغدا مى خوڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقىپ كىنو كۆرگەندىكى ئورۇننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئورۇندۇق-لار سوغۇق ھەم قاتتىق، ئايرىما تاياقمۇ سۇنۇپ كەتكەندى. لېكىن، ھازىر ئۇ ئورۇندۇقلار ئاللىبۇرۇن قېلىن بۇلۇتلۇق لۆم ـ لۆم ئورۇن-دۇققا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن، كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك ۋە ھوزۇر بېغىشلايتتى. يېنىدىكى توختىماي ئاق بالداق يەۋاتقان چىرايلىق قىزچاق ئىختىيارسىز ئەينى چاغدىكى ياش، جەزبىلىك مى خوڭنى ئەسلىتەتتى. لو جېنچېڭ بۇ خىل توغرا كېلىپ قېلىشتىن دېلىغۇل بولۇپ، ھېلىقى خومپەردىن ئۈچۈر ئارقىلىق نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردۇڭ؟ دەپ سورىۋېدى، قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق جاۋاب ئۈچۈر كەلمىدى. لو جېنچېڭ ئەنە شۇنداق باش ئاخىرى يوق تېڭىرقاش، ئىككىلىنىشلەر ئىلكىدە سەھنە تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇر-دى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ دىرامىغا نىسبەتەن ئازراقمۇ رايى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىسلارنىڭ ياڭراق ئاۋازىدىن قۇلاقلىرى يېرىلغۇ-

دەك بولۇپ، زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا ھېلە-قى خۇمپەردىن ئۇچۇر كەلدى، مەزمۇنى ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى: «ئالماشتۇرۇش ئەمەلدىن قالدى، چۈنكى سەن يالغۇز كەلمىدىڭ...»

شۇ تاپتا لو جېنچېڭنىڭ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ كەتكەنىدى. قارشى تەرەپتىن قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆزىدىن نېمە ئۈچۈن ئاساسسىز گۇمانلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە سورىماقچى بولۇپ، ئازلا ئۆتمەي بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالدى ۋە قىسقا ئۇچۇرنى دەرھال ئۆچۈرۈۋەتتى.

لو جېنچېڭ چامادانچاقنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ھارغىن ھالدا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە، شۇئان ئۇيقۇغا كەتتى، ئىككىنچى كۈنى ناشتىدا ئۇ مى خۇڭغا سىنچىلاپ قاراپ ئاخشامقى سىرلىق تۇغرا كېلىپ قېلىش ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنى قانداق-تۇر بىر خىل ئەنسىزچىلىك شۇنداقلا گۇمان چىرمىۋالغانىدى.

ــ خوتۇن، ئىككىمىز مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ئەينى چاغدا بىرگە بېرىپ كىنو كۆرگىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ ـ لو جېنچېڭ چاندۇرماي سورىدى.

ــ ئەتىگەندىلا ئۇ ئىشلارنى ئەسلەپ سىزگە نېمە بولدى ئەمدى؟

ــ ئادەم قېرىغاندا ياش چاغلارنى ئەسلەپ قالىدىكەن، ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئايرىما تايىقى سۇنۇپ كەتكەنىكەن.

ــ قايسى چاغلاردىكى ئىشلار ئۇ؟ مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتىم، ـ مى خۇڭ قاچىسىدىكى ماش ئۇيۇتمىسى شورپىسىنى ئالدى-

رىماي ئىچەتتى. ئورۇن مەسىلىسى ھەقىقەتەن شۇنداق بىر تۇغرا كېلىپ قېلىش بولسا قارىغاندا، مېنىڭ ھېلىقى خۇمپەرگە بولغان سەزگۈرلۈكۈم ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويـ ـلىنىپ قالدى لو جېنچېڭ ئىچىدە.

ناشتىلىقتىن كېيىن لو جېنچېڭ چامادانچاقنى ئېلىپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، مى خۇڭ تەرەپباللا ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

ــ لاۋلو، ئۇ چامادان كىمنىڭ؟

ــ بىر دوستۇمنىڭ، ئۈيگە ئەكېلىپ ۋاقىتلىق ساقلاپ قويغانىدىم.

ــ ئىچىدىكى پۇلدەك قىلامدۇ نېمە؟

ــ شۇنداق.

مى خۇڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى:

ــ بالدۇرراق قايتۇرۇپ بېرىڭ، بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن يەنە.

لو جېنچېڭ يەنە ئويلىنىپ قالدى: شۇنداق، مەنمۇ بۇ پۇللارنى تېزراق قولدىن چىقىرىۋېتىش خىيالىدا، ھېلىقى خۇمپەرنىڭ بۇرنۇمـ ـنىڭ ئاستىدىلا ئويۇن قويۇپ يۈرۈشىدىن جاق تويدۇم.

لو جېنچېڭ ھېلىقى خۇمپەرنى خۇددى قورساقتىكى مەددە قۇرۇتتەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇ خۇمپەرنىڭ ئۆزىنىڭ يەلكىسىدىـ ـكى بۇ يۈكنى ئۇنداق ئاسان ئېلىۋېتىشكە يول قويمايدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. لو جېنچېڭ تېخى ئەمدىلا شىرـ كەتكە كېلىپ تۇرۇشىغا يانفونىنىڭ قىسقا ئۇچۇر سىگنالى سايراپ كەتتى:

— سەن يەنە بىر قېتىم ئۆيۈنىمىزنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلدىڭ، شۇڭا مەن ئەمدى پۇلۇڭنى ئالماسلىقنى قارار قىلدىم!

لو جېنچېڭ دەرھال ئۇچۇر قايتۇردى:

— سەن زادى نېمە ئالماقچى؟ ئۇدۇللا دېگىن.

قىسقا ئۇچۇردىكى دىيالوگلار يەنە بىر قېتىم جىددىي داۋاملىشىۋاتقان ئىدى.

— ھەرقانداق ۋاقىتتا مېنىڭ ئۇچۇرۇمنى كۈت.

— ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئېيتىپ قوي، تەييارلىق قىلىۋالاي.

— تەييارلىق قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.

— بىلىشىڭ كېرەككى، مانا پۇلنىمۇ تەييارلاپ بولدۇم، ئەڭ ياخشىسى ساڭا بېرىۋېتەي، بىز مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېلىشىپ، ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقايلى، بولامدۇ؟ مەن چوقۇم يالغۇز بېرىشقا كاپالەت بېرىمەن.

— بىلجىرلىما، بۈگۈنكىدەك كۈنگە قېلىشىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىلگىرى نېمە قىلىپ يۈرگەنىدىڭ؟

لو جېنچېڭ شۇندىلا پۇلنى ئۇنىڭغا بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەكچى بولۇپ، قايتا ئۇچۇر يوللىغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپ قەستەن جىم بولۇۋالدى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك كۈتۈش باشلانغانىدى. لو جېنچېڭ نائىلاج ئۆزىنى بېسىۋېلىش، قارشى تەرەپنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق،

بولمىسا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ھەققىدە ئۆزىگە دائىم ھاي بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، لو جېنچېڭنىڭ ھېلىقى خومپەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى يەنىلا سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھېلىقى خومپەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بىر ئۆمۈر كونترول قىلىۋېلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. شۇنداق، ھاياتلىق دېگەن بۇ سۆز ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە. لو جېنچېڭنىڭ ھاياتى پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب!

ئارىلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ھېلىقى خومپەر تەرەپتىن ھېچقانداق تىۋىش كەلمىدى. مى خۇڭ بولسا كاماندىروپكىغا يەنى كۈنمىڭغا بېرىپ مەلۇم بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ بىر چامادان سېتىۋېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى، لو جېنچېڭنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن تىنچ كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ دەل ۋاقتىدا ئېچىلغانلىقىدىن ئىچىدە ئالەمچە خوشال ئىدى. ھېلىقى خومپەر پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلغاندىن بۇيان ئۇ ئۆيگە كېلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. مانا ئەمدى مى خۇڭ كاماندىروپكىغا چىقىش ئالدىدا! ھېلىقى خومپەرنىڭ مى خۇڭغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتىكى ئېھتىماللىق ۋاقىتلىق بولسىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى. ئائىلىدىن ھەرگىزمۇ چاتاق چىقماسلىق كېرەك! چاتاق چىقىدىكەن لو جېنچېڭنىڭ ئىدارىسىدىكى شۆھرەتلىك نامى شۇئان سېسىيدۇ، جەمئىيەتتىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتى يوققا چىقىدۇ، ئىستىقبالى تامامەن بەربات بولىدۇ.

# 7

دۈشەنبە كۈندىكى قەرەللىك يىغىن ئەمدى ئاخىرلىشىپ تۇرۇ-
شىغا، كاتىپ قىز شياۋلى لو جېنچېڭغا ئۆزىنى ئۇنىڭ كونا ساۋاقدى-
شى دەپ تونۇشتۇرغان بىر ئايالنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى.
لو جېنچېڭ بىرئاز تۇرۇپ كېتىپ مېهماننى كىرگۈزۈۋېتىشنى ئۇق-
تۇردى. ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئۇ مېهمان دەل شياۋجيەن
ئىدى، لو جېنچېڭ بۇ كۈتۈلمىگەن ھالدىن بىرئاز ھودۇقۇپ قالدى،
ئىچىدە بولسا تەھلىل قىلاتتى: ئۇنىڭ بۇ كېلىشىدىكى مەقسىتى
بىرەر ئىش چىقىرىش ئۈچۈنمىدۇ؟ قارىغاندا، لو جېنچېڭ ئۇنى ئىل-
گىرى سەل چاغلاپ قالدىمۇ ياكى شياۋجيەن بىراقلا قىزىل ئىشتاننى
بېشىغا كەيدىمۇ؟

شياۋجيەن بىمالال ھالدا كېلىپ لو جېنچېڭنىڭ ئۇدۇلىغا
كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى ھالىتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈ-
زۈشكە ياكى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۇنى سوراققا تارتىش ئۈچۈن كەل-
گەندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە، تەمكىن، لېكىن سۇرلۇك ھالدا قانداق-
تۇر مۇھىم بىر چوڭ ئىش توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن كەل-
گەندەك كۆرۈنەتتى. لو جېنچېڭ ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى يەنى ئاق-
سۆڭەكلەرگە خاس تۇرقىنى ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ھەرقانداق ئىشنى بەكلا چوڭقۇر ئويلاپ كېتىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە
ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالىدۇ. لو جېنچېڭ شياۋجيەننىڭ كېلىشىدى-

كى مۇددىئاسىنىڭ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىش ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىپ يەتكەندى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدىن بۇ ئۇچرىشىش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخى قاراڭغۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، لو جېنچېڭ ئامال بار ئۆزىنى سالماق تۇتۇۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— شياۋجيەن، ئىشىڭىز بارمىتى؟

شياۋجيەن لو جېنچېڭغا تىكىلىپ قارىدى، چىراي ئىپادىسىدىن يەنىلا بايىقى سورلۇقلۇك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سۆزلىگەندە بولسا لەۋلىرىدىكى سىرلىق تەبەسسۇم كىشىنى شۇركەندۈرەتتى.

— كەچ سائەت 12 دە ھېلىقى تونېل ئىچىدە كۆرۈشەيلى.

— چاقچاق قىلماڭ، شاۋجيەن. تۈن كېچىدە ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ گەپ بولسا ئۇدۇللا دەۋېرىڭ، بىرەر ئىشىڭىز بولسا چوقۇم ياردەم قىلىمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شياۋجيەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ لو جېنچېڭغا مەغرۇرلۇق بىلەن شۇنداقلا بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئازلا ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولدى.

لو جېنچېڭ ئەلۋەتتە شياۋجيەننى چۈشىنەتتى. ھەتتا ئۆزىنى ئۇنىڭ چېچىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ تىرناقلىرىغىچە چۈشىنىدۇ، دەپ تەرىپلىسىمۇ ھەرگىز ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. دېمەك، شياۋجيەن ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىغا كېلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چۈشىنىشلىك. لو جېنچېڭ ئەمدىلىكتە پىكىر ـ خىيالىنى زادىلا مەركەزلەشتۈرۈپ كېتەلمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شياۋجيەننىڭ بۇ خىل سىرلىق زىيارىتى ھەققىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، شياۋجيەننىڭ ھەقىقەتەن

قاسراق تاشلىغانلىقىنى قىياس قىلىپ يەتتى. باشقىسىنى ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ بايىقى قاراشلىرىدىنلا، لو جېنچېڭ ئۆزىنىڭ قىياسى-نىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن لو جېنچېڭنىڭ غەزىپى كەلگەنىدى. چۈنكى شياۋجيەنىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى-گە قاتتىق زەربە ئىدى. ئىلگىرى شياۋجيەن لو جېنچېڭغا ھەتتا بىرەر قېتىممۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن ئەمەس! ئەمدىلىكتە شياۋجيەندىكى بارلىق ئادەت ۋە تۆۋەنچىلىكلەر ئەنە شۇ ئۆزى تەرىپى-دىن پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىنغان شياۋجيەن تەرىپىدىن دەپنە قىلىنىۋېتىلگەنىدى...

لو جېنچېڭ ماشىنىسىنى ھەيدىمەي تاكسىغىلا ئولتۇرۇپ ھېلى-قى تونېلغا يېتىپ كەلدى. شياۋجيەن ئولتۇرۇشلۇق بىنا ئەسلى شە-ھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاش ئاددىيلا بىنا بولۇپ، كەچلىكلىرى ھېلىقى تونېل ئىچى بەكلا قاراڭغۇ، شۇنداقلا تولىمۇ جىمجىت، ئەت-راپنى ۋەھىمە بېسىپ تۇراتتى.

لو جېنچېڭ تاكسىدىن چۈشۈپ شياۋجيەننى چېلىقتۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، يانفونىنىڭ يورۇقىدا تونېل ئىچىگە ئىچكىرىلەپ، تو-نېلنىڭ يەنە بىر بېشىغىچە بېرىپ شياۋجيەننى ئىزدەپ باقماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە، شياۋجيەنىنىڭ تونېلنىڭ ئەگمىسىدە تەنھا ئول-تۇرغانلىقىنى كۆردى. شياۋجيەن بىر قاراشتىنلا ئىنتايىن ۋىجىك خۇددى كىشىگە تۇندىكى ئەرۋاھتەك تۇيغۇ بېرەتتى. شياۋجيەن ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويماي ئاستا پىچىرلىدى.

— ئۆلتۈرۈڭ.

شياۋجيەنگە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى تونۇشلۇق ئىدى. شۇئان لو جېنچېڭنىڭ قەلبىنى تۈيۈقسىزلا بىر خىل كۈچلۈك ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. بىراق، بۇنداق يەردە قانداقمۇ ئۆلتۈرگىلى بولسۇن؟ لو جېنچېڭ ئاڭلانغۇدەك قىلىپ پىچىرلىدى.

— چاقچاق قىلماڭ شياۋجيەن. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن يەنە.

شياۋجيەن لو جېنچېڭغا تىكىلگەندەك قىلدى. شۇ تاپتا لو جېنچېڭنىڭ كۆزىمۇ تونېل ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇققا ئاز تولا كۆنۈپ قالغان بولۇپ، شياۋجيەنىنىڭ كۆزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان سوغۇق ئۇچقۇنغا قاراپ ھودۇققان ھالدا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مانا، مانا ئۆلتۈردۇم. قېنى سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ.

شياۋجيەن يەنىلا لام - جىم دېمەيتتى. لو جېنچېڭ ئاستىرتىن شياۋجيەنىنىڭ بۇدتەك ھالىتىگە نەزەر تاشلىدى ۋە قاراڭغۇ تونېل بىلەن شياۋجيەنىنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىن گويا ئۆزىنى گۆر ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ كۆڭلى ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا شياۋجيەن ئەگەر مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلغان بولسا، لو جېنچېڭ ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇنى بەزلەپ كۆڭلىنى ئالغان، ھەرگىزمۇ يول ياقىلىرىدا ئۆلتۈرۈپ يۈرمەيتتى. لېكىن ھازىر لو جېنچېڭ ئامالسىز ئۇنىڭ رايىغا بېقىشى مۇقەررەر-دەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ سالماق بولۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ئىكەن-لىكىنى ھېس قىلدى. ناۋادا ئۇ شياۋجيەننى بەزلەپ، ئۇنىڭغا يېقىن-چىلىق قىلىپ قويسا، كىم بىلسۇن شياۋجيەن كۆڭ چىققاندا يەنە

ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا بېرىۋالامدۇ تېخى! شىياۋجيەنمۇ ئۇنىڭ خىيىلا بوشاپ قالغانلىقىنى سەزگەندى. ئىلگىرى نەدىمۇ لو جېنچېڭدا بۇنداق كەيپىيات بولغان دەيسىز؟ لېكىن ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. چوقۇم ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. شۇنداق قىلىپ، لو جېنچېڭ شىياۋجيەنگە ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، تۇيۇقسىز بىر ماشىنا تونېل تەرەپكە قاراپ يېقىنلاپ، ئازلا ئۆتمەي تونېل تەرەپكە قاراپ قايرىلدى. ماشىنا چاقىدىن چىققان ۋەھىمىلىك ئاۋاز لو جېنچېڭغا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك تۇيۇلۇپ، بارغانچە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھالدىن ئالاقزەدىلىككە چۆمگەن لو جېنچېڭ دەرھال تۇرۇپ شىياۋجيەننىڭ بېلىكىدىن تارتتى.

— تېز قوپۇڭ، ماشىنا كەلدى.

لېكىن ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شىياۋجيەن بايىقى ھالەت بىلەن مىدىراپمۇ قويماي قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ۋەجىك ھالىتىدىن ھېچكىممۇ ئۇنى بۇنچىلىك بەردەم دەپ ئويلىمايتتى. لو جېنچېڭ گەرچە ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزالمىغان بىلەن ئەكسىچە شىياۋجيەن ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئولتۇرۇڭ!

لو جېنچېڭ بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىختىيارسىز جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، تونېل بەكلا تار بولۇپ، شىياۋجيەن تامغا يۆلەنگەن ھالەتتە ئىدى. لو جېنچېڭ ئۇنى ئەچىگە قىستاپ دېگۈدەك ئولتۇردى. شۇنداقتىمۇ خەتەرنى كىچىك دېگى-

لى بولمايتتى. ئازلا ئۆتمەي ھېلىقى ماشىنا لو جېنچېڭنىڭ بىلىكە-
نى سىيپاپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. لو جېنچېڭ ئالاقزەدىلىك بىلەن
يېڭىنىڭ سۇركۇلۇشتىن يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ھېلىقى ماشىنا يىراقتا بارمايلا توختىدى. ئۇ ئەسلى بىر تاكسى
بولۇپ، قورقۇپ كەتكەن شوپۇر ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارغا
قاراپ تىل سالدى:

— كاللاڭلاردا سۇيۇڭلار بارمۇ؟ ئۆلگۈڭلار كەلدىمۇ؟ ئەڭ ياخشى-
سى چوڭ يولغا چىقىپ ماشىنىغا ئۆزۈڭلارنى سوقتۇرۇۋەتسەڭلارلا
ئىش پۈتمەمدۇ؟ ئاناڭنى!

لو جېنچېڭ تىل ياندۇرالمىدى، يۈرىكى خۇددى گېلىغا كەپلە-
شىپ قالغاندەك بولۇپ بىئارام بولاتتى. ھېلىقى تاكسى ئۆز يولىغا
يۈرۈپ كەتكەندى. ئۇ يەنىلا بايىقى شوپۇرنىڭ ئۆلگۈڭلار كەلدىمۇ؟
دېگەن سۆزى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. دېمىسىمۇ، شياۋجيەنىڭ
ئۆزىنى بۇ يەرگە چاقىرىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېرىم كېچىدە چاقىرى-
شى ھاياتىدىن تانغانلىقمۇ؟ ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇنىمۇ بىرگە ئۆلۈم
گىردابىغا قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ لو جېنچېڭ سەگەكلەشكەندە، بۇ
ھەقتە ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىشىغا، شياۋجيەن
گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتانلىرى-
دىكى توپىنى قېقىپ قويدى ـ دە، ئالدىنقى قېتىمقىدەك ھەش ـ پەش
دېگۈچە كۆزدىن يىتتى. دېمەك، ئۇ ھەتتا لو جېنچېڭغا بىر قېتىم
بولسىمۇ قاراپ قويمىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىق-
تا تونېل ئىچىدىن ئەنە شۇنداق غايىب بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا،
شياۋجيەنىڭ لو جېنچېڭنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشقا زور-

لىشىدىكى سەۋەب، پەقەت بۇ يەردىن تەرەپباللا ئۆتۈپ قالىدىغان بىرەر
ماشىنىنى ساقلاپ، ئۇنى بىر چۆچۈتۈپ قويۇشتەك قىلاتتى. لو
جېنچېك يانفونىنىڭ ئېكران يورۇقىدا ئالدىراپ ـ تېنەپ دېگۈدەك تو-
نېلدىن ئايرىلىپ چوڭ يولغا چىقتى. يانفونىنىڭ سائىتىگە قارىغان-
دى دەل سائەت بىر يېرىم بوپتۇ. ئادەمزاتسىز چوڭ يول چۆلدەرەپ
قالغان، چىراغلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ھەممىدىن يامىنى كىرا ماشى-
نىلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ نائىلاج باشقا بىر چوڭ
يولنى بويلاپ بەش يۈز مېتىر ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىرى
قاينام تاشقىنلىق بىر چوڭ كوچىغا ئۇلاشتى ۋە تاكسى توسۇپ ئۆيىگە
قايتىپ كەلدى.

تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس بولغاندەك، لو جېنچېك شۇ
ئاخشىمى قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدە تولغىنىپ چىقتى. چۈشىدە باي-
قى رېئاللىق باشقىدىن نامايان بوپتۇمىش. لو جېنچېك راستىنلا ما-
شىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇدەك، شوپۇر خۇددى غايەت زور مەخلۇقتەك
ئۇنى سۆرۈۋاتقۇدەك، ماشىنا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن لو جېنچېك
ئۆزىنىڭ خۇددى چەلپەكتەك يەردە چاپلىشىپ، قانلىرىنىڭ چاچراپ،
گۆشلىرىنىڭ قىيما ـ چىيما بولۇپ، ئۇستىخانلىرىنىڭ چېچىلىپ
ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ياتقۇدەك. شىياۋجيەن بولسا ئىككى تاياقچىنى ئا-
چىماقلاشتۇرۇپ سوغۇق كۈلگىنىچە، بايىقى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ
تۇرغۇدەكمىش.

— نېمىدىگەن رەزىل ئايال سەن! ـ لو جېنچېك شىياۋجيەننى ھە
دەپ تىللاۋاتقۇدەك.

لو جېنچېلىڭ ئۆندەرەپ دېگۆدەك ئويغىنىپ كەتتى. بەدىنىنى تەر ئەمەس بەلكى، توخۇ ئەت قاپلاپ كەتكەنىدى.

# 8

لو جېنچېلىڭ ھەقىقەتەن ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن شياۋجيەن بىراقلا جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، ھەقىقىي بىر قاتىلغا ئاي-لىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا لو جېنچېڭغا ۋەھىمە سالالايتتى. ھېلىقى كۈندىكى تونېل ۋەقەسىدىن كېيىن، لو جېنچېلىڭ ئۇنىڭ مەجبۇرىي تەكلىپى بىلەن ئاشۇ نەس باسقۇر، قاباھەتلىك يەرگە ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلدى. شياۋجيەن ھەر قېتىم بىرەر ماشىنا ئۆتۈپ كەتكىچە تاقەتلىك بىلەن ساقلاپ، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن ئۆ-يىگە قايتاتتى. كېيىنچە لو جېنچېڭمۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىسىز ھالدا ماشىنا ساقلايدىغان بولدى. ماشىنا كەلگەن ھامان دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. ئەلۋەتتە خەتەرمۇ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىدەك ۋەھىمىلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەر قېتىم خەتەردىن ئامان ـ ئېسەن قېلىۋاتاتتى. راستىنى دې-گەندە، ئۇلار ئۇچراتقان شوپۇرلارنىڭ تېخنىكىسىمۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس بولۇپ، پەقەت بىچارە لو جېنچېڭلا ئۇلارنىڭ تۈكۈرۈكلىرى-نىڭ نىشانىسىگە ئايلىنىپ، تىلغا ئالغۇسىز ئاھانەتكە قالاتتى. كې-يىنكى قېتىملاردا ئۇ بۇنىڭغىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەيدىغان

بولدى. ئاخىرى بىر قېتىم ئۇ ئەرلەر ھېيلىسى قوللىنىپ، مېھىر - مۇھەببەت ئارقىلىق ئۇنى ئۆزگەرتىپ، بېشىدىكى بۇ قارا تۇتۇندىن بى-راقلا قۇتۇلماقچى بولدى. چۈنكى، ئەھۋال يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يېتىپ، ھەتتا دىققىتىنى يىغالماي، ئېچى-ۋاتقان يىغىنلىرىنىڭمۇ قالايمىقان بولۇپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. لېكىن ئاقىۋەتتە شياۋجيېن ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىدى. ئاخىرى لو جېنچېڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللىدى: ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كېلىپ كېتىڭ!

شياۋجيېن ئىشتىن چۈشىدىغانغا يېرىم سائەت قالغاندا لو جېنچېڭ ۋىنتاۋ تاغلىق كەنتىدىكى ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزى تاللاپ ئالماشتۇرغان ئىشىك ئېتىك ئىدى. ئامالسىز قالغان لو جېنچېڭ شياۋجيېننى ساقلىغاچ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا ئازراق كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەسلىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى بولغان لايى-ھەسى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا تازا مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇيۇلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بىراقلا شياۋجيېنگە بېرىۋېتىپ، ئۆ-زىگە چېكىنىش يولى قويۇپ قويمىغانىدى.

شياۋجيېننىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر يوللاردا ماشىنىلارنىڭ توسۇلۇش ھادىسىسى كۆ-رۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۇ بۇ چاغقىچە ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولۇ-شى كېرەك ئىدى. لېكىن تا ھازىرغىچە شياۋجيېننىڭ ھەتتا سايىسى-مۇ كۆرۈنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆلىتىنى قايرىپ قويۇپ، ش-

ياۋجيەنگە قىسقا ئۆچۈر يوللىدى: «نېمىشقا تېخىچە يېتىپ كەلمەيسىز؟»

لېكىن، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شياۋجيەندىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. بۇ خىل تاكتىكا ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم سىنالغان بولۇپ، نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ چىققانىدى. لو جېنچېڭ شياۋجيەننىڭ بۇ قىلتاقتا چۈشمىگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. شۇ قېتىم ئۇ تونېل ئىچىدە شياۋجيەننى قوچاقلىغانىدى. لېكىن شياۋجيەننىڭ تېنى شۈنچىلىك ھېسسىياتسىز ئىدىكى، لو جېنچېڭ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ گۈزەل مەخلۇققا نىسبەتەن كۆڭلىدە ھەقىقەتەن گۇمان شەكىللەندى. ئىلگىرى ئۇ بىر قوللۇق كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇ نەرسە زادى راست نەرسىمۇ؟ ياكى تولۇق كونترول قىلىپ بولالمىغان ۋاقىتلىق يالغان نەرسىمۇ؟

يەنە بىر تەرەپتىن لو جېنچېڭ ھېلىقى خۇمپەر ئۆچۈن تەييارلىغان نەق پۇللار تېخىچە ئىگىسىنى تاپالمىغان، يەنى تەلىپى ھېلىقى تەكەببۇر خۇمپەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغانىدى. بىراق بۇنىڭدىن قارشى تەرەپنىڭ پۇلغا پەقەتلا ھاجىتى يوق دەپ قاراشقا بولمايتتى. لېكىن، لو جېنچېڭنىڭ قولىقى بىرئاز تىنجىپ قالغان بولدى. قاقتى ـ سوقتى قىلىنىشقا نىسبەتەن لو جېنچېڭنىڭ ھەرھالدا ئىدىيەۋى تەييارلىقى بار ئىدى. ناۋادا ئۇ قاقتى ـ سوقتى قىلىنىشنىڭ ئازابىغا ئۇچرىمىغان بولسا، بۇ جەھەتتە ئىلگىرى ئۇنىڭ ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق ئىدى.

ئازاب دىگەن بۇ سۆز بىلەن لو جىنچېڭنىڭ نۆۋەتتىكى ھەسرەت ـ نادامەت ۋە قورساق كۆپۈكلىرىنى تەسۋىرلەش ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ھېلىقى خۇمپەرنىڭ بىسمى بىلەن لو جىنچېڭنىڭ قىلغانلىرى ئىنتايىن غەيرىي ۋە كۈلكىلىك ئىشلار ئىدى. مەسىلەن، جەنۇبىي چوڭ كوچىدا پىيادە مېڭىشقا مەجبۇرلىنىش، خەيگاڭ يولىدىن ئايلىنىپ جەنۇبىي چوڭ كوچىغا قايرىلىش، ئاندىن ئۇدۇل شەرققە مېڭىپ جەنۇبىي چوڭ كوچا بىلەن چوڭ كوچىنىڭ ئاچىسىغىچە مېڭىپ بېرىش، ئاندىن ئارقىغا يېنىپ غەربكە مېڭىپ جەنۇبىي چوڭ كوچا بىلەن خەيگاڭ يولىنىڭ گىرەلەشمىسىگە بېرىپ توختاش دېگەندەك...

ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ يوللاردا بىرەر ئىشقا يولۇقمەن، مەسىلەن بىرنەچچە لۈكچەك تەرىپىدىن ئەدىپىمنى يېيىشىم مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ قىياسى ھەمىشە يوق بولۇپ چىقاتتى. ماشىنا، ئاپتوموبىللار، يولۇچىلار ئوخشاشلا ناپكارنىڭ مۇككىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايتتى.

لو جىنچېڭ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇشىغا ھېلىقى خۇمپەردىن ئۈچۈر كەلدى. تەلىپى بولسا ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم شەرق تەرەپكە بېرىپ كېلىش ئىدى. لو جىنچېڭ بۇ يولنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي بەش قېتىم مېڭىپ چىققۇچە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. ھېسابلاپ كەلگەندە، ئۇ مى خۇڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەندە مانا مۇشۇنداق مېڭىپ باققان، ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى قىينى قىززىپ تۇرغان يىگىت ئىدى. ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە

سوۋۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ يوللار ئەمدىلىكتە ھەقىقەتەن مۆل-چەرلىگۈسىز ئۆزۈن تۇيۇلماقتا ئىدى. كۈتۈلمىگەندە، تۇنۇگۈن لو جېنچېڭنىڭ ۋېلسىپىتلىك ئىشتىن چۈشۈشى تەلەپ قىلىندى. ئال-دىنقى كۈنى كەچ قار ياغقان بولۇپ، بىچارە لو جېنچېڭ قىسقا ئۆچۈر-نى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن نائىلاج ئادەم ئەۋەتىپ ۋېلسىپىت سې-تىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېلسىپىت مىنىپ ئىشتىن چۈشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ۋېلسىپىت مىنمىگى-نىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغاچقا، پۇت - قوللىرى قولاشماي، ھەتتا ئىككى قېتىم يېقىلىپمۇ چۈشتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ يەنە باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ۋېلسىپىتنى تەستە ھەيدەپ شىركەتكە ئارانلا يېتىپ كەلدى. شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە پارقىراپ، خۇپىيانە پىچىرلىشىپ ئاخىرى بىردەك خۇلاسىگە كېلىشتى:

— قارىغاندا، باشلىقىمىز جاپادىن خۇشاللىق ئىزدەۋاتقان ئوخشايدۇ.

باشقا بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، لو جېنچېڭ ۋېلسىپىت بىلەن خىزمەتكە بېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ ھەقىقەتەن جاپادىن خۇشاللىق ئىز-دەۋاتاتتى. ئۇلار يېڭى توي قىلغان ئەينى يىللاردا ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇر-غۇدەك ئۆيىمۇ يوق، ئامالسىز بەخت 7 - كەنتىدىن ئون نەچچە كىۋاد-رات مېتىرلىق كىچىك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن مى خۇڭ بىلەن ۋېلسىپىتلىك ئىشقا باراتتى. قار ياغقانلاردىمۇ ھەرگىز ئاپتوبۇستا ئولتۇرمايتتى، بۈگۈن لو جېنچېڭ-

ىنىڭ تۇيۇقسىز قەلبىدىكى سېغىنىش ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ، ۋېلى-
سىپىتنى مىنگىنىچە 7 ـ كەنتكە يېتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت
بەكلا ئۆزىراپ، ئەسلىمىلىرى غۇۋالىشىپ كەتكەچكە، شۇنچە ئىزدەپ-
مۇ ھېلىقى ئىجارىگە ئالغان ئۆينى تاپالمىدى. 7 ـ كەنتنىڭ ھەقىقە-
تەن ئىلگىرىكى قىياپىتىدىن ھېچقانچە ئەسەر قالمىغان، ئاساسەن يې-
ڭىياچىلىشىپ كەتكەنىدى. لو جېنچېڭ مى خۇڭغا تېلېفون ئۇردى:

— مەن ھازىر 7 ـ كەنتتە، ۋېلىسىپىتلىك كەلدىم.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ ـ مى خۇڭ ئې-
رەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

— ھېچنېمە، پەقەت ئايلىنىپ كەلدىم شۇ، ـ لو جېنچېڭ ئۇلاپلا
ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ـ سىز قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟

— ناھايىتى ياخشى.

لو جېنچېڭ ۋېلىسىپىتنى قارىنىڭ ئۈستىگىلا تۇختىتىپ
قويۇپ، ئۆزى تاماكا چەككەچ مى خۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتى. مى
خۇڭنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا بىر ئاز ناتونۇشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ
بۇنىڭ كۆچمە سىگنالنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى تاسادىپىي توغرا
كېلىپ قېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشلار مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا كۆپ
بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ناۋادا تىياتىرخانىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇننى بىر
خىل توغرا كېلىپ قېلىش دېگەندە، ئۇنداقتا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى-
نىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، جەنۇبىي چوڭ كوچىدا پىيادە
مېڭىشقا، قېلىن قاردا ۋېلىسىپىتلىك ئىشقا بېرىپ ـ كېلىشكە مەج-

بۇرلىنىشلارنىڭ ھەممىسى ئەجەبا تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانمۇ؟

لو جېنچېڭنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە بىر روھى جەھەتتىن زەربە بېرىش، قەستەن ئازابلاشقا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ھال-بۇكى، لو جېنچېڭ بۇ ئىشلارنى مى خۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايتتى.

لو جېنچېڭ مى خۇڭنى يەنە بىر دەم پاراڭغا تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىدىكى گۇمانىنى يېشىشكە دائىر ئۇچۇرلارنى ئىزدىمەكچى بولىۋې-دى، لېكىن مى خۇڭ بەكلا ئالدىراش بولغاچقىمۇ، ئانچە كۆپ سۆزلە-مەيلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ھېلىقى خۇمپەر لو جېنچېڭغا قانداقتۇر مەلۇم بىر ئىشنى قىل-دۇرۇش ئۇچۇن ئۇنى بىر تال ئاچقۇچ بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاچقۇچنى قاچانلاردا يەر ئاستى ئۆيىگە قويۇپ قويغانلىقى نامەلۇم، لېكىن ئىشنىڭ يوچۇقىدىن كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

لو جېنچېڭ ئاچقۇچنى ئېلىپ قىسقا ئۇچۇردىكى كۆرسەتمە بو-يىچە مەلۇم بىر ئاھالىلىكلەر قورۇسىدىكى بەلگىلەنگەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ قورۇ ۋىنتاۋ تاغلىق كەنتى بىلەن روبىرو بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت تار بىر كوچىلا ئايرىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى ئۆيلەر خېلىلا كونىراپ قالغان، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېقىن ئەتراپ-تىكى بازارنىڭ ئېلىپ ـ ساتار كىچىك تىجارەتچىلىرى ئىدى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆچۈپ كېتىپ، ئۆيلىرىنى ئۇلارغا ئىجا-رىگە بەرگەن بولۇپ، ھېلىقى خۇمپەرمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدەك

قىلاتتى.

قىسقا ئۆچۆردىكى كۆرسەتمىگە ئاساسەن، لو جېنچېڭ شىمال تەرەپتىكى بالكونغا چىقتى. بالكون ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆينىڭ ئاشخانىسى بولۇپ، بىر قاراشتىنلا خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىشلىتىلمىگەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئوچاق بېشىنى بىر قەۋەت توپا ـ چاڭ قاپلىغان، دېرىزىلەرگە پەردە تارتىلغانىدى. بالكون دېرىزىسىگىمۇ پەردە تارتىلغان بولۇپ، بىر قاراشتىنلا ئۇنىڭ باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن يەنى يوشۇرۇن كۆزىتىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تارتىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ پەردە ئىنتايىن نەپىس ۋە ئىلغار ياسالغان تىكلىمە دۇربۇننى دالدا قىلىپ تۇراتتى. دۇربۇننىڭ كۆزىتىش ئارىلىقى ئالدىنئالا تەڭشەپ قويۇلغانىدى. لو جېنچېڭ سىناپ بېقىش ئۈچۈن پەردىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قايرىپ، دۇربۇنغا يېقىنلىشىش ھامان دەل ۋېنتاۋ كەنتى A رايون 820 نومۇرلۇق ئۆيگە كۆزى چۈشتى. ئۆينىڭ دېرىزىسىگە تارتىلغان يىپەك پەردىنى شياۋجيەن سېتىۋالغان، بەكمۇ كۆركەم، نېپىز پەردە ئىدى. ئەڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ جەۋھىرى بولغان بۇ دۇربۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆينى ئۆز ئەينى كۆزىتىش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

ئۆيدە ھېچكىممۇ يوق، تىپتىنچ ئىدى. لو جېنچېڭ ئۆي تەرەپكە قارىغانسېرى يۈرىكىنى قورقۇنچ چىرمايتتى. قانچە قارىغانسېرى تەپەككۇرى قاناتلىنىپ، شياۋجيەننى تۇنجى قېتىم بۇ ئۆيگە باشلاپ كەلگەندىكى مەنزىرە كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا شياۋجيەن ئىزا تارتقىنىدىن قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن بەدىنىـ

نى ياپاتتى. دوربۇن بىلەن ئۇ ئۆيگە قانچە قارىغانسېرى شىياۋجيەن بىلەن تىركەشكەندىكى ھالەت كۆز ئالدىغا كېلەتتى. تەكرار قارىغانسې-رى خۇددى شىياۋجيەننىڭ ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلىپ، يىڭنە بىلەن گاندوننى تېشىۋېتىپ، ئۇنى چاندۇرماي ئۆز قېپىغا سېلىپ قويغاندە-كى ھالىتى نامايان بولاتتى. لو جېنچېڭ تېخىمۇ دىققىتىنى مەركەز-لەشتۈرۈپ، ئۆز تۇيغۇ بوشلۇقىدا شىياۋجيەننىڭ ئاشۇ چاغدىكى چىراي ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدى. شىياۋجيەن ئەينى چاغدا يۈرى-كىنى قاپتەك قىلىپ، نەيرەڭ ئىشلەتكەندى.

ھېلىقى خۇمپەرنىڭ قەستى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ لو جېن-چېڭغا دۈربۇن ئارقىلىق يوشۇرۇن كۆزەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى-نى سىناپ باقماقچى بولغانىدى. ئۇنداقتا، بۇ مى خۇڭنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىمۇ قانداق؟ مى خۇڭ ئۆيدىكى مەخپىيەتلىكنى بايقىغاندىن كېيىن، بۇ پەردە دۈربۇن ئارقىلىق سانسىز قېتىم ئۇلارنى يوشۇرۇن كۆزەتكەن. ئەمدىلىكتە ئۇ لو جېنچېڭنىمۇ بۇ خىل ھېسسىياتتىن بەھرىمەن قىلماقچى بولغانمۇ، قانداق؟ لو جېنچېڭ شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ مى خۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئاشۇ توغرا كېلىپ قېلىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ قىياسىنى دەلىللەش ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ؟ لېكىن بۇ خىل ئېھتىماللىقنى ساقىت قىلىۋەتكەندە، ئاشۇ بىرقاتار توغرا كېلىپ قېلىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ لو جېنچېڭ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك تېڭىر-قاپ، ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدى. ئەمدىلىكتە لو جېنچېڭ ۋەزىيەتنى پەقەتلا مۆلچەرلىيەلمەيۋاتاتتى. نۆۋەتتىكى ئەھۋال-

غا ئاساسلانغاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى مى
خۇئىدىن سورىيالمايتتى. دېمەك، بارلىق قىياسلار يەنىلا قىياس
بىلەن قىلىش باسقۇچىدا توختاپ قالغانىدى. لو جېنچېڭ ئىجارە
ئۆيدە خۇددى قىلدەك ئەلەم بىلەن تولغىناتتى. بىر تۈرۈپ بېشىنى
قاشلىسا، يەنە بىر تۈرۈپ A رايون 8 ـ 20 نومۇرلۇق ئۆينى تەكرار كۆ-
زىتەتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر شياۋجيەنىڭ ئۆيدە تۇيۇق-
سىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەپسۇس، لو جېنچېڭ بۇ
تىلىكىگە يېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسەللى ئىزدەپ، باشقا ئۆي-
لەرنىمۇ يوشۇرۇن كۆزىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. بەزىدە ئۇ ھېچ ئوي-
لىمىغان يەردىن تىلغا ئالغۇسىز بەزى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپمۇ قالاتتى.
ئاخىرى بىركۈنى لو جېنچېڭ شياۋجيەننى ئۇ ئۆيدە تۇيۇقسىز چې-
لىقتۇرۇپ قالدى. شياۋجيەن ئۆيدە مەقسەتسىز ئۇياقتىن ـ بۇياققا ما-
ڭاتتى. كارىۋاتتا يېتىپ باقاتتى، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئويچان ھالدا
تۇرۇپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا لو جېنچېڭ تېخىمۇ سەگەكلىشىپ،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ، چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشاتتى. دۇربۇن ئۇنى
ئېنىق، تېخىمۇ يېقىن كۆرسىتىپ، لو جېنچېڭنى خۇددى ئۇنىڭ
بىلەن يۈزلىشىپ تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

شياۋجيەن ھېچقانداق ئىشمۇ قىلمىدى. ئازلا ئۆتمەي ئۆيدىن
چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. لو جېنچېڭ شياۋجيەننىڭ ئۆيدىن
ئايرىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە بىراۋلار
بىلەن ئۆزگىچە ساتقىنلىق قىلىپ، ئىشقۋازلىق قىلىشىنى ئارزۇ
قىلاتتى. ناۋادا ئەھۋال شۇنداق بولسا، لو جېنچېڭنىڭ كۆڭلىدىكىدەك

بولاتتى. ئاقىۋەتتە شياۋجېيەن بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ ئۆيگە قەدەم بې-
سىپمۇ قويمىدى.

ئارىلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، لو جېنچېڭ ئاخىرى يۈرەك-
لىك بىلەن خوجىلىق بۆلۈمىنى ئىزدىدى. ھەقىقىي ئەھۋال مەيلى
قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولسۇن، ھەتتا پەردە ئارقىسىدىكى ھېلىقى
سىرلىق خۇمپەرنىڭ مى خۇڭ بىلەن مەيلى قانداق مۇناسىۋىتى بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا ئۇ كىشى مى خۇڭ بولسۇن مۇقەررەر
ھالدا شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. لو جېنچېڭ خوجىلىق بۆلۈمى-
دىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇ ئۆينى ھىڭگاڭ چىش لەقەملىك خۇاڭ فامىلى-
لىك بىر ئۇششاق تىجارەتچىنىڭ ئىجارىگە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ
ھازىر يېقىن ئەتراپتىكى مەلۇم بىر بازاردا باققاللىق قىلىۋاتقانلىقىنى
ئېنىقلىدى. لو جېنچېڭ ئاشۇ بازاردىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋې-
دى، تونۇش ـ بىلىشلىرى ھىڭگاڭ چىشنىڭ ھازىر بۇ يەردە تىجارەت
قىلمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنى يەنە ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈۋېدى،
ئەكسىچە، ئۇنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر چىقمىدى.
لو جېنچېڭ ئۆيگە قايتىۋېتىپ، خۇسۇسىي رازۋېدچىكقا تېلېفون
ئۇردى.

# 9

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، شياۋجېيەن تەرەپتىن ھېچقانداق
خەۋەر كەلمەي، لو جېنچېڭنىڭ قۇلىقىمۇ خېلىلا تىنجىپ، يېرىم
كېچىلەردە ھېلىقى تونۇش ئىچىدە يۈرەكزەدە بولۇپ ئولتۇرىدىغان

ئىشلاردىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ۋاھالەنكى، كەيپىياتتىكى بۇنداق تو-ساتتىنلا بوشىنىش ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. شۇڭا بۇ ھالدىن لو جېنچېڭ ئىختىيارسىز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدى. ئەكسىچە، شياۋجيەن بولسا ھەر ۋاقىت سۇكۇت ئىلكىدە ئىدى. لو جېنچېڭ ئايرىلىپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان كۈندىن باشلاپ، شياۋجيەن پەقەت ئۇنى تونېل ئىچىگە تەكلىپ قىلماقچى بول-غاندىلا، ئاندىن قىسقا ئۇچۇر يوللايتتى. باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن پە-قەتلا خەۋەر بولمايۋاتاتتى.

لو جېنچېڭ شياۋجيەنىنىڭ نەيرەڭ قاپىغىدا يەنە قانداق ھىيلە-لەرنىڭ بارلىقىنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئادەتتىن تاش-قىرى غەلىتە خىياللارغا چۆكۈپ كېتەتتى. مەسىلەن، شياۋجيەن تونېل ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرغان، ئازلا ئۆتمەي قانداقتۇر بىر ماشىنا كېلىپ ئۇنى سوقۇۋەتكەن دېگەندەك...

بۇنداق تەسەۋۋۇرلار يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن لو جېنچېڭ شياۋجيەنگە قىسقا ئۇچۇر يوللىدى. لېكىن، قارشى تەرەپتىن ئوخشاشلا سادا يوق ئىدى. ئاخىرى تېلېفون ئۇردى:

— مەن ھازىر كۈنمىڭدا، - شياۋجيەن شۇنداق دەپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى ناھايىتى قوپال ئىدى. ۋاھالەنكى، لو جېنچېڭ كۈنمىڭ دېگەن بۇ نامنى ئاڭلى-دى - دە، ئىختىيارسىز بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. چۈنكى ئا-يالى مى خۇڭمۇ دەل ئاشۇ كۈنمىڭدا ئەمەسمۇ؟ شياۋجيەن ئۇ يەرگە

بېرىپ نېمە ئىش قىلار؟ مى خۇڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلماقـ
چىمۇ ياكى دۇئېلغا چۈشمەكچىمۇ؟ بۇ ئايال ئەمدىلىكتە لو جېنچېڭـ
نىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويماقتا ئىدى. ئەينى چاغدىكى يۇزى تۆۋەن
مۇلايىم ئايال ئەمدىلىكتە بىرلا دومىلاپ قورقۇنچلۇق ئۆكتەم خوتۇنغا
ئۆزگىرىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، لو جېنچېڭ يەنىلا ئۆزىگە ئىشەـ
نەتتى، چۈنكى شياۋجيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئەزەلدىن
تارتىپ ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن شۇنىمۇ ئېـ
تىراپ قىلمىسا بولمايتتىكى، شياۋجيەن ئەمدىلىكتە ئۇنى ئاق دېسە
ئاق، قارا دېسە قارا قىلىۋېتىپلا قالماي، مۆرىتى كەلسە ھەتتا بىر تىـ
يىنغا ئالغۇسىزمۇ قىلىۋېتەلەيدىغاندەك قىلاتتى.

لو جېنچېڭ شياۋجيەنگە تېلېفون ئۇرۇۋېدى. لېكىن شياۋجيەن
ئالماي قويدى. قىسقا ئۇچۇر يوللىغانىدى جاۋاب قايتۇرۇپمۇ قويمىدى.
ئامالسىز قالغان لو جېنچېڭ ئاخىرى شېكەر يالىتىلغان شېرىن ـ
شېكەر تىللار بىلەن ئۇنىڭغا ھەجمى ھېكايە بىلەن باراۋەر كېلىدىغان
ئۇچۇردىن بىرنى يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك مۇھەببەتلىك
ھاياتىنى خۇلاسىلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى بۇنداق بىھۇدە ئازابلىماسلىقـ
نى ئۆتۈندى ۋە مەقسەتلىك قوشۇپ قويدى: «ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى
چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ھېلىقى گاندون ۋەقەسىدىن كېيىن
ئەنسىرەپ قالغىنىم راست، سىزنىڭ ئەمدى بۇنداق قىلمايدىغانلىقـ
ىڭىزغا ئىشىنىمەن، دەرھال قايتىپ كېلىڭ، سىز كەتكەندىن كېيىنـ
لا، مەن سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى ھەـ
قىقىي ھېس قىلدىم...»

ئەكسىچە، لو جېنچېڭنىڭ بۇ تاكتىكىسىغا نىسبەتەن
شىياۋجېيەن ئېھتىمال ئېتىبارسىز قارىغان ۋەياكى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي
ئۈمىد ئۈزگەندەك قىلاتتى، شىياۋجېيەننىڭ تۆت پەسىل يېشىللىق
بىلەن پۈركىنىپ تۇرىدىغان كۇنمىڭ شەھىرىدە زادى نېمە ئىشلارنى
قىلىۋاتقانلىقى لو جېنچېڭ ئۈچۈن ھېلىھەم ئويلاپمۇ تېگىگە يەتكىلى
بولمايدىغان مۇتلەق سىر ئىدى. نەتىجىدە لو جېنچېڭ ئامالسىز مى
خۇڭغا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقماقچى بولدى.

مى خۇڭنىڭ ئىنتوناتسىيەسىدە ئاۋۋالقىدەكلا ئۆزگىرىش يوق
ئىدى. بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىشمۇ يۈز بەرگەندەك قىلمايتتى. ئەكسى-
چە، بۇ ھال ھەرگىزمۇ خەۋپنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى،
چۈنكى شىياۋجېيەن ھېلىھەم ئۇ شەھەردىن ئايرىلمىدى، قاچان قايتىپ
كېلىشى تېخىچە ئېنىق ئەمەس!

شۇنداق قىلىپ، ئارىلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر-
كۈنى لو جېنچېڭنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىدا ئالاھىدە بىر
تېز يوللانما پەيدا بولۇپ قالدى. تېمىسى ئاددىيلا يېزىلغانىدى: «قو-
شۇمچە ھۆججەت بار. شىياۋجېيەن»

لو جېنچېڭ ئالدىراپ خەت ساندۇقىنى ئېچىۋىدى، ئەۋەتىلگەن
يوللانمىلارنىڭ ھەممىسى سۈرەت بولۇپ چىقتى. ساناپ كۆرۈۋىدى
دەل 23 پارچە ئىكەن.

لو جېنچېڭنىڭ بارلىق ئىشەنچىسى ھېلىقى سۈرەتلەرنى كۆر-
گەندىن كېيىن، بىراقلا بەرپات بولغانىدى. شىياۋجېيەن نېمىدېگەن
قەبىھ ئايال ـ ھە! چۈنكى ئۇ كۇنمىڭدەك شۇنچە يىراق يەرگە بېرىش-

تىن ياناي، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن مى خۇڭنىڭ باشقىلار بىلەن مەخپىي ئۇچراشقانلىقى سۈرەتلىرىنى يوشۇرۇن تارتىپ ئەۋەتكەنىدى. مى خۇڭ ئەسلى كۇنمىڭغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ دائىم مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چاقىرىلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا باردۇ. كەسپىدىكى ئابرۇيىغا تايىنىپ، ئۆز ساھەسىنىڭ مەلۇم يۈنىلىشىگە تەسىرمۇ كۆرسىتەلەيدۇ. مەيلى نەگىلا بارسۇن، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكەلەيدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئايالنىڭ كۇندۇزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، كېچىلىرى ئاشنىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشى قانداقمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ دەيسىز؟ لو جېنچېڭ بۇ سۈرەتلەرنى كومپيۇتېر ئارقىلىق كىرىشتۈرگەنمىكىن دەپ گۇمانلانغانمۇ بولدى. بىراق...

شياۋجيەن كۇنمىڭدا مى خۇڭنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاخىرلاشقىچە تۇردى. شۇ كۈنلەردە لو جېنچېڭ شياۋجيەن ئارقىلىق تېخىمۇ ئەتراپلىق ئاخباراتلارغا ئېرىشتى. ھېلىقى سۈرەتلەردىن باشقا شياۋجيەن خۇددى لو جېنچېڭنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق ئوي خىياللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك قانداق ئۇسۇللاردىن پايدىلانغانلىقى نامەلۇم، ھېلىقى ئەرنىڭ ئەسلىدە مى خۇڭنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىلا بولۇپ قالماي، بەلكى تۇنجى سۆيگىنى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىقلاپ چىققانىدى. بۇ ئىشلار توغرىسىدا مى خۇڭ ئىلگىرى ھېچقانداق سىر بەرمىگەن، لو جېنچېڭنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مى خۇڭدەك

ئاياللارنىڭ تويدىن ئىلگىرى ھېچقانداق مۇھەببەت تارىخى بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

مى خۇڭنىڭ ئۇ ئەر بىلەن قاچانلاردىن باشلاپ ياشلىقتىكى مۇھەببەت گۇلخانلىرىنى ئۇچقۇنداتقانلىقى، ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى قاچاندىن باشلاپ ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۇخشاشلا سىر ئىدى. شياۋجيەن پەقەت ھېلىقى ئەرنىڭ باشقا بىر شەھەردىن مەخسۇس مى خۇڭ بىلەن ئۇچرىششقا كەلگەنلىكىنى، قىسقا ۋاقىتلىق ئۇنتۇلماس شېرىن مىنۇتلاردىن كېيىن، مى خۇڭ ئەرنى ۋوگزالغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى، مى خۇڭنىڭ يىغىنىنىڭ ئاخىرلىششىغا يەنە بىر ھەپتىدەك ۋاقىت قالغانلىقىنى ئىگىلىگەنىدى.

لو جېنچېڭ كومپيۇتېر ئۈستىلىنى غەزەپ بىلەن قاتتىق بىرنى مۇشتلىۋېدى، ئۈستەل ئۈستىدىكى ئەينەكنىڭ يۈزى خۇددى ئۆمۈچۈك تور باغلىغاندەك بولۇپ قالدى، ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئەينەك يېڭىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. شياۋجيەننىڭ يوللانمىلىرى ئاخىرلاشقان، قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ تاماملانغان بولغاچقا، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئۇ ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. شياۋجيەننىڭ قانداق قىلىپ مى خۇڭنىڭ ئاشىنىدارچىلىق مەخپىيىتىنى بىلىۋالغانلىقى، مەخسۇس رۇخسەت سوراپ كۈنمىڭغا بېرىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتا لو جېنچېڭ ئۈچۈن يەنە بىر سىر ئىدى. شياۋجيەننىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشىدا زادى نېمە مەقسەت بار؟ ئۇنىڭ مۇددىئاسى لو جېنچېڭنىڭ مى خۇڭغا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، مۇھەببىتىنى گۇمران قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئاج-

راشتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتىنى يېڭىدىن باشلىماقچىمۇ؟

ئايال دېگەن زادى قايسى تۇردىكى مەخلۇق؟ ئۇ ئادەتتىكى چاغلار-
دا ساددا، يەنە قارا تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئەقىلسىزرەك كۆرۈنىدۇ،
لېكىن مۆرتى كەلگەندە، گويا شاۋقۇنلاپ تۇرىدىغان تېگى يوق بىپا-
يان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. لو جېنچېڭ ئاياللارغا تەلتۆكۈس قايىل
بولغانىدى.

لو جېنچېڭ پەقەت ئۆزىگە خاس بولغان پەرىزىنىڭ پۇتۇنلەي خا-
تالاشقانلىقىنى ئاخىرى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئەمەلىيەت شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، شياۋجيەن ھەقىقەتەن ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە
ئايال ئىدى. ئۇ زادى قانداق قىلىپ لو جېنچېڭنىڭ مەنتىقىسى بويى-
چە ئۇ ئىشلارنى پىلانلىق ئېلىپ بارالىدى؟

ئۇ كۇنمىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لو جېنچېڭنى زادىلا
ئاۋارە قىلىپ باقمىدى، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىزدەپ قويمىدى،
جۇملىدىن يېرىم كېچىلەردە ھېلىقى نەس باسقۇر تونېلغا چاقىرىدى-
غان ئىشلار قايتا تەكرارلىنىپمۇ يۈرمىدى، راستىنى دېگەندە، لو جېن-
چېڭنىڭ شياۋجيەن بىلەن ئالاقىلاشقۇسى، ئەڭ ياخشىسى خالىي ھەم
تىنچ جايدا، يەنى ۋېنتاۋ تاغلىق كەنتتىكى ئۆيدە باشقىلارنىڭ ئاۋارە
قىلىشىدىن خاتىرجەم ھالدا، بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن بۇرۇنقىدەك
كۆڭلىنى خوش ئېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇبدان بىر مۇڭدىشى-
شىپ، مى خۇڭنىڭ كۇنمىڭدىكى ئىشلىرى شۇنداقلا شياۋجيەننىڭ
بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىدى. ھالبۇكى،

ھېچ ئويلىمىغان يەردىن شياۋجيەن ئەمدىلىكتە يان تېلېفون نومۇر-
نىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى!

لو جېنچېڭ ئەمدىلىكتە تېپىرلاپ قېلىۋاتاتتى، چۈنكى مى
خۇڭنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. مى خۇڭنىڭ
ئاشنىسى بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋىتى، قاقتى - سوقتى
قىلىش ۋەقەسىدىكى ئوينىغان رولى، ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ زادى
نېمە ئىكەنلىكى ئەلۋەتتە بىر - بىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك!
لو جېنچېڭ شياۋجيەن ئارقىلىق ئۆزگە ھەقىقي پايدىلىق بولغان
تېخىمۇ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە تەقەززا ئىدى. ئۇ ھېلىقى
تونېل ئېغىزىدا شياۋجيەننى ساقلاپ تۇردى. ئەكسىچە شياۋجيەن ئاپ-
تۇبۇستىن چۈشۈپ، لو جېنچېڭنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا،
ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. لو جېنچېڭ ئۇنى چاقىرىۋېدى، لېكىن
شياۋجيەن ئاڭلىمىغان سىياقتا قورۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋەردى. لو
جېنچېڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قورۇ دەرۋازىسىگىچە كېلىپ، قوغداش
خادىملىرىغا ئۇچرىشىپ قالدى.

— بۇ ئادەم قەستەن ماڭا بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتىدۇ، - دېدى
شياۋجيەن ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىپ.

ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان لو جېنچېڭ دەرھال قۇيرۇقىنى
خادا قىلدى.

# 10

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىياۋجيەننىڭ كۆنمىڭغا بېرىپ مى خۇڭنىڭ ئاشىنىدارچىلىق سەتچىلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىگىلەشى ھەرگىزمۇ مى خۇڭنى شەرمەندە قىلىش ئەمەس، بەلكى لو جېنچېڭنى ئازابلاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي تەنھا قالدۇرۇش ئىدى.

لو جېنچېڭ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى. پەقەت خوتۇنىنىڭ يولدىن چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇ ۋەقە سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بىرقاتار كۈتۈلمىگەن ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئازابلىناتتى. چۈنكى ئۇنىڭ 44 يىللىق ھاياتىدىكى يەكۈنلەپ چىققان كۆز قاراشلىرى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئۆز ئەقىل ـ ئىدراكى ئارقىلىقلا شۇنداق ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك كېتىۋاتقانلىقىدىن ئالەمچە خۇشال، ئۆز ئىقتىدارىدىن مەمنۇن ئىدى. لېكىن ھازىر ئەھۋال ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئەخمەق، دۆت ـ كالۋا، ھاڭۋاقتى دەپ قارىمايتتى. ئاتتىن چۈشسىمۇ ئىگەردىن زادىلا چۈشكىسى يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابستراكت ئازاب ئىدى، ھەقىقىي ئازاب يەنىلا مى خۇڭ كەلگەندىن كېيىن بۇ يولدىن چىققان خوتۇنىنى قانداق كۈتۈۋېلىش، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن مەسىلىنى قانداق قىلىش جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. ئەمەلىيەتتە،

ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇنداقتا ئۇ بۇ ئا- زابلىق رېئاللىقتا چوقۇم يۈزلىنىپ، بىراقلا مەغلۇپ بولۇش كېرەك- مۇ ياكى ئېھتىماللىقتا ئاز - تولا ئۇرۇن قويۇپ قويۇش كېرەكمۇ؟ لو جېنجېڭ ئەنە شۇنداق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ئەلەم بىلەن تولغى- نىۋاتقان ۋاقىتتا، خۇسۇسىي رازۋېدچىك ھېلىقى خۇاڭ فامىلىلىك ھىڭگاڭ چىش باققالنى ئىزدەپ تاپقانىدى. ئەسلىدە، ھىڭگاڭ چىش يېقىن ئەتراپتىكى باشقا بىر بازاردا كۆكتات ساتاتتى. ئۇ چىشلىرىنى تېخىمۇ ھىڭگايتىپ، لو جېنچېڭدىن ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىش مەقسى- تىنى سورىدى.

— بىر ئىشنى سىزدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن كېلىۋېدىم.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ بۇ كېلىشىڭىزنىڭ ھېلىقى ئۆي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى چوقۇم.

— شۇنداق، - لو جېنچېڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى، - بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

— سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، - دېدى ھىڭگاڭ چىش ئۇنىڭغا سىرلىق تىكىلىپ.

— ئۇنداقتا سىز ماڭا نېمە ئىشلار ھەققىدە ئېيتىپ بەرمەكچى؟ قارىغاندا، سىز ھېلىقى دۇربۇن توغرىسىدا ئېيتىپ بەرمەكچىغۇ دەيمەن.

— نېمە ئۇ دۇربۇن دېگەن؟ مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

— ھېلىقى سىز ئىجارىگە ئالغان ئۆيدىكى دۇربۇننى دەيمەن. ئۇنى سىز بىلمىسىڭىز كىم بىلىدۇ؟

— ھە، ئەمدى بىلدىم، ئۇ دۇربۇن مېنىڭ ئەمەس، سىز ئۇ ئۆينى مېنىڭدىن كىمنىڭ ئىجارىگە ئالغانلىقىنى سورۇشتۇرمەكچىمۇ؟ مەن سىزنىڭ چوقۇم بىركۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم.

— ئۆينى كىم ئىجارىگە ئالغان؟

— ناتونۇش بىر ئايال.

— ئۇ ئايالنىڭ تەق - تۇرقى قانداقراق ئىكەن؟

— 40 ياشلار چامىسىدىكى دەيمەن، قارىماققا تولىمۇ ئوقۇمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئۇ ماڭا كىملىكىنى كۆرسەتكەن، ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭ فامىلىسى مى.

ئىشنىڭ نەتىجىسى چىققانىدى. لو جېنچېڭ ئاخىرى ئۆزى قەستەن ئېتىراپ قىلمايۋاتقان رېئاللىققا نائىلاج يۈزلەنگەنىدى. لو جېنچېڭنىڭ كاللىسى شۇئان قالايمىقانلىشىپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. ھەتتاكى چىش ئۇنىڭ لام - جىم دېمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا لو جېنچېڭ دەرھال ئېسىگە كېلىپ ئۇنى توختىتىۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئۇ ئايال سىزدىن ئۆينى قاچان ئىجارىگە ئالغان؟

— ئىككى يىل ئىلگىرى. ئۇ ئايال ئۆينىڭ ئىككى يىللىق ئىجارە ھەققىنى ئالدىن تۆلىۋەتكەن، مەن ھېسابلاپ كۆرەي، توغرا، ئۇ ئۆينىڭ ئىجارە مۇددىتى كېلەر ئايدا توشىدۇ.

لو جېنچېڭ بىرئاز تۇرۇپ كېتىپ، سوئالنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— سىز بايا مېنى چوقۇم كېلىدۇ دېۋىدىڭىز، بۇ نېمە گەپ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ھېلىقى ئايال شۇنداق دېگەن.

— ئۇ ئايال سىزگە يەنە نېمىلەرنى دېگەن؟

— باشقا سۆز دېگەندەكمۇ قىلمىغان. لېكىن مەلۇم بىركۈنى ئېھتىمال بىراۋ بۇ ئۆينى زادى كىمنىڭ ئىجارىگە ئالغانلىقىنى سوراپ-تۇرۇپ كېلىدۇ دېگىنى ھېلىھەم ئېسىمدە. مەن ئۇنىڭدىن ئەگەر ئۇ كىشى سوراپ تۇرۇۋالسا، ئەھۋالنى دەيمۇ-دېمەيمۇ دەپ سورىسام، ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن ھەقىقىي ئىشنى دېسەممۇ ياكى دېمىسەممۇ بولغۇدەك دەپ پەرەز قىلغانىدىم. مانا ئاخىرى دەۋەتتىم.

ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ بىر مەيدان ئەستايىدىل پىلانلانغان قىلتاق بولۇپ، باش لايىھەلىگۈچى دەل ئۆزىنىڭ ئايالى مى خۇڭ ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆز ساھەسىدىكى ئىشلارنىلا ئېپى-جېپىگە كەلتۈرۈپ قىلىپلا قالماي، باشقا ساھەدىكى ئىشلارنىڭمۇ پېشۋاسى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى كۆز ئالدىدىكى ماۋۇ خۇسۇسىي رازۋېدچىكتىنمۇ ئېشىپ چۈشكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېلىقى دېسكىنى لو جېنچېڭغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن باشلاپ، ئىزچىل ھالدا كونا سەنەم بويىچە لو جېنچېڭغا يوشۇرۇن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ كەلگەنىدى. قارىغاندا، پۇتكۈل ۋەقە مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، ئەتراپلىق پىلانلانغان، بۇ ئىككى يىل جەريانىدا، لو جېنچېڭ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، خۇددى جوۋازغا قوشقان كالىدەك، مى خۇڭ سىزغان سىزىقتىن چىقماي مېڭىپ كەلگەن. ھەتتا ھېڭگاڭ

چىشتىن ئىبارەت ئادەتتىكى بىر باققالمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى سېزىپ بولغانىدى. دېمەك، لو جېنچېڭ ئەخمەق بولماي نېمە؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، لو جېنچېڭ ئەلەم بىلەن ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

ئۇنىڭ باشلىرى ئىغىر، گاراڭ ـ گۇرۇڭ، ھەتتا قويغان تۇتقىنىنىمۇ بىلمەي قېلىۋاتاتتى. پۇت ـ قوللىرى ھېلىھەم ماغدۇرسىز بولغاچ، نائىلاج مى خۇڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيگە كېلىپ بىرئاز ئارام ئالدى. ئېھتىمال مى خۇڭمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە، ماۋۇ دۇربۇنىنىڭمۇ لو جېنچېڭغا مەسخىرىلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى؟ لو جېنچېڭ تىكلىمە دۇربۇنىنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۆيگە نەزەر تاشلىدى. خىيالىدا، مى خۇڭنىڭ تالاي قېتىم بۇ يەردە ئولتۇرۇپ يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئېرىنىڭ ئاشنىسى بىلەن ئۇچراشقاندىكى ھالىتىنى ھېس قىلىپ باقماقچى بولدى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر كى يۈرىكىنىڭ يولدىن چىققان مى خۇڭنى جۈملىدىن، ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بارلىق قىلمىشلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى سەزمەكتە ئىدى...

ناۋادا لو جېنچېڭ مى خۇڭنى كەچۈرمىسە، ئۇنى يەنە نېمىمۇ قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەچۈرۈش ياكى كەچۈرمەسلىكنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ھازىر لو جېنچېڭ بەئەينى ئەمبەلدىكى نىمجان بېلىققىلا ئوخشاپ قالغان، مى خۇڭ ئۇنىڭغا قىڭغىراقنى قانداق ئۇرىدۇ؟ مانا بۇ نۆۋەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. چۈنكى لو جېنچېڭنىڭ ئالتۇندەك دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن،

ھەتتا شۇنداق دەپ ئېنىق ئېيتىشقا بولاتتىكى، ئۇنىڭ ئەزەلدىنلا ئۇنداق يالقۇنلۇق دەۋرى ئەسلا بولۇپ باقمىغان!

لو جېنچېڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى مى خۇڭ ئىجارىگە ئالغان بۇ ئۆيگە سولىۋېلىپ، تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ۋە ئەلەم ئىلكىدە ساپمۇساق ئىككى كۈن ئۆيلاندى. بۇ جەرياندا، ئۇ تەرەپباللا ھېلىقى ئۆيدە شياۋجيەنىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدىلا تېلېفون ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، تۇساتتىنلا ئۆيئىچىگە ناتونۇش بىر جۈپ ئەر ـ ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆيئىچىگە تەپسىلىي نەزەر تاشلايتتى. شياۋجيەن بولسا ئۆزىگە تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. دەسلەپتە ئۇ كارىۋات ۋە ياستۇق كىرلىكىنى قاتلىدى، بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئەر ـ خوتۇنلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۆيئىچىدىكىلەر ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئاز ئۆتمەي شياۋجيەن يەنە بىر ناتونۇش ئەرنى باشلاپ كىردى، ئەر قولىدا پۇرلۇشۇپ كەتكەن بىرنەچچە خالتا كۆتۈرۈۋالغان، شياۋجيەننىڭ قوماندانلىقىدا بايىقى يىغىشتۇرۇلغان نەرسىلەرنى، كىتاب ـ ژۇرناللارنى، ھەتتا مېۋە تىزىدىغان تەخسىلەرگىچە ھېلىقى خالتىلارغا بىر ـ بىرلەپ تىققىلى تۇردى. بۇنىڭغا قوشۇپ دېرىزە پەردىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. شياۋجيەن قەددىنى رۇسلاپ، ھېلىقى ئەرنىڭ دېرىزە پەردىسىنى چۇشۇرۇۋاتقاندىكى ھالىتىگە قاراپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن، ئېھتىمال پەردىدىكى توپا ـ چاڭلار ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە قونۇپ، دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋاتـ

قان بولسا كېرەك، ئىختىيارسىز قولى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ قوياتتى.

لو جېنچېڭغا ھېلىقى پەردىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى خۇددى ئۆزىنىڭ ھايات سەھنىسى پەردىسىنىڭ چۈشۈرۈلۈۋاتقانلىقىدەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھېلىقىلار-نىڭ تاشلاندۇق خالتا بىلەن ئۆيدىكى نەرسىلەرنى بىرنەچچە قېتىم تو-شۇپلا ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقىغا كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دۇربۇن بىلەن يەنىلا ھېلىقى ئەر ـ ئايال ۋە شى-ياۋجيەنىڭ چىراي ئىپادىسىنى تەپسىلىي كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇلار قان-داقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە بىر پەس تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆيدىن ئايرىلدى، ئېنىقكى شياۋجيەن ئۆيىنى ئۇلارغا سېتىۋەتكەنىدى. قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق بىرنەچچە يۈزمىڭ يۈەنگە تەرەپبالىلا ئېرىشىش نېمە دېگەن ياخشى ئىش، دەپ ئويلىدى لو جېنچېڭ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا ئەلەم بىلەن.

لو جېنچېڭ دۇربۇن يېنىدىن ماغدۇرسىز ھالدا ئايرىلدى ۋە يان-دىكى كىرىپسلوغا ئۆزىنى تاشلىدى. بۇ كىرىپسلو ئەسلىدە تىكلىمە دۇربۇننىڭ قېشىغىلا جايلاشتۇرۇلغان، قېپى قېنىق كۆك رەڭلىك رەختتىن ئىدى. يۆلەنچۈك قېپى دۇمبە ۋە بەدەننىڭ تالاي قېتىم سۈر-كۈلىشىدىن پارقىراپ كەتكەن، ئىشلىتىلىش ئۇنۇمىدىن ھەقىقىي دېرەك بېرىپ تۇراتتى. لو جېنچېڭ ئىختىيارسىز ئۆزىنى يۆلەنچۈككە تاشلىۋېدى، ئىنتايىن راھەت بىلىنىپ كەتتى. بۇ خىل قىياپەتتە ئول-تۇرۇش، كۆزىنى يۇمۇپ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئىككى كۈندىن بۇيان بۇ كىرىپسلو لو جېنچېڭ-

نىڭ ئازابلىق خىياللىرىنىڭ داۋاللىشىشى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇن ـ تىنسىز تۆھپە كۆرسەتمەكتە ئىدى...

لو جېنچېڭ كۆڭلىدە مى خۇڭمۇ دائىم مۇشۇ سۇلكەتتە كىرىس-لىدا ئولتۇرۇپ، تېگى يوق خىياللارغا غەرق بولغان، ئېرىنىڭ ئۆزىنى قاپاقفا سېلىپ كولدۇرلىتىپ، مۇھەببىتىگە ساتقىنلىق قىلغان قىلى-مىشىغا قارىتا ئەستايىدىل ھالدا بۇ خىل قاقتى ـ سوقتى قىلىش ۋە-قەسى ئارقىلىق روھىي ئازاب بېرىش ئويۇنىنى پىلانلاپ چىققان دەپ ئويلىدى. شۇڭىمۇ كىرېسلونىڭ يۆلەنچۈكى مەزگىلسىز مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانىدى. لو جېنچېڭ توساتتىن «ئەجىر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ!» دېگەن ھېكمەتنى ئەسكە ئالدى.

لو جېنچېڭ يەنىلا خىياللار ئىلكىدە ئىدى، توساتتىن مى خۇڭدىن كەلگەن قىسقا ئۈچۈرغا كۆزى چۈشتى: «مەن ئەتىكى ئايروپى-لان بىلەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە يېتىپ بارىمەن!»

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ھۆرنگۈل نۇر
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئازات بارات
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم

# كۆك يىلان

---

**ئاپتورى:** جوۋ خەيلياڭ قاتارلىقلار
**تەرجىمە قىلغۇچى:** دىلشات قېيۇم نۇر
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 7 ـ قورۇ)
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى شەھىرى كېخىڭ رەڭلىك باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 8.875
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-3412-9

---

**باھاسى:** 22.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

ISBN 978-7-5469-3412-9
9 787546 934129
01>
定价：22.00元